
# نەسىردىن ئەپەندى

## لەتىپىلىرى قامۇسى


1



شىنجاڭ ياشلار ـ ئۆسمۈرلەر نەشرىياتى

مۇقاۋىنى لايىھىلىگۈچى: غالىب شاھ

# نەسىردىن ئەپەندى



ISBN 7-5371-5400-7

9 787537 154000 >


ISBN7 – 5371 – 5400 – 7
(民文)　总定价:50.00 元

# نەسىردىن ئەپەندى

## لەتىپىلىرى قامۇسى

1

تۈزگۈچى : ئەكبەر غۇلام



شىنجاڭ ياشلار - ئۆسمۈرلەر نەشرىياتى

责任编辑：萨黛缇·萨吾提
卡米拉·热合曼
责任校对：迪力亚尔·吐尔逊
封面设计：阿里甫·夏

# 阿凡提笑话大全(1)(维吾尔文)

艾克拜尔·吾拉木　编

新疆青少年出版社出版
(乌鲁木齐市胜利路100号 邮编：830001)
新疆新华书店发行
新疆金版印务有限公司印刷
850×1168毫米　32开本　15.75印张
2006年4月第2版　2006年4月第1次印刷
印数：1—3000

ISBN7—5371—5400—7　总定价:50.00元
如有印刷装订问题请直接同出版社调换

مەسئۇل مۇھەررىرلىرى: سائادەت ساۋۇت
كامىلە راخمان
مەسئۇل كوررېكتورى: دىلىيار تۇرسۇن
مۇقاۋىنى لايىھىلىگۈچى: غالىب شاھ

# نەسرىدىن ئەپەندى لەتىپىلىرى قامۇسى ( I )

تۈزگۈچى: ئەكبەر غۇلام

*

شىنجاڭ ياشلار - ئۆسمۈرلەر نەشرىياتى نەشر قىلدى
(ئۈرۈمچى شەھىرى غالىبىيەت يولى 100 - قورۇ، پ: 830001)
شىنجاڭ شىنخۇا كىتابخانىسىدىن تارقىتىلدى
شىنجاڭ جىڭبەن باسما چەكلىك شىركىتىدە بېسىلدى
ئۆلچىمى: 1168×850مم، 32 كەسلەم، باسما تاۋىقى: 15.875
2006 - يىل 4 - ئاي 2 - نەشرى
2006 - يىل 4 - ئاي 1 - بېسىلىشى
ISBN7 — 5371 — 5400 — 7
سانى: 1—3000
ئومۇمىي باھاسى: 50.00 يۈەن

بېسىلىشتا، تۈپلەشتە خاتالىق بولسا نەشرىياتىمىزغا ئەۋەتىڭ، تېگىشىپ بېرىمىز

# مۇندەرىجە


ئەپەندىمنىڭ تۇرنىسى ........................ 1
ھېچ گەپ يوق ئىكەن ........................ 2
بىرىنچى قېتىم ئالدامچىلىق قىلدىم ............ 4
يولۋاسنىڭ تېرىسىنى چېپىۋەتمەك ............ 6
مەن تېخى.............................. 7
تۇغۇتقا ياردەم ........................ 9
راست ئوخشايدۇ........................ 10
كالىنى ئۆزۈم ئالىمەن .................... 11
ئاغزىڭىزنىڭ چۆرىسىنى ئويۇپ قويسام كۈلمەيسىز...
............................................ 12
مەن مال دوختۇرى ئەمەس .................. 13
يوقالغان ئۈزۈك ........................ 14
ئامالسىزنىڭ گېپى........................ 15
ئېشەككە ئېشەك سۆيۈنچە .................. 16
تەڭدىن تولىسى مانا بۇياقتا .................. 17
ئىگىسىگە بېرىۋېتىپ قۇتۇلىمەن ............ 18
ئەمدى چىللىغىنىڭنى كۆرەي.................. 19
خۇرجۇندا .............................. 20
ھوشيار بۆرىلەر ........................ 21
ئارمان................................ 22

ئەخمەق ...... 23
ئىشىكنى سولاش ...... 24
تىكەن ...... 25
قەلەمچە ...... 26
قاغىنىڭ ئۆمرى ...... 27
بۆك زايە ئەمەسمۇ ...... 28
قىسىر ئىنەك ...... 29
ئەمدى ئارمىنىم يوق ...... 31
مەسلىھەتنى كىيىن قىلىمىز ...... 32
ئەپەندىم ۋە ھامال ...... 33
شەرمەندە قىلىمەن ...... 34
قۇدۇقتىكى ئاي ...... 35
ئىگەڭچىلىك ئەقلىڭ بولسا ...... 36
ئېگەردىن چۈشمىدىم ...... 37
ۋاپا قىلمىغان كەش ...... 38
بىر تۆگە زىيان تارتقۇچە ...... 39
قەيەردىن چىقىپ كەتتىكىنتاڭ ...... 40
غازنىڭ شورپىسى ...... 41
ھاسىنىڭ ئۇزۇن تەرىپى ...... 42
ئۆز پايدىسىنى بىلمىگەن ھايۋان ...... 43
يالىڭاچ ئەپەندىم ...... 44
خەزىنە ...... 45
توخۇغا قارىلىق تۇتۇش ...... 46
دانالار سۆھبىتى ...... 47
چۈشكە كىرگەن تالقان ...... 48

شەيتاننىڭ قىزى ........................ 49
ئىنساپ .................................... 50
بالاڭغىمۇ يەتمەيدىكەنسەن .......................... 51
مېنىڭ ھېسابىمچە بولغاندا .......................... 52
ھۆكۈم .................................... 53
ئەپەندىمنىڭ كۈركىسى ........................ 54
كونا بۆك .................................... 56
سەندەك خۇدانى قويە ........................ 57
قار ۋە سەۋزە .................................... 58
ئوتلاق .................................... 59
خاتا يولدىن قايتقان ئېشەك ........................ 60
ئېشىكىم بىچارە .................................... 61
سوغۇق .................................... 62
سىزنىڭكىمۇ .................................... 63
ئۆزىمۇ تار ئىدى ................................ 64
كۈچۈڭنى كۆرسەتكىنە ........................ 65
ئۆچ ئېلىش .................................... 66
شۇ كېلىشىڭ راست بولسا ........................ 67
ئالما كۆچىتى .................................... 68
ئۆزۈممىكىن دەپتىمەن ........................ 69
ئىككى كۆزىنى قىسىۋالسا ........................ 70
يامان بۇلاق .................................... 71
مەزىنى ئەخمەق، جامائىتى نائىنساب ........................ 72
خوتۇنۇم تونۇۋالار ................................ 73
بىرھازادىن كېيىن ئورنىڭىزدىن تۇرۇڭ ......... 74

بۇلۇتنىڭ سايىسى ............................ 75
قۇرۇق قول بارماسسىلەر؟ .......................... 76
چۈشىدىكى مەشىق ............................ 77
ئارقامدىكى كىشىدىن سوراڭ ........................ 78
يۈگەن .................................................. 79
باش يېرىشنى ئۆزۈمۇ بىلىمەن! ................... 80
ئەزان بىر كۈن ئېيتىلسا... ........................ 81
ياڭاق ۋە ئەنجۈر ......................................... 82
گۇناھ ئانىسىدا .............................. 83
پەرىجىنى تېپىپ كەل .......................... 84
ئەقىلسىز تۆگە .............................. 85
ساقال ............................................. 87
ئۆزىمىز ئوغرىلىۋالىمىز ................................ 88
ئاخىر بىر كۈن گۆرگە كىلىدۇ ...................... 89
ياشلىقىمۇ چاغلىق ئىدى ......................... 90
تەرىتىڭنى ئال - دە، كەشىمنى بەر ............. 91
چىقىمنى كىم تۆلەيدۇ ......................... 92
ئەپەندىم تېپۋىپ .............................. 93
خۇدانىڭ غەزىپى ........................................... 94
كەتمەن بىلەن چايجۇشنى سوقۇپ كېتىپتۇ ...... 95
نېمە قالىدۇ؟ ............................................ 97
ياڭاق يېمە ............................................ 98
تۇلكە ۋە بۆرە كۈچۈكى ...................... 100
سېنى خۇش بولۇپ قالسۇن دەپ ................. 101
تەمى ئوخشاش ............................... 103

ئېشەككە تەتۈر مىنىش ........................ 104
ناخشا ئېيتقاق موللام ........................ 105
ئۇ تۆگە ئەمەس ـ دە ........................ 108
مەن ئاۋۋال تەپتىم ........................ 109
ھەممىسى ئادەم چىشلەيدۇ ........................ 111
كاساپەت كۈن ........................ 112
ئېشەكنىڭ زارىدىن قېچىش ........................ 113
ساتىراش ........................ 114
مەرھۇم ئانامغا دۇئا قىلىمەن ........................ 115
بىر يىلدىن كېيىن... ........................ 116
تەڭ بۆلۈشىمىز ........................ 117
سېۋەتنىمۇ ئال ........................ 118
پۇل بەرگەن چالار ........................ 119
ياشلىقى يادىغا كېلىپ قاپتۇ ........................ 121
ئاۋۋال دادامنى تېپىۋالسام ........................ 122
پۇتۇڭلارنى تېپىۋالغانسىلەر ........................ 123
بىر كۈن نەچچە سائەت؟ ........................ 124
كىم ئېيتىپ بەرگەن ........................ 125
ئاستىراق سۆزلە ........................ 126
ئوغا ........................ 127
موللا بولىمەن ........................ 128
شاگىرت ........................ 129
قوي يېمەيدىغان بۆرە ........................ 130
ئەللىك قۇشقاچ ........................ 131
قۇدۇق ۋە نان ........................ 132

باشقىلار قىلالمايدۇ ........................ 133
بەش قولنىڭ ئىزى قالدۇ ........................ 134
ئېشەك ئوتنى يەپ بولۇپ كېتىپ قالدى ........ 135
جىگدە تالقىنى ........................ 136
قورساققا كىرىپ كەتكىنى ........................ 137
ئىشىك بىلەن چىقىپ كېتەي ........................ 138
بىز قانداق تېپىشقان؟ ........................ 139
ئېھتىيات قىلغان ياخشى ........................ 140
دادام ھەممىدىن ئەقىللىق ........................ 141
مەن ئادەم ئالداشنى ياخشى كۆرمەيمەن ........ 142
ئاللىقاچان يېرىلىپ كېتەتتى ........................ 143
يۇيمايلا يەۋېتىپتىمەن ........................ 144
سوپۇننى قانداق تازىلىغىلى بولىدۇ ........................ 145
نېمە ئېلىپ يەيسىز ........................ 146
سەن ئۇخلاپ قالغاندا چالىمەن ........................ 147
كۈن ئايدىن قورقىدىكەن ........................ 148
بېلىقنى قويۇپ بەردىم ........................ 149
موللامغا ئىشەنگىلى بولمايدىكەن ........................ 150
ئالتە چۈجە ........................ 151
كۆپكە مۈشۈكنى سېلىپ قويدۇم ........................ 152
رەھمەت، يەنە بىرنى بېرىڭ! ........................ 153
يەنە قانداقسىغا سېرىقماي يوقى قالسۇن؟ ........ 154
يالغان ئېيتىش ........................ 155
بوۋامنىڭ چېچى قانداق ئاقارغان؟ ........................ 156
جەمئىي ئۈچ ئەخمەق ........................ 157

پۇل ئۆتنە ئېلىش ........................ 158
چۈشۈمدە سەنمۇ بار تۇرساڭ .................. 159
ئۇنىڭ بالىسى بىلەن ئوينىغان.................. 160
مۇزدۇز بولسام بولغۇدەك ...................... 161
قېرى ئىت ................................ 162
بەش ئەزاسى يوق قوي........................ 164
ئاي بىلەن يۇلتۇز ........................... 165
خەلپىتىم نومۇرنىڭ ھەممىسىنى ئوغلىغا بېرىدۇ...
............................................ 166
شۇنداق ................................... 167
ياڭاق بۆلۈپ بەرگەننىڭ ھەققى ................ 168
داداڭغا ئوخشاپسەن ......................... 169
ئىشىك تۈۋىدىن قىمىرلىما ..................... 170
تېۋىپ ..................................... 171
ئىشان ۋە ساقال ............................ 172
ئارزۇ ..................................... 174
تاياق يېسەم روزام ئېچىلىپ كەتمەمدۇ؟ ......... 175
دادام بىلەن كېتىپ بارىمەن .................. 176
تۆگىنىڭ بويىنى نېمىشقا ئۇزۇن؟ ............... 177
ئالدىنىش دېگەن نېمە؟ ....................... 178
ئۇزۇن گىلەم ............................... 180
ھەممىدىن بەك نېمىدىن قورقىسەن؟ ............. 182
مۇزدەك ئاش ............................... 184
تېپىشماق .................................. 185
موزاينىڭ ئەرەبچىسى ........................ 186

بىرلا سوئال ........................................ 187
ئەخمەق ئىكەنسەن........................................ 188
دادامنىڭ ساقىلى چېچىدىن كېيىن چىققان....... 189
دادام بىلەن ئاپام ........................................ 190
سىنىڭ ئاچاڭ يوقمۇ؟ ........................................ 191
كۆن تۈتۈلغان كۈنى........................................ 192
مېنىڭ دادام........................................ 193
نان ........................................ 194
خۇداغا ھەمراھ بولۇش........................................ 195
دادىسىنىڭ بالىسى ........................................ 196
دانا ........................................ 197
يىقىلىپ چۈشىدۇ - دە! ........................................ 198
ئەگەر يول چىقىپ قالسا........................................ 199
ۋايۋايلىشىنى ئاڭلىمىسۇن دەپ ........................................ 200
ئىتتىن پەرقى يوق ........................................ 201
داداڭغا ئوخشاش ئەقىللىق بوپسەن ........................................ 202
ھەممىدىن نېمە چىرايلىق؟ ........................................ 203
دادامنىڭ چاپىنىنى كىيىۋاپتىمەن ........................................ 204
ئىككى بولاتتى ئەمەسمۇ؟ ........................................ 205
ئىسمىم خوجا نەسرىدىن موللا ئەپەندىم ........................................ 206
چاپسان - چاپسان ئۇخلاپ قالىمەن........................................ 207
بىر كەمبەغەلنىڭ ھېكايىسى ........................................ 208
بوپتۇ، بالام........................................ 209
دادام ئۇخلاپ قالدى ........................................ 210
تاشلىۋەتكەن ئوخشايدۇ دەپتىمەن ........................................ 211

سۇ چىقىدىغان نەرسىنىڭ ئىسمى ...... 212
ئۆز كۆزۈم بىلەن كۆرگىنىم يوق ...... 213
بەش چاقا ...... 214
تۆت پۇتلۇق هايۋان ...... 216
ئىش ئىزدەش ...... 218
كۆزۈم تورلىشىپ قاپتۇ ...... 219
مۇتتەهەم باي ...... 221
سېنىڭمۇ راست ...... 223
سىزمۇ ئۇيالمامسىز! ...... 224
ئەزرائىل ۋە ئەپەندىم ...... 225
ئۇخلاۋاتىمەن ...... 226
موللا شەيتان ...... 227
نېمە چارە ...... 228
ئىشىك ئېتىك ئىدىغۇ ...... 229
ئۆزۈممۇ بىلەلمەي تۇرىمەن ...... 230
كونا كېپەن، كونا گۆر ...... 231
يېزىلمىغان خەت ...... 232
يەلپۈگۈچ ...... 233
قېرى روزا ...... 234
ئاخىرى خەيرلىك بولسۇن ...... 235
ماڭا باب جامائەت ئىكەنسىلەر ...... 237
قاراڭغۇدا ئوڭ بىلەن سولنى نەدىن بىلەي ...... 238
نەق ئاش ...... 239
ئەپەندىم ۋە ئەزرائىل ...... 240
مايماق نان ...... 243

مەن يىغلىماي كىم يىغلىسۇن ........................ 244
گەپ بىر... ................................................ 245
خىجىللىقىمدىن يەيمەن......................... 246
ئىشىم ئالدىراش ................................. 247
مەن كۆكتاتنىڭ مالىيى ئەمەس .................. 248
تاشنى بىكارغا بەردىم ............................. 250
خانىشنىڭ «يېپىنچىسى» ........................... 251
سەۋەبى ئىككى ...................................... 253
ھېسابنى تۇگىتىش .................................. 254
ئاغرىق ياتقاندا جۆيلۈگىنىم بولسا كېرەك ...... 256
چېچىكىزدەك كۆپ ................................. 257
ئاغىنىسىدىن پۇل سوراش ......................... 258
ئۆيدە گۆش قالماپتۇ ............................... 259
ئوغرىنى تۇتقىلى بارىمەن............................ 260
ئىش ھەققى ......................................... 262
كۇن ۋە ئاي ........................................ 263
ئاغىنەم بولغىنىڭ ئۇچۇن ........................ 264
مەسچىت ۋە جامە ................................. 265
قاپىيە ............................................... 266
ئەپەندىم بىلەن ئالداركوسا ...................... 267
قوي يوقاتقاندىن سورا ........................... 269
نامازدىن قېچىپ .................................. 270
ئالتۇن ئۇزۇك ..................................... 271
تېتىتماي ساقلىدىم ............................... 272
تەڭشەلمىگەن جاھان ............................. 273

قەرز بولۇپ قالماسلىق ئۈچۈن .................. 274
تەڭلىشىپ كەتمەمدۇ؟ .......................... 275
مەنمۇ ئۆلگەن بولاتتىم.......................... 276
باشقىلارمۇ كۆرسۇن.............................. 277
شوتا ساتىمەن ........................... 278
نېمە قىلىشنى ئۆزۈم بىلىمەن....................... 279
چاشقان دورىسى ............................ 280
ئۇ كېيىنكى ئىش ............................ 281
قىممەت تۇخۇم............................... 282
پادىشاھنىڭ ئاجىزلىق تەرىپى ..................... 283
ئامانەتكە خىيانەت.............................. 285
ئۇستىدىكىسى ۋە ئاستىدىكىسى .................. 287
باشقىلارنىڭ قەرزىنى تۆلەپ قويۇش ............ 288
بېچارە ئېشىكىم ............................ 289
كېسەل ......................................... 290
بىتاقەت بولۇش ............................ 291
تەكىيە قىلاتتىم ............................ 292
باش كۆتۈرۈشكە دەرمان يوق .................... 293
ئىككى ساماۋار............................... 295
تارتىنچاق نان .............................. 296
ئىنچىكە ھېساب ............................ 297
قانداق ياتسا ئوبدان ئۇخلايدۇ؟ ................... 298
تايغاننىڭ ئۆزى بولىدۇ ........................ 299
بالىلارنىڭ تەلىپى.................................. 300
سائەت ئوندا ئويغىتىۋېتىدىغان بولسا ............ 301

بوقا ۋە بېلىق ............................ 302
بەرمەسنىڭ باھانىسى ......................... 303
گۆش ۋە پالتا ............................ 304
قىزىلئۆڭگەچكە ئوت كەتكەندە .................. 305
ناخشىچى .................................. 306
بات ...................................... 307
ئەتە قىيامەت بولسا ......................... 308
گوۋاھلىق بېرىش ............................ 310
دادىڭىزنى دوراپسىز .......................... 311
خۇدانىڭ ئۆزى بىلىدۇ ......................... 312
تەنە ...................................... 313
موھتاجلىقتىن .............................. 314
ئاۋۋال كۆزىڭىزنى ئەملەش كېرەك ............... 315
قازىنىڭ نەزىرى ............................ 316
«ئۇچار» بولسۇن ............................ 317
ياش ...................................... 318
پەرىجەم يېسۇن ............................. 319
پەرھىز .................................. 320
كىچىك ھاجى ............................... 321
ئۇستاپ قالغاندۇر .......................... 322
خاسىيەتلىك لاخشىگىر ........................ 323
خۇش خەۋەر ۋە شۇم خەۋەر .................... 324
گۇناھ خالتىسى ............................. 327
قەيەرگە ماڭدىڭىز ........................... 329
ئۆلۈكتىن سوراڭلار .......................... 330

جەننەت توشۇپ كېتىپ ........................ 331
ئۆز قولىغا بەردىم ........................ 332
ئۆكۈز مېنى ئالدى ........................ 333
مېھمان ........................ 334
سوئالغا يارىشا جاۋاب ........................ 336
ئەزىزلەر ........................ 337
گەپ سەللىدە ........................ 338
جەننەتتە مەسچىت بارمۇ؟ ........................ 339
ئەپەندىم — مەزىن ........................ 340
قورساقنىڭ قارغىشى ........................ 341
كېيىك دېگەن نېمىتى! ........................ 342
ئاق قوم ........................ 343
ئابى رەھمەت ........................ 344
گەپ خورازدا ........................ 345
ئۇ دۇنيانىڭ كەڭلىكى ........................ 346
نەزىرگە يارىشا ........................ 347
ئىسسىق جاي ........................ 348
ئەيىب ئۆزۈمدە ........................ 349
ھېچنېمە ........................ 351
سورالمىغان دەۋا ........................ 352
خۇشال بولۇپ توي قىلىمىز ........................ 353
سۇتخور ۋە تاغار ........................ 354
ئەپەندىمنىڭ تىلىكى ........................ 355
تىرناق يارىسى ........................ 356
ئەجەبا ........................ 357

ئۆزىنىڭ تونى ........................ 358
ئۆلپىتىنى كۆرگەندە ........................ 359
قازاننىڭ قازاسى ........................ 360
قولۇمنى ئېلىڭ ........................ 362
بىرلا نەرسە كەملىك قىلدى ........................ 363
قارىغۇ بەگ ........................ 364
قەيەردە قازى بولمىسا ........................ 365
مەنسەپكە لايىق ئۆي ........................ 366
ئوڭتەي - توڭتەي ........................ 367
ئېشەكنىڭ بېشى ۋە قۇلىقى ........................ 368
تاس قالدى ........................ 369
پەيغەمبەر ........................ 370
ئېشىكىم ئۇنىمايۋاتىدۇ ........................ 371
مۇپتى ........................ 372
تاش بوران قىلىۋېتىدۇ ........................ 373
قۇرئان ........................ 374
ئاۋارە بولۇپ يۇرمىسۇن ........................ 375
مەسچىتنى كۆچۇرۇپ كېتىڭ ........................ 376
مېنىڭچە بولسا ........................ 377
گال ئۇستىرا ........................ 379
جەننەت شۇنداق بولىدىغان بولسا ........................ 380
ئوغرىلىق قىلمىساڭ ........................ 381
تىلىمنى چىشىمغا باغلاپ قويدۇم ........................ 382
تىلىمنىڭ ئۇچىغا باغلاپ قويۇڭ ........................ 383
گۆش پىشمايدىغان قازان ........................ 384

ئىتىم يادىمغا كېلىپ قالدى ………… 385
پۇلغا دۇم چۈشمەك ………… 386
سىز چىداپ تۇرالىسىڭىزلا ………… 387
ئۆتكەن قېتىمقىدىكىدەك سېرىقمايىنى ئالىمەن ………… 388
كاللا دېگىلى بولامدۇ ………… 389
قىممەتلىك قىياپەت ………… 390
ئالىلىقاچان ئۆلۈپ كەتتىمىكىن دەپتىمەن ………… 391
ئەسلەش كۈچىدىن قالغان ئاغرىق ………… 392
پادىشاھنىڭ پىلى ………… 393
يۇرت بېگى ۋە ئىتلار بېگى ………… 396
قازاندىن ئايرىلىپ قالمىسام ………… 397
مېنىڭ ئىشتىھايىم ………… 398
جاننى قۇتقۇزغان بېلىق ………… 399
قۇرۇق نام ………… 401
تولدۇرما دەرس ………… 402
ئارتۇق يېرىنى ھەرىلىۋېتەي دەيمەن ………… 404
كەلمىسەڭلارمۇ بولىدۇ ………… 405
ياخشىسى بارماڭ ………… 406
چاچ چۈشۈرۈش ………… 407
قورسىقىمدىكى تاماق ………… 408
خاپا بولماڭ ………… 409
پىخسىقنىڭ كارامىتى ………… 410
ئىت بولغان بولسا ………… 411
كالاچىنىڭ مىجەزى ………… 412
قولۋاق سەيلىسى ………… 413

دوزاخنىڭ تۆرىدە ………………………… 414
يولنى بوشات ………………………… 415
تاشقى ئوغرى بىلەن ئىچكى ئوغرى ………… 416
پارچە نانلارنى قادىتىۋېلىڭ ………………… 417
ئۆچكە مۈڭگۈزى ………………………… 418
پاراڭلاشقاندا ………………………… 419
كالىلىسىغا ئەقىل تۇشۇپ كەتكەن ………… 420
ئۇخلىۋېلىپ كەلدىم ………………………… 421
ھەقنىڭ يېرىمى ………………………… 422
پۇل ۋە ئابرۇي ………………………… 423
يارلىقىڭىزنى يېزىۋاتىمەن ………………… 424
ئۆزۈمنى بىلىقمىكىن دەپتىمەن ………… 425
قۇيرۇق يەلپۈگۈچ ………………………… 426
ئېشەكنىڭ ئەقلى ………………………… 428
ئاتنىڭ ئۈستىدە ………………………… 429
نەق پاكىت ………………………… 430
ئۇمۇ پادىشاھ بولالايتتى ………………… 431
بىر تاۋاق تۇپا ………………………… 432
شۇملۇق ………………………… 434
ئېتىم پارا ………………………… 435
«ئەخمەقلەر خاتىرىسى» ………………… 436
قىش تەييارلىقى ………………………… 438
راھەتلىنىش ………………………… 439
ئۆلگەن ئادەم قانداقسىغا ئادەم قۇتقۇزىدۇ …… 440
مانا مۇشۇنداق سۇندۇرۇۋەتكەن ………… 441

ئۈچ ئەخمەق ........................... 442
قارا ساقال بىلەن ئاق ساقال ............... 443
گۆشمۇ بەك ئاز بولۇپ قاپتۇ ............... 444
ئەپەندىم ۋە ئوغرى ......................... 445
چاشقان مۈشۈككە يولۇققاندەك ................ 446
ئىلھام ۋە ھورۇن .......................... 447
مۈشۈ ئات ئاپارسۇن ........................ 448
قازىخانا .................................. 449
قازىنىڭ ئەقلى .............................. 450
ئۈزۈل - كېسىل ھاردۇق ئېلىش ............... 451
كىم كېپىللىك قىلالايدۇ ..................... 452
تاماقنى قانداق ۋاقىتتا يېسەم مۇۋاپىق بولىدۇ ...... 453
بولقا بىلەن قەلەم .......................... 454
ئادەم نېمىشقا ئەسنەيدۇ ..................... 455
نەدە ئىش بولسا شۇ يەرگە ................... 456
كۆز ئالدىدا، قولاق ئارقىدا .................. 457
راست گەپ بىلەن يالغان گەپ ................ 458
خوراز سوقۇشتۇرۇش بىلەن قوچقار سوقۇشتۇ-
رۇش ..................................... 459
ئەركەكزەدەك بېلىق ......................... 460
گۈۋاھلىق بېرىش ........................... 462
كالاچ كىتابى ............................. 463
پارىغا كەلگەن قوينىڭ ئۈستىخىنى .............. 464
بىز زالىم .................................. 465
ئېشەكمىنىڭ قۇيرۇقى ......................... 466

خۇدانىڭ ئەمرى ........................ 467
بىر سودىگەر كۆردۈم ........................ 468
ئىتنىڭ ۋەسىيىتى ........................ 469
ئۆلمىگەن بىزنىڭ جېنىمىز ........................ 471
ئىككى پەيغەمبەر ........................ 472
ئەيسا ۋە ئىمام ........................ 473
ئەپەندىم ۋە ئىمام ........................ 474
چاكىرى شۇنداق دانا بولسا ........................ 475
ئاغرىق يوقلاش ........................ 477
ئاخىرقى ئارزۇيۇم ........................ 478
ۋەسىيەت ........................ 480
ئەقىلگە ۋارىسلىق قىلىش ........................ 481
ئەمگەككە تايىنىپ مېۋە ئېلىش ........................ 482
ئاستىغا ئۆرۈپ قويۇش كېرەك ........................ 484

# ئەپەندىمنىڭ تۇرنىسى

ئەپەندىم ئېتىزدىن بىر تۇرنا تۇتۇۋاپتۇ. قارىسا بەكمۇ كېلەڭسىز تۇرغۇدەك. ئەپەندىم ئاۋۋال تۇرنىنىڭ قۇيرۇقىنى قىرقىپتۇ. قاراپ كۆرسە يەنە ياقماپتۇ، ئاندىن پۇتىنى كېسىپتۇ، قارىغۇدەك بولسا بوينى بەك ئۇزۇن كۆرۈنۈپتۇ. ئەپەندىم تۇرنىنىڭ بوينىنىمۇ كېسىپ تاشلاپ:

— مانا ئەمدى كۆڭۈلدىكىدەك قۇشقا ئوخشىدىڭ! — دەپتۇ.

(ئۇيغۇر)



# ھېچ گەپ يوق ئىكەن

ئەپەندىم «ئۇ دۇنيادىكى مۇنكىر - نەكىرلەرنىڭ سورىقى قانداق بولىدىكىن؟» دەپ ئويلاپ، ئۇنى بىر كۆرۈپ باققۇسى كەپتۇ - دە، زاراتگاھلىققا چىقىپ، بىر ئوچۇق گۆرگە كىرىپ يېتىپتۇ. بىردەمدىن كېيىن دۇپۇر - دۇپۇر قىلغان ئەنسىز ئاۋازلار ئاڭلىنىشقا باشلاپتۇ. ئەپەندىم «راستتىنلا مۇنكىر - نەكىرلەر كېلىۋاتقان بولسا كېرەك، كېلىشى بۇنچىلىك ھەيۋەتلىك بولغان يەردە، سورىقىغا چىداپ بولمايدىغان ئوخشايدۇ» دەپ گۆردىن چىقىپ كېتىۋاتسا، بىرمۇنچە ئاتلىق سودىگەرلەر ئالدىدىن چىقىپ قاپتۇ. تۇيۇقسىز يۈگۈرۈپ چىققان ئەپەندىمدىن ئۈركۈگەن ئاتلار بىرنەچچە سودىگەرنى يىقىتىپ تاشلاپتۇ. سودىگەرلەر ئەپەندىمنى تۇتۇۋېلىپ:

— كېچىدە نېمە قىلىپ يۈرگەن بەندىسەن؟ — دەپ سوراپتۇ.

— مۇنكىر - نەكىرلەرنىڭ سورىقىدىن قورقۇپ، گۆردىن قېچىپ چىققان ئۆلۈكمەن، — دەپ جاۋاب بېرىپتۇ ئەپەندىم. بۇ گەپكە سودىگەرلەرنىڭ تېخىمۇ ئاچچىقى كېلىپ ئەپەندىمنى تازا ئۇرۇپتۇ.

باش - كۆزى يېرىلىپ، سالپىيىپ كەلگەن ئەپەندىمنى كۆرگەن خوتۇنى:
— بۇ كېچىدە نەگە باردىڭىز؟ — دەپ سوراپتۇ.
— ئۇ دۇنيادىكى كۆرەي دەپ، شۇ ياققا بېرىۋىدىم، — دەپ جاۋاب بېرىپتۇ ئەپەندىم.
— باش - كۆزىڭىزگە نېمە بولدى، ئۇ دۇنيادا نېمە گەپ بار ئىكەن؟ — دەپ سوراپتۇ خوتۇنى يەنە.
— يۇگۇرۇپ چىقىپ سودىگەرلەرنىڭ ئىتىنى ئۇرۇپ كۆتۈۋەتمىسەڭ، ئۇ دۇنيادا ھېچ گەپ يوق ئىكەن، — دەپتۇ ئەپەندىم.

(ئۇيغۇر)

# بىرىنچى قېتىم ئالدامچىلىق قىلدىم

ئەپەندىمنىڭ چىشى ئاغرىپ كېتىپ، چىش تارتقۇچىنىڭ ئۆيىگە بېرىپتۇ. چىش تارتقۇچى كۆرۈپ: «چىشىڭىزنى تارتىش كېرەك ئىكەن» دەپتۇ. بىر تال چىشنى بىر تەڭگىگە تارتىدىكەن. ئەپەندىمگە بۇ بىرئاز قىممەت بىلىنىپتۇ، ئەمما تارتماقتىن باشقا ئامال يوق - دە.

— مەيلى، تارتىسىڭىز تارتىڭ! — دەپتۇ ئەپەندىم. ئەمما ئىچىدە يەنە: «بىر تال چىشنى بىر تەڭگىگە تارتتۇرسام قانداق بولغىنى، خەپ، سېنى بىر بابلىمىسام...» دەپ ئويلاپتۇ.

چىش تارتقۇچى ئاغرىق چىشنى تارتىشى بىلەن ئەپەندىم ئىرغىپ تۇرۇپ، ئۇنى شاپىلاق بىلەن بىرنى ساپتۇ ۋە:

— ئەخمەق، بىر چىشنى بىر تەڭگىگە تارتقىنىڭ يەتمەي، ساق چىشىمنى تارتقىنىڭ نېمىسى؟ — دەپتۇ.

چىش تارتقۇچى ئەپەندىمدىن كەچۈرۈم سوراپ، باشقا چىشىغا ئامبۇر ساپتۇ. چىشنى تارتىپ بولغاندىن كېيىن، ئەپەندىم يەنە جاڭجال سېلىپ:

— يەنە ساق چىشنى تارتتىڭ، قارىغۇ ئىكەنسەن.

چىش تارتىمەن دېگۇچە نېنىڭنى يېسەڭچۇ! — دەپتۇ.
چىش تارتقۇچى يەنە كەچۇرۇم سوراپ، ئۇچىنچى چىشنى تارتقاندىن كېيىن، ئەپەندىم خۇشال بولۇپ ئۆيىگە قايتىپتۇ.
يولدا ھىجىيىپ، قان تۇكۇرۇپ كېلىۋاتقان ئەپەندىمنى كۆرگەن بىر ئاغىنىسى:
— ھە، ئەپەندىم، ھىجىيىپلا قاپسىزغۇ، نېمە خۇشاللىق بار؟ — دەپ سوراپتۇ.
— ھەي ئاغىنە، سورىمايلا قوي، مەن ئۆمرۈمدە بىرىنى ئالدىغان ئەمەس ئىدىم، بۇگۇن چىش تارتقۇچىدىنى بىر ئالدىۋالدىم، بىر تەڭگىگە ئۇچ تال چىشىمنى تارتقۇزۇۋالدىم ئەمەسمۇ! ئاغزىڭدىن چىقارما! — دەپتۇ ئەپەندىم ئاغزىدىكى قاننى تۇكۇرۇپ تۇرۇپ.

(ئۆزبېك)

# يولۋاسنىڭ تېرىسىنى چېپىۋەتمەك

ئەپەندىم ئوۋ قىلغىلى بىر ئوۋچى بىلەن ئورمانلىق-
قا كىرىپتۇ، كەچكىچە ئايلىنىپ يۈرۈپ ھېچ نەرسە
ئوۋلىيالماپتۇ. كۆز باغلانغان بىر چاغدا تۇيۇقسىز بىر
يولۋاس ئېتىلىپ چىقىپ ئەپەندىمنى چىشلەپ ئېلىپ
مېڭىپتۇ. ئوۋچى «شارت» قىلىپ قىلىچىنى چىقىرىپ
ئەپەندىمنى قۇتۇلدۇرۇۋالماقچى بوپتۇ.
جېنىنى كۆزلىمەي، پۇلىنى كۆزلىگەن ئەپەندىم
«ئوۋچىنى يولۋاسنىڭ تېرىسىنى چېپىۋەتمىسۇن» دەپ
جېنىنىڭ بارىچە ۋارقىراپتۇ:
— ۋاي ئاكا، ھەرگىز يولۋاسنىڭ تېرىسىنى چې-
پىۋەتمەڭ، پۇتىنىلا چېپىڭ، بولمىسا يولۋاسنىڭ تې-
رىسى پۇلغا يارىماي قالىدۇ.

(ئىران)

# مەن تېخى...

بىر كۈنى، ئەپەندىم ئوغلى ئىككىسى ئېشىكىگە مىنىپ كېتىۋاتسا، بىر توپ ئادەم ھەدەپ پىرقىرىغىلى تۇرۇپتۇ. ئەپەندىمگە بۇ ئىش بەك قىزىق تۇيۇلۇپتۇ، شۇنىڭ بىلەن ئەپەندىممۇ ئۇلارغا قوشۇلۇپ پىرقىرىغىلى تۇرۇپتۇ.

ئەپەندىمنىڭ شامالدەك پىرقىراۋاتقىنىغا قاراپ، ھەممىسى بارىكاللا ئېيتىشىپتۇ. بىراق ئۇزاق ئۆتمەيلا، ئەپەندىمنىڭ بېشى قېيىپ يىقىلىپ چۈشۈپتۇ. شۇئاندا بىر مۇرىت كېلىپ، ئەپەندىمگە چاقچاق قىلىپ:

— ئەپەندىم، پىرقىرىغاندا توختىماستىن گەپ قىلىۋەرسىڭىز بېشىڭىز قايمايدۇ، — دەپتۇ.

— نېمە دېسەم بولىدۇ؟ — دەپ سوراپتۇ ئەپەندىم.

— «ئېشەكنى ساڭا بېرىمەن» دېسىڭىز بولىدۇ، — دەپتۇ مۇرىت.

ئەپەندىم ئورنىدىن تۇرۇپ، بۇ گەپنى چىن ئېتىقادى بىلەن تەكرارلىغىنىچە پىرقىراشقا باشلاپتۇ. يەنە كېلىپ بارغانسېرى تېزلەشتۈرۈپ، خۇددى غالجىرلىشىپ قالغاندەك تاكى ھوشىدىن كەتكۈچە پىرقىراپتۇ.

ئەپەندىم بىر چاغدا ھوشىغا كېلىپ قارىسا، ھېلى-

قى مۆرىتى بىلەن ئېشىكى يوق تۆرغان. ئەپەندىم ئاچ-
چىقى بىلەن بالىسىغا ۋارقىراپ:
— هەي بالام، ئېشىكىمىز قېنى؟ نېمىشقا ياخشى
قارىمىدىڭ، بەچچىخەرنىڭ بالىسى! — دەپتۇ.
— بىر كىشى كېلىپ ئېشىكىمىزنى ئېلىپ مېڭىـ-
ۋىدى، مەن ئالدىڭىغا يۈگۈرۈپ بارسام، سەن توختىماس-
تىن «ئېشەكنى ساڭا بەردىم» دەپ ۋارقىرىغىلى تۇر-
دۇڭ، مەن تېخى سېنى ئېشەكنى ئۇنىڭغا بەردىمىكىن
دەپتىمەن، — دەپتۇ ئوغلى.

**(ئافغان)**



# تۇغۇتقا ياردەم

ئەپەندىمنىڭ خوتۇنى تۇغۇش ئالدىدا تولغاق يەپ بەكلا قىينىلىپ كېتىپتۇ. ئەپەندىم بىر داسنىڭ ئىچىگە نەچچە تۇتام ياڭاقنى سېلىپ، خوتۇنىنىڭ قورسىقى ئۈستىدىن شاراقلىتىپ داسنى پۇلاڭلاتقىلى تۇرۇپتۇ. تولغاقتىن قىينىلىپ چىدىماي كېتىۋاتقان خوتۇنى ئاچ-چىقلىنىپ:

— هوي ئەپەندىم، ساراڭ بولۇپ قالدىڭىزمۇ، نېمە قىلىۋاتىسىز؟ — دەپ سوراپتۇ.

— جېنىم خوتۇن، سېنىڭ تۇغۇتىڭغا ياردەملىشى-ۋاتىمەن، بالا دېگەن ياڭاققا ئامراق بولىدۇ، ياڭاقنىڭ ئاۋازىنى ئاڭلىسا، ئۆزى يۈگۈرۈپ چىقامدۇ تېخى، — دەپتۇ ئەپەندىم.

(قازاق)

# راست ئوخشايدۇ

ئەپەندىم كوچىدىن ئۆتۈپ كېتىۋېتىپ قارىسا، بىر توپ بالا ياغاق ئويناۋاتقانىكەن، ئەپەندىم بالىلارنى ئالدىغۇسى كېلىپ:

— هوي بالىلار، بىلەمسىلەر، ئاۋۇ كوچىدا بىر ئادەم هەممەيلەنگە بىر دوپپىدىن ياغاق بېرىۋاتىدۇ، — دەپتۇ.

بالىلار چوقان كۆتۈرۈشۈپ شۇ تەرەپكە يۈگۈرۈشۈپتۇ. بۇنى كۆرگەن ئەپەندىم «ياغاق بېرىۋاتقىنى راست ئوخشايدۇ» دەپ، بالىلارنىڭ كەينىدىن ئۆزىمۇ يۈگۈرۈپتۇ.

**(ئۇيغۇر)**

# كالىنى ئۆزۈم ئالمەن

بىر كۈنى، ئەپەندىم كالىسىنى بازارغا ئاچىقىپ خېرىدارلارغا:
— بۇ كالىدىن بەكمۇ تويدۇم. تۇغۇپ ئالتە ئاي بولار - بولمايلا سۈت بەرمەيدۇ. ئۇنىڭ ئۈستىگە بىر كىشى تۇتۇپ تۇرمىسا ساغقۇزمايدۇ. يامانلىقىدىن بۇ يىلمۇ قىسىر قالدى. قېنى ئېلىڭلار، — دەپ ۋايساپتۇ.
ئەپەندىمنىڭ گېپىنى ئاڭلىغان خېرىدارلار كالىغا قاراپمۇ قويماپتۇ. ئەپەندىمنىڭ كالىسىنى ساتالمىغانلىقىنى كۆرگەن بىرەيلەن:
— ئەپەندىم، بۇنداق قىلسىڭىز كالىنى ساتالمايسىز، ئەكېلىڭ، مەن سېتىپ بېرەي، — دەپ كالىنى ئاپتۇ - دە، كەلگەن خېرىدارلارغا ماختاشقا باشلاپتۇ، — بۇ قالتىس سۈتلۈك كالا، بىر قېتىمدا بىر چېلەك سۈت بېرىدۇ. يىل ئاتلىماي تۇغىدۇ. ئۆزى ياۋاش.
بىرەيلەننىڭ سۆزىنى ئاڭلىغان ئەپەندىم:
— ھوي، ئەگەر شۇنداق بولىدىغان بولسا، ئەكەل كالىنى ئۆزۈم ئالىمەن، — دەپ كالىنى بىرەيلەننىڭ قولىدىن تارتىۋېلىپ يېتىلەپ كېتىپتۇ.

(تۈركمەن)

# ئاغزىڭىزنىڭ چۆرىسىنى ئويۇپ قويسام كۆلمەيسىز

ئاجايىپ كۈلگەك بىر ئادەم ئەپەندىمنىڭ قېشىغا كېلىپ شۇنداق دەپتۇ:

— ئەپەندىم، مەن كۈلكىلىك بىر ئىشنى ئاڭلىسام ياكى كۆرسەملا ئۆزۈمنى تۇتۇۋالالماي قاقاقلاپ كۈلۈپ كېتىمەن، قانداق قىلسام بولىدۇ، مەسىلەن، سىزنى كۆرۈپلا، — دەپ يەنە قاقاقلاپ كۈلۈپ كېتىپتۇ ـ دە، كۈلكىسىنى ئۆزاققىچە توختىتالماپتۇ.

ئەپەندىم بېلىدىكى پىچىقىنى ئېلىپ، تېخىچە كۈلۈپ توختىتالمايۋاتقان ھېلىقى ئادەمنىڭ قېشىغا كەپتۇ ـ دە، پىچىقىنى پۇلاڭلىتىپتۇ.

ھېلىقى ئادەم قورقۇپ كېتىپ كۈلكىسىنى توختىتىپتۇ ۋە دەرھال ئەپەندىمدىن:

— بۇ نېمە ئىش؟ — دەپ سوراپتۇ.

— ئاغزىڭىزنىڭ چۆرىسىنى ئويۇپ قويسام كۈلمەيسىز. مانا، ئەمدى كۈلمەيۋاتىسىزغۇ؟ — دەپتۇ ئەپەندىم.

(تۈركمەن)

# مەن مال دوختۇرى ئەمەس

بىر باي ئەپەندىمنىڭ قېشىغا كېلىپ:

— ئەپەندىم، بەزىلەر مېنى گەپ قىلغاندا تۈلكىگە ئوخشاپ قالىسىز، ئېچىرقىغاندا مۈشۈككە ئوخشاپ قالىسىز، ئاچ قالغاندا ئىتقا ئوخشاپ قالىسىز، ئارقىڭىزدىن قارىسا چاپانغا ئوخشايسىز دەيدۇ. بۇ كېسەلنىڭ داۋاسى بارمىدۇ، دەپ بەرسىڭىز؟ — دەپ سوراپتۇ.

— مەن مال دوختۇرى ئەمەس، ئەڭ ياخشىسى مال دوختۇرخانىسىغا بېرىپ بېقىڭ، — دەپ جاۋاب بېرىپتۇ ئەپەندىم.

(ئۆزبېك)

## يوقالغان ئۆزۈك

ئەپەندىم ئۆيىدە ئۈزۈكىنى چۈشۈرۈپ قويۇپتۇ. ئۆي قاراڭغۇ بولغانلىقى ئۈچۈن ئۈزۈكىنى تاپالماي كوچىغا چىقىپ ئىزدەشكە باشلاپتۇ. يولدا ئۆتۈپ كېتىۋاتقان بىر كىشى ئەپەندىمدىن:

— نېمىنى ئىزدەۋاتىسىز؟ — دەپ سوراپتۇ.

— ئۆيدە ئۈزۈكۈمنى يوقىتىپ قويغانىدىم، شۇنى ئىزدەۋاتىمەن.

— ئۆيدە يوقالغان نەرسىنى كوچىدا ئىزدەمدۇ كىشى؟

— قىزىقكەنسەن ئۆزۈڭ، ئۆي قاراڭغۇ بولغاندىكىن كوچىدا ئىزدىمەي قانداق قىلاي، — دەپتۇ ئەپەندىم.

(ئۆزبېك)

# ئامالسىزنىڭ گېپى

ئەپەندىم ئۈچكە تېرىسىدىن تىكىلگەن، ماڭسا غا-
چىلدايدىغان يېڭى بەتىنكىسىنى كىيىپ باغ سەيلىسىگە
كېتىۋاتقانىكەن، يولدا تېز ئاقىدىغان بىر ئېرىقتىن
سەكرەپ ئۆتكىچە بەتىنكىسىنىڭ بىرى ئېرىققا چۈشۈپ
ئېقىپ كېتىپتۇ.

ئەپەندىم بەتىنكىسىنىڭ يەنە بىر پېيىنى سالپتۇ -
دە، پېشى بىلەن ئۇنىڭ چاڭ - توپىسىنى سۈرتۈپتۇ ۋە
ئۇنىڭغا قاراپ:

— ھەمراھىڭ تارلىقىدىن تاپىنىمنى غاجاپ كېلى-
ۋاتاتتى، ئەجەب ياخشى بولدى، مانا ئەمدى يالاڭ ئاياغ
راھەت يۈرۈيدىغان بولدۇم، سەن ئۆيدە تۇرغىن، —
دەپتۇ.

(ئۇيغۇر)

# ئېشەككە ئېشەك سۆيۈنچە

ئەپەندىم ئېشىكىنى يوقىتىپ قويۇپ بازارغا بېرىپتۇ - دە:

— خالايىق، ئاڭلىمىدىم دېمەڭلار، ئېشىكىمنى يوقاتتىم. كىم تېپىپ ئەكېلىپ بەرسە، سۆيۈنچە ئورنىدا ئاشۇ ئېشىكىمنى بېرىمەن، — دەپ جار ساپتۇ.

كىشىلەر ھەيران بولۇپ:

— ئەپەندىم، ئېشەككە ئېشەك سۆيۈنچە بەرسىڭىز ئۆزىڭىزگە نېمە قالىدۇ؟ — دەپ سوراپتۇ.

— نېمە قالاتتى، ئېشەكنى تاپقىنىم قالىدۇ، — دەپ جاۋاب بېرىپتۇ ئەپەندىم.

(ئۇيغۇر)

# تەڅدن تولسى مانا بۆياقتا

ئەپەندىمنى خوتۆنى ماي ئەكېلىشكە ئەۋەتىپتۆ. ئەپەندىم يەتتە تەڅگىگە ماي ئاپتىكەن، ئاپارغان چىنىسى توشۆپ، يەنە بىرئاز ماي ئېشىپ قاپتۆ. ئەپەندىم چىندسىنىڭ كەيىنىنى ئۆرۆپ:

— قېنى، قالغان ماينى چىنىنىڭ بۆ يېقىغا قۆيۆڭ، ماي زايە بولمىسۆن، — دەپتۆ - دە، ئېشىپ قالغان ماينى چىنىنىڭ كەينىگە قۆيدۆرۆپ ئۆيىگە ئەكەپتۆ. بۆنى كۆرگەن خوتۆنى:

— ۋاي ئۆلەي، ئەكەلگەن مېيىڭىز مۆشۆمۆ، بۆ ماي نېمىگە يەتسۆن، — دېيىشىگە:

— ئالدىردىما، ماينىڭ تەڅددن تولسى مانا بۆياقتا، — دەپ ئەپەندىم چىنىنى ئۆرۆپتىكەن، چىندنىڭ كەينىدىكى مايمۆ تۆكۆلۆپ كېتىپتۆ.

(ئۆيغۆر)

# ئىگىسىگە بېرىۋېتىپ قۇتۇلىمەن

ئەپەندىم نامراتچىلىقتىن قۇربان ھېيتتا قۇربانلىق قىلالماپتۇ. ئۇ نامازدىن يېنىپ ئۆيىگە كېتىۋاتسا كوچىدا بىر ئۆچكە يۇرگۇدەك، ئەپەندىم ئۆچكىنى تۇتۇپ ئۆيىگە ئەكېلىپ قۇربانلىق قىپتۇ. بۇنى كۆرگەن قوشنىسى ئەپەندىمگە:

— ئەپەندىم، قىيامەتتە ئۆچكىنىڭ سورىقى بولسا قانداق قىلىسىز؟ — دەپتۇ.

— تېنىۋالىمەن، — دەپتۇ ئەپەندىم.

— تېنىۋالالمايسىز، ئەپەندىم، — دەپتۇ قوشنىسى، — قىيامەتتە ئۆچكىنىڭ ئۆزى تۇرۇپ گۇۋاھلىق بېرىدۇ.

— ئۇنداق بولسا تېخىمۇ ياخشى ئىكەن. قىيامەتتە ئۆچكە تىرىلىپ ئالدىمغا كەلسە، تۇتۇپلا ئىگىسىگە بېرىۋېتىمەن - دە، قۇتۇلىمەن، — دەپتۇ ئەپەندىم.

(ئۇيغۇر)

# ئەمدى چىللىغىنىڭنى كۆرەي

ئەپەندىمنىڭ خورىزى بىمەزگىل چىللاپ ئەپەندىمنى ئۇخلاتمايدىكەن.

بىر كۈنى تاڭ يورۇماستا ئۇيقۇسى بۇزۇلغان ئەپەندىم ئاچچىقىدا خورىزىنى تۇتۇۋېلىپ، يوغان قايچا بىلەن ئۇنىڭ قۇيرۇقى بىلەن تاجىسىنى كېسىۋېتىپتۇ.

— مانا ئەمدى مېكىيانغا ئوخشاپ قالدىڭ، ئەمدى چىللىغىنىڭنى كۆرەي، — دەپتۇ ئەپەندىم خورىزىنىڭ ئارقىسىدىن قاراپ.

**(ئۇيغۇر)**

# خۇرجۇندا

ئەپەندىم ئېشىكىنى ساتماقچى بولۇپ بازارغا ئېلىپ ماڭغانىكەن، ئېشىكىنىڭ قۇيرۇقىغا لاي يۇقۇپ قاپتۇ. ئەپەندىم «خېرىدارلارغا سەت كۆرۈنۈپ قالمىسۇن» دەپ ئېشىكىنىڭ قۇيرۇقىنى كېسىۋېلىپ خۇرجۇنىغا سېلىۋاپتۇ.

بازاردا بىر خېرىدار ئېشەكنى كۆرۈپ:

— ئېشىكىڭىز ياخشى ئىكەنتۇق، بىراق قۇيرۇقى يوققۇ؟ — دەپتۇ.

ئەپەندىم:

— باھايىڭىزنى دەۋېرىڭ، ئېشەكنىڭ قۇيرۇقى خۇرجۇندا، — دەپ خۇرجۇندىكى ھېلىقى قۇيرۇقنى چىقىرىپتۇ.

(ئۇيغۇر)

# هوشيار بۆرىلەر

ئەپەندىم خوتۇنىدىن ئۆلگەن ئادەم قانداق بولىدى- غانلىقىنى سوراپتىكەن، خوتۇنى: «ئادەمنىڭ بەدىنى سوۋۇپ كېتىدۇ» دەپ جاۋاب بېرىپتۇ. قىش كۈنى ئەپەندىم ئورماندىن ئوتۇن ئەكېلىشكە بېرىپ بەدىنى مۇزلاپ كەتكەنىكەن، ئۆزىنى تاشلاپ ئۆلگەندەك يېتى- ۋاپتۇ. بىرئاز ئۆتمەي كۆزىنى ئېچىپ قارىسا، تۆت - بەشچە بۆرە ئېشەكنى ئوتتۇرىغا ئېلىۋاپتۇ.

ئەپەندىم ياتقان يېرىدىن تۇرۇپ دەپتۇ:

— ئوھۇ، ھوشيار بۆرىلەر ئىكەن، ئىگىسى ئۆل- گىنىنى دەررۇ بىلىۋاپتۇ - دە!

(قىرغىز)

# ئارمان

دەريادا چۆمۈلۈۋاتقان ئەپەندىم دەرياغا تور تاشلاۋاتقان بېلىقچىلارنى كۆرۈپ قاپتۇ. ئەپەندىم شۇڭغۇپ بېرىپ تورغا كىرىپتۇ. بېلىقچىلار تورغا ناھايىتى يوغان بىر بېلىق چۈشتى دەپ ئويلاپ، تورنى دەررۇ تارتىشىپتۇ، قارىسا، نەسىردىن ئەپەندىم ھىجىيىپ تۇرغۇدەك.

— ئەپەندىم، بىزنى نېمىشقا ئەخمەق قىلىسىز؟ توردا نېمە قىلىپ يۈرىسىز؟ — دەپ سوراپتۇ بېلىقچىلار.

— ئۆزۈمنى بىرى بېلىق بولۇپ تورغا چۈشۈشنى ئارزۇ قىلىپ يۈرەتتىم، ئارماندا قالماي دەپ، تورغا ئۆزۈمنى ئاتتىم، — دەپتۇ ئەپەندىم.

(تۈرك)

# ئەخمەق

ئەپەندىم پادىشاھنىڭ ئالدىغا ھودۇقۇپ كىرىپ:

— مېنى خۇدا سىزگە ۋە سىزنىڭ پۇقرالىرىڭىزغا پەيغەمبەر قىلىپ ئەۋەتتى، ئەمدى ماڭا بىرمۇنچە خادىم، كېنىزەك، مەئىشەت جابدۇقلىرى بېرىسىز، — دەپتۇ.

پادىشاھ ئەپەندىمگە قاراپ كۈلۈپ:

— ئەخمەق، — دەپتۇ.

ئەپەندىم ئورنىدىن تۇرۇپ قول قوشتۇرۇپ:

— توغرا ئېيتتىڭىز، شاھىم، مەن ئەخمەق بولمىسام، خۇدا بىر ئېيتقانغىلا ئىشىنىپ قالاتتىممۇ، — دەپتۇ.

(قىرغىز)

******************************

# ئىشىكنى سولاش

ئەپەندىمنىڭ ھويلىسى ئۈچ تېمى بار ھويلا بولۇپ، بىر تەرىپى ئوچۇق تۇرىدىكەن. بىر كۈنى ئۇ سىرتقا چىقماقچى بولۇپ دەرۋازىسىغا قۇلۇپ ساپتۇ. بۇنى كۆرگەن بىر ئاغىنىسى ھەيران بولۇپ:

— ئەپەندىم، ھويلىڭىزنىڭ بىر تېمى يوق تۇرسا، دەرۋازىغا مۇشتۇمدەك يوغان قۇلۇپ سېلىپ قويغىنىڭىز نېمىسى؟ — دەپتۇ.

— دەرۋازىدا قۇلۇپ بارلىقىنى كۆرگەنلەر بىر قاراپلا مېنىڭ ئۆيدە يوقلۇقىمنى بىلىپ ھويلىغا كىرمەيدۇ - دە! — دەپتۇ ئەپەندىم.

— ئەگەر ئوغرى كەلسىچۇ؟ — دەپتۇ ئاغىنىسى قاقاقلاپ كۈلۈپ.

— مۇشتۇمدەك يوغان قۇلۇپ ئوغرىنىڭ مۇشتۇمدەك يۈرىكىنى قۇلۇپلىيالماسمۇ! — دەپتۇ ئەپەندىم.

(ئۇيغۇر)

# تىكەن

ئەپەندىم يالاڭ ئاياغ يەر ھەيدەۋاتسا پۇتىغا تىكەن كىرىپ كېتىپتۇ. ئەپەندىم پۇتىدىن تىكەننى سۇغۇرۇ-ۋېتىپ:

— ياخشى، ھېلىمۇ يالاڭ ئاياغ كەپتىمەن، كالىچەمنى كىيىپ كەلگەن بولسام تېشىلىپ كېتەتتىكەن، — دەپتۇ.

(ئۆزبېك)



# قەلەمچە

ئەپەندىم ئەتىيازدا باغقا كىرىپ قەلەمچە تىكىۋاتقان باغۋەندىن سوراپتۇ:

— نېمە تىكىۋاتىسىز؟

— تەك كۆچەت! ئەتىلىككە كۆكىرىپ ئۈزۈمگە كىرىدۇ، — دەپتۇ باغۋەن.

— ھەممىسى قۇرۇق ياغاچقۇ! — دەپتۇ ئەپەندىم ھەيران بولۇپ.

— ھە، يەر دېگەن قۇرۇق ياغاچنىمۇ كۆكەر-تىۋېتىدۇ.

— بولمىسا مېنىمۇ يەرگە كۆمۈپ قويۇڭ! — دەپتۇ ئەپەندىم.

باغۋەن كۈلۈپ ئەپەندىمنى بېلىگىچە كۆمۈپ قويۇپتۇ. ئەپەندىم چۈشكىچە سوغۇق شامال يەپ تۇرۇپ-تۇ، قورسىقى ئېچىپتۇ، بەدىنىگە زەيمۇ ئۆتۈپتۇ. باغ-ۋەن چۈشلۈك تاماققا ئولتۇرغاندا ئەپەندىم ۋارقىراپتۇ:

— ھەي باغۋەن! مەن بۇ يەردە تومۇر تارتىپ مېۋىگە كىرمەيدىغان ئوخشايمەن. ئىلاجى بولسا مېنى تاماققا يېقىنراق يەرگە تىكىسىڭىز!

(ئۆزبېك)

# قاغىنىڭ ئۆمرى

ئەپەندىم بازاردىن بىر قاغا سېتىۋاپتۇ. يولدا بىر ئاغىنىسى ئۇچراپ:

— ئەپەندىم، قاغا نېمىگە كېرەك بولۇپ قالدى؟ — دەپ سوراپتۇ.

— «قاغا مىڭ يىل ياشايدۇ» دېيىشىدۇ، شۇ راستمىكىن، سىناپ كۆرمەكچىمەن، — دەپ جاۋاب بېرىپتۇ ئەپەندىم.

(ئۆزبېك)

# بۆك زايە ئەمەسمۇ

ئەپەندىمنىڭ توخۇسى كۇرۇك بولۇپ قاپتۇ. ئەپەندىم «نەسىللىك توخۇ چىقىراي!» دەپ، بازاردىن يوغان - يوغان ئۈن تۇخۇم ئاپتۇ ۋە ئۈنى بۆكىگە سېلىپ ئۆيىگە مېڭىپتۇ.

يولدا كېلىۋېتىپ ئەپەندىم خىيال سۈرۈپتۇ: «ئۈن تۇخۇمنى پالاق قىلماي چىقارسا، بۇلارنىڭ ھەممىسى تۇغۇپ بەرسە، ھەر يىلى يۈزنى تۇغقاندا، قانچە تۇخۇم يەنە قانچە چۈجە بولىدۇ؟»... ئەپەندىم ھېسابنى ئېلىشتۇرۇپ قويۇپ يەنە باشقىدىن ساناشقا باشلاپتۇ. «سەككىز مىڭ مېكىيان»غا كەلگەندە ھېسابىنى يەنە يوقىتىپتۇ؛ يەنە باشقىدىن ساناپتۇ، يەنە شۇ سەككىز مىڭغا كەلگەندە يەنە ھېسابتىن ئېزىپتۇ - دە، قولىدىكى بۆكنى يەرگە ئۇرۇپ:

— شۇنداق ئەخمەق كاللىغا بۆك زايە ئەمەسمۇ! — دەپتۇ.

(ئۆزبېك)

# قىسىر ئىنەك

ئەپەندىمنىڭ بىر قىسىر ئىنىكى بار ئىكەن، ئۇ ئىنىكىنى بىرنەچچە قېتىم چاپتۇرۇشقا ھەرىكەت قىلىپ چاپتۇرالمىغاندىن كېيىن، سېتىشقا قارار قىپتۇ. ئۈچ - تۆت كۈن بېقىپتۇ، چارشەنبە كۈنى ئەتىگەنلىكى ئىنىكىگە ئىككى - ئۈچ چېلەك سۇ بېرىپ قورسىقىنى كۆپتۈرۈپ بازارغا ئاچىقىپتۇ. بىرسى ئاغىنىسىدىن ياخشىراق باھادا سېتىپ بېرىشنى سوراپتۇ.

ئىنەكنىڭ ئالدىغا ئالغۇچىلار كېلىشكە باشلاپتۇ. بىرسى ئىنەكنى:

— نەسىللىك ئىنەك، ھەر كۈنى ئوتتۇز ئاپقۇردىن سۈت بېرىدۇ. قورسىقىدا ئالتە ئايلىق بالىسى بار…، — دەپ ماختاشقا باشلاپتۇ.

ئەپەندىم «قورسىقىدا ئالتە ئايلىق بالىسى بار» دېگەن سۆزنى ئاڭلاپ، ئىنەكنى ساتمايدىغان بوپتۇ. ئەپەندىمنىڭ يېنىۋېلىشىنىڭ سەۋەبىنى چۈشىنەلمەي ھەيران بولغان بىرسى:

— نېمە بولدى، نېمىشقا يېنىۋالدىڭىز؟ — دەپ سوراپتۇ.

— مەن بۇنى چاپتۇرالمىغانلىقىم ئۈچۈن ساتماقچى

بولغانىدىم. سەن قورسىقىدا «ئالتە ئايلىق بالىسى بار» دەۋاتىسەن، چاپتۇرۇپ قويغانىكەنسەن، بالدۇراق ئېيت- ساڭ بولمامدۇ!

(ئۆزبېك)



# ئەمدى ئارمىنىم يوق

ئەپەندىم ئەگرى مۈڭگۈزلۈك بىر ئۆكۈز سېتىۋاپتۇ ۋە ئالغان كۈنىدىن باشلاپ ئۇنىڭ مۈڭگۈزىگە مىنىشنى ئارزۇ قىلىپ يۈرۈپتۇ. بىر كۈنى كوچىدىن كېلىپ قارىسا، ئۆكۈزى ئاپتاپتا ئۇخلاپ ياتقانىكەن. ئەپەندىم ئاستا كېلىپ ئۇنىڭ مۈڭگۈزىگە مىنىپتىكەن، ئۆكۈز بىردىنلا سىلكىپ ئەپەندىمنى يىقىتىۋېتىپتۇ، ئەپەندىم يەرگە قاتتىق چۈشۈپ ھوشىدىن كېتىپتۇ.

خوتۇنى چىقىپ ئەپەندىمنى كۆتۈرۈپ قوپقۇزۇپ، يۈزىگە سۇ سېپىپتۇ.

— ساراڭ بولۇپ قالدىڭىزمۇ، ئۆكۈزنىڭ مۈڭگۈزىگىمۇ مىنگەن بارمۇ؟ — دەپتۇ خوتۇنى.

— ھەي نادان، دۇنيادا ھەربىر ئادەمنىڭ بىر ئارزۇسى بولىدۇ، شۇ ئارزۇسىغا يەتسە، ئۆلسىمۇ ئارمىنى يوق. مېنىڭمۇ ئارزۇيۇم ئۆكۈزنىڭ مۈڭگۈزىگە مىنىش ئىدى، ئەمدى ئارمىنىم يوق، — دەپتۇ ئەپەندىم.

**(ئۆزبېك)**

# مەسلىھەتنى كېيىن قىلىمىز

ئەپەندىم بىر كۈنى قولىغا كەتمەن ئېلىپ ئورا كولاشقا باشلاپتۇ. بۇنى قوشنىسى كۆرۈپ:

— ئىشىڭىز ئىلگىرى بولسۇن، ئەپەندىم! نېمە قىلىۋاتىسىز؟ — دەپ سوراپتۇ.

— قۇدۇقتىن چىققان توپىنى كۆممەكچىمەن، — دەپتۇ ئەپەندىم.

— ئۇ توپىنى نېمە قىلىسىز؟

— ئۇنىڭ مەسلىھەتىنى كېيىن قىلىمىز، — دەپتۇ ئەپەندىم.

**(ئۆزبېك)**

# ئەپەندىم ۋە هامال

ئەپەندىم بىر ئاغىنىسى بىلەن بازاردىن بىر تاغار كۆممىقوناق ئېلىپ هامالغا كۆتۈرتۈپتۇ. قالايمىقانچىلىقتا هامال يىتىپ كېتىپتۇ.

ئارىدىن ئون كۈن ئۆتۈپ، ئەپەندىم يەنە شۇ ئاغىنىسى بىلەن بازارغا كىرىپتۇ، ئاغىنىسى يىراقتىن ھېلىقى هامالنى كۆرۈپ قېلىپ ئەپەندىمگە كۆرسىتىپتىكەن، ئەپەندىم قاچماقچى بوپتۇ.

— سىز هامالنى تۇتماقتا يوق، قاچىسىزغۇ؟ — دەپتۇ ئاغىنىسى.

— ھە، بۇرادەر، نېمىشقا قاچمايدىكەنمەن؟ — دەپتۇ ئەپەندىم، — هامال تاغىرىمنى ئون كۈندىن بېرى كۆتۈرۈپ يۈرگەن بولسا، بۇنىڭ ھەققىنى قەيەردىن تېپىپ بېرىمەن؟

(ئۆزبېك)

# شەرمەندە قىلىمەن

ئەپەندىمنىڭ ھويلىسىغا قوشنىسىنىڭ ئۆچكىسى كىرىپ گۈللىرىنى چەيلەۋېتىپتۇ، بۇنىڭغا ئەپەندىمنىڭ ئاچچىقى كەپتۇ ـ دە، ئۆچكىنى سويۇپ، گۆشىنى تۇزلىۋاپتۇ. قوشنىسى گۇمان قىلىپ، ئەپەندىمگە تەگكۈزۈپ قويۇش ئۈچۈن ئۇنى قەيەردە كۆرۈپ قالسا ئۆچكىسىنى ماختايدىغان بولۇۋاپتۇ. بىر كۈنى چايخانىدا: «ئۆچكەم كالىدەك كېلەتتى!» دەپتۇ. يەنە بىر كۈنى مەسچىتنىڭ ئالدىدا: «ئاتتەك كېلەتتى!» دەپتۇ. ئۈچىنچى كۈنى يەنە بىر جايدا ئۆچكىسىنى تۆگە بىلەن تەڭ قىپتۇ. ھەممىسىگە چىداپ كەلگەن ئەپەندىم بۇنىڭغا چىدىيالماي:

— ھوي قوشنا، ھەددىڭدىن ئېشىۋەرمە، ئۆچكەڭ كىچىك ئىدى، يالغان دەيدىغان بولساڭ، ھازىر تېرىسىنى ئاچىقىپ شەرمەندە قىلىمەن! — دەپتۇ.

(ئۆزبېك)

# قۇدۇقتىكى ئاي

ئەپەندىم كېچىسى قۇدۇقتىن سۇ تارتقىلى چىقىپ-
تۇ. ئاينىڭ قۇدۇقتىكى شولىسىنى كۆرۈپ، «ئاي قۇ-
دۇققا چۈشۈپ كېتىپتۇ، ئۇنى ئورنىغا چىقىرىپ قويماق
لازىم» دەپ قۇدۇققا چاڭگاك ساپتۇ. چاڭگاك قۇدۇق-
نىڭ چايچاپىغا ئىلىنىپ قالسا، ئەپەندىم «ئايغا ئىلىند-
گەن ئوخشايدۇ» دەپ بار كۈچى بىلەن ئارقانىنى تارتىپ-
تىكەن، ئارقان ئۈزۈلۈپ كېتىپ ئوڭدىسىغا چۈ-
شۈپتۇ - دە، كۆزى ئاسماندىكى ئايغا چۈشۈپتۇ.

— خۇدايا شۈكرى، جاپا چەكسەممۇ، ئاينى ئورنى-
غا چىقىرىپ قويۇپتىمەن، — دەپتۇ ئەپەندىم ئورنىدىن
دەس تۇرۇپ.

(ئۇيغۇر)

# ئىگەڭچىلىك ئەقلىڭ بولسا...

ئەپەندىم قىشتا ئېشىكىگە يانتاق ئارتىپ كېلىۋېتىپ مۇزلاپ كېتىپتۇ. «ئېشەك جانىۋارمۇ مۇزلىغان بولسا كېرەك، ھەر ئىككىمىلەن بىر ئاز ئىسسىنىۋالايلى» دەپ ئويلاپتۇ ــ دە، يانتاققا ئوت يېقىپتۇ. قۇرۇق يانتاق چاراسلاپ كۆيۈشكە باشلاپتۇ. ئېشەك بولسا ئۆلەر ـ تىرىلىشىگە باقماي قېچىپتۇ. ئېشەكنى قوغلاپ يېتەلمىگەن ئەپەندىم ئېشەكنىڭ كەينىدىن ۋارقىراپتۇ:

— ھاي ئېشىكىم، ئىگەڭچىلىك ئەقلىڭ بولسا، ئۆزۈڭنى سۇغا تاشلا!

(ئۇيغۇر)

*****************************

## ئېگەردىن چۈشمىدىم

ئەپەندىم ئوردىدا خىزمەت قىلىۋاتقان كۈنلىرىدە، پادىشاھ ئۇنىڭغا:

— ئەپەندىم، ئاتقا مىنىڭ ـ دە، ئېگەردىن چۈشمەي قازىنى چاقىرىپ كېلىڭ! — دەپتۇ.

ئەپەندىم ئاتنى چاپتۇرۇپ قازىنىڭ ئۆيىگە بارسا، قازى بىر قانچە مېھمىنى بىلەن پولو يەۋاتقانىكەن، ئەپەندىم ئاتنىڭ ئېگىرىنى ئېلىپ، مىنگەن پېتى ئۆيگە كىرىپتۇ ـ دە، ئېگەر ئۈستىدە ئولتۇرۇپ پولو يېيىشكە باشلاپتۇ. قازى ھەيران بولۇپ:

— ئەپەندىم، بۇ نېمە قىلغىنىڭىز؟ — دەپ سوراپتۇ.

— پادىشاھىئالەم ئېگەردىن چۈشمەي سىزنى چاقىرىپ كەل دېۋىدى، ئاتتىن چۈشسەممۇ ئېگەردىن چۈشمىدىم، — دەپتۇ ئەپەندىم.

(قازاق)

# ۋاپا قىلمىغان كەش

ئەپەندىم بىر ئېرىقتىن ئاتلىغانىكەن، پۇتىدىكى بىر پاي كەشى ئېرىققا چۈشۈپ ئېقىپ كېتىپتۇ. بۇنى كۆرگەن بىر كىشى كەشكە ئىچ ئاغرىتىپ:

— ھەي، ھەي، ئەپەندىم، بىر ئوبدان كەشىڭىز-دىن ئايرىلىپ قالدىڭىز -دە، — دەپتۇ.

ئەپەندىم ھەسرىتىنى يوشۇرۇپ:

— ئوبدانلىقى قۇرۇسۇن، ئىگىسىگە ۋاپا قىلمىغان كەشتىن قۇتۇلغىنىم مىلىك ياخشى، — دەپتۇ -دە، يولىغا كېتىۋېرىپتۇ.

(ئۇيغۇر)

# بىر تۆگە زىيان تارتقۇچە…

ئەپەندىمنىڭ بەش تۆگىسى بار ئىكەن. ئۇ تۆگىلە-
رىنى باقىلى ئاچىقىپ، كەچتە بىر تۆگىسىگە مىنىپ،
قالغانلىرىنى ھەيدەپ قايتىپتۇ. يولدا تۆگىلىرىنى ساند-
سا تۆگىسى تۆت چىقىپتۇ. ئۇ دەرھال مىنىۋالغان تۆ-
گىسىدىن چۈشۈپ سانىسا بەش چىقىپتۇ. ئەپەندىم خا-
تىرجەم بولۇپ تۆگىگە مىنىپ يەنە بىر قېتىم ساناپ
باقسا تۆگىسى يەنە تۆت چىقىپتۇ. ئەپەندىم تۆگىدىن
سەكرەپ چۈشۈپتۇ - دە، يەنە تۆگىسىنى ساناپتۇ. قارى-
سا تۆگىسى بەش ئىكەن. شۇنىڭ بىلەن ئەپەندىم:

— خەير، بىر تۆگە زىيان تارتقۇچە، تۆگىلەرنى
ياياق ھەيدەپ كەتكىنىم تۇزۇك ئىكەن، — دەپ، تۆگى-
لىرىنى ھەيدەپ ئۆيىگە قايتىپتۇ.

(قىرغىز)

# قەيەردىن چىقىپ كەتتىكىنتاك

بىر كۈنى، پادىشاھ ئوۋغا چىقماقچى بولۇپ ئەپەن-
دىمنى چاقىرتىپتۇ ۋە ئۇنىڭغا قارچىغىلارنى ئېلىپ
كېيىندىن بېرىشنى بۇيرۇپتۇ. ئەپەندىم پادىشاھنىڭ تازا
ئوبدان قارچىغىسىدىن ئۇچنى ئاپتۇ ۋە قاپقا سېلىپ
ئاغزىنى چىڭ بوغۇپتۇ. ئوۋ مەيدانىغا بارغاندا:
— ئەپەندىم، قارچىغىلار قېنى؟ — دەپ سوراپتۇ
پادىشاھ.
ئەپەندىم قاپنىڭ ئاغزىنى يېشىپ قارىسا، قارچى-
غىلار ئۆلۈپ قاپتۇ.
— قانداق گەپ بۇ! — دەپ كايىپتۇ پادىشاھ.
— پادىشاھئالەم، قاپنىڭ ئاغزىنى ناھايىتى ھەم
باغلىغانىدىم، قارچىغىلارنىڭ جېنى قەيەردىن چىقىپ
كەتتىكىنتاك، — دەپ جاۋاب بېرىپتۇ ئەپەندىم.

(ئۇيغۇر)

# غازنىڭ شورپىسى

ئەپەندىمنىڭ مىجەزى يوق بولۇپ قېلىپ، تېۋىپقا بارسا، تېۋىپ غاز شورپىسى ئىچىشنى بۇيرۇپتۇ.

ئەپەندىم بېلىگە ئىككى ناننى تۇگۈپ، قولىغا ئۇزۇن تاياقنى ئېلىپ شەھەر ياقىسىدىكى چوڭ كۆل بويىغا غاز ئوۋلىغىلى چىقىپتۇ. كۆلدە غاز كۆپ بولسىمۇ، ئەپەندىم كەچكىچە ئاۋارە بولۇپ بىرمۇ غاز تۇتالماپتۇ. ئاخىرى كەيپى ئۇچقان هالدا كۆل سۈيىگە ناننى چىلاپ ئولتۇرسا، بىر ئوۋچى كېلىپ قېلىپ:

— ئەپەندىم، نېمە قىلىپ ئولتۇرىسىز؟ — دەپ سوراپتۇ.

— ئاغرىقىمغا شىپا بولار دەپ غازنىڭ شورپىسىغا نان چىلاپ يەۋاتىمەن، — دەپ جاۋاب بېرىپتۇ.

(ئۇيغۇر)

# ھاسىنىڭ ئۇزۇن تەرىپى

ئەپەندىم قىرىغان كۆنلىرىدە، بىر دوستى ئەپەندىمگە چىرايلىق بىر ھاسا سوۋغا قىپتۇ. بىراق، ھاسا ئەپەندىمنىڭ بويىغا ئۇزۇنلۇق قىپتۇ. ئەپەندىم ھاسىنى بويىغا لايىقلاشتۇرۇش ئۇچۇن، ھاسىنىڭ باش تەرىپىدىن ئىككى غېرىچ كېسىۋېتىپتۇ ـ دە، باش تەرىپىگە لاتا ئورىۋاپتۇ.

بۇنى كۆرگەن كىشىلەر ھاسىغا ئىچ ئاغرىتىپ:

— ئىسىت، ئىسىت! ھاسىڭىز خويمۇ چىرايلىق ئىدى، بېشىنى بىكار كېسىۋېتىپسىز، ئۇزۇنلۇق قىلغان بولسا ئۇچىدىن كەسسىڭىز بولمايتتىمۇ، — دەپتۇ.

— ھاسىنىڭ بېشىغۇ چىرايلىق ئىدى، بىراق، ئۇزۇن كېلىپ ئېسىلىپ قالدىم. ھاسىنىڭ ئۇزۇن تەرىپى مۇشۇ بېشى تۇرسا! — دەپتۇ ئەپەندىم.

(ئۇيغۇر)

# ئۆز پايدىسىنى بىلمىگەن ھايۋان

ئەپەندىم دېڭىزنىڭ قىرغىقىدا كېمىچىلەرنىڭ كېمە يېرىقلىرىغا موم ئېرىتىپ سۈركەۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ سوراپتۇ:

— كېمىگە موم سۈركەپ، ئوتقا تۇتۇشنىڭ ھېك-مىتى نېمىدە؟

— موم سۈركەلسە، بىرىنچىدىن، كېمىگە سۇ كىرمەيدۇ. ئىككىنچىدىن، كېمە سىلىقلىشىپ تېز ما-ڭىدىغان بولىدۇ.

ئەپەندىم بۇنى كۆڭلىگە پۇكۇپ قويۇپتۇ. سەپەردىن يېنىپ كەلگەندىن كېيىن مومنى ئېرىتىپ ئېشىكىگە سۈركەپتۇ. ئېشەك بۇنىڭغا كۆنگەن بولسىمۇ، لېكىن ئاستىدىن يېقىلغان ئوتقا چىدىماستىن تېپچەكلەپ، ئۆزىنى ھەر تەرەپكە ئۇرۇپتۇ.

— ھەي، ئۆز پايدىسىنى بىلمىگەن ھايۋان! — دەپتۇ ئەپەندىم ئېشەككە قولىنى سىلكىپ.

(تۈرك)

# يالىڭاچ ئەپەندىم

بىر كۈنى ئەتىگىنى ئەپەندىم تېخى ئورنىدىن تۇر-مىغانىكەن، سىرتتا ئۆشتۈمتۇت بىر ئات ھارۋىسىنىڭ تاراقشىغان ئاۋازى ئاڭلىنىپتۇ. ئەپەندىم ئۆينىڭ ئىچىدە يېتىپ ھارۋىكەشتىن نەگە بارىدىغانلىقىنى ۋارقىراپ سوراپتۇ. ھارۋىكەش بۇ ھارۋىنىڭ سۇلھى شەھىرىگە بارىدىغانلىقىنى ئېيتىپتۇ. ئەپەندىم مۇشۇ ھارۋا بىلەن سۇلھى شەھىرىگە بېرىپ بىرئاز ئىشلىرىنى پۈتتۈرۈۋال-ماقچى بوپتۇ - دە، دەرھال ئورنىدىن تۇرۇپ كىيىم كېيىشنىمۇ ئۇنتۇپ قېلىپ قىپيالىڭاچ ھالدا ھارۋىغا چىقىپ ئولتۇرۇۋېپتۇ.

ھارۋا ماڭە - ماڭە سۇلھى شەھىرىنىڭ يېنىدىكى بىر يېزىغا يېتىپ كەپتۇ. يېزىدىكىلەر ئەپەندىمنىڭ قىپيالىڭاچ ھارۋىدا ئولتۇرغانلىقىنى كۆرۈپ ھاڭ - تاڭ قاپتۇ - دە، تەرەپ - تەرەپتىن:

— بۇ نېمە ئىش؟ — دەپ سورىشىپ كېتىپتۇ.

— سىلەرنى بەك سېغىنىپ كەتكەنلىكىمدىن ئۆي-دىن چىققۇچە ئالدىراپ كېتىپ، كىيىم كېيىشنىمۇ ئۇنتۇپ قاپتىمەن، — دەپ جاۋاب بېرىپتۇ ئەپەندىم.

(تۈرك)

# خەزىنە

ئەپەندىمنىڭ ئۆيىنىڭ كەينىدىلا قوشنىسىنىڭ ئېـ-
غىلى بار ئىكەن. بىر كۈنى ئەپەندىم تامغا قوزۇق
قاققانىكەن، تۆشۈك ئېچىلىپتۇ. تۆشۈكتىن شۇنداق
قارىسا، بىرنەچچە ئات ۋە قېچىر تۇرغۇدەك. شۇنىڭ
بىلەن دەرهال خـوتـۇنىنى چـاقىرىـپ، خـۇشاللىـ-
قىـدىن قىن - قىنىغا پاتماي:

— ئۆيىمىزنىڭ خەزىنىسىنى تېپىۋالدىم، كېلىپ
ماۋۇ كامارىدىن قارىغىنا، شۇنچە كۆپ ئات - ئۇلاغلىرى-
مىز تۇرۇپتۇ ئەمەسمۇ! — دەپتۇ.

(ئۆزبېك)

# توخۇغا قارىلىق تۇتۇش

كۆنلەرنىڭ بىرىدە ئەپەندىمنىڭ قېرى مېكىيىنى ئۆلۈپ قاپتۇ، ئۇ ئۆيگە كىرىپ، قارا رەختنى پارچە - پارچە يىرتىپ چىقىپتۇ - دە، كاتەكتىكى چۆجىلەرنىڭ بوينىغا بىر - بىرلەپ باغلاپ چىقىپتۇ، ئاندىن چۆجىلەرنى كاتەكتىن چىقىرىۋېتىپتۇ. بۇنىڭ نېمە ئىش ئىدكەنلىكىنى بىلمىگەن قوشنىلىرى ئۇنىڭدىن سوراپتۇ:

— ئەپەندىم، بۇ نېمە قىلغىنىڭىز؟

— چۆجىلەرنىڭ ئانىسى ۋاپات بولۇپ كەتتى، ئۇلارغا قارىلىق باغلاپ هازا تۇتقۇزۇۋاتىمەن، — دەپتۇ ئەپەندىم تەمكىنلىك بىلەن.

(تۈركمەن)

# دانالار سۆھبىتى

دانالار سۆھبىتىدە بىر دانا:
— سۇغا ئوت چۈشسە نېمە بولىدۇ؟ — دېگەن مەسىلىنى ئوتتۇرىغا قويۇپتۇ.
بىر دانا:
— بېلىقلار قېچىپ دەرەخكە چىقىۋالىدۇ، — دەپتۇ.
ئەپەندىم كۆرسەتكۈچ بارمىقىنى يۇقىرى كۆتۈرۈپ:
— خاتا! — دەپتۇ، — نېمە، بېلىق ئۆكۈزمىدى، دەرەخكە چىقىۋالىدىغان!

(تۈركمەن)

# چۈشكە كىرگەن تالقان

ئەپەندىم كېچىسى ئۇيقۇدىن ئويغىنىپ:

— تۇر، خوتۇن، ماڭا بىر تال قوشۇق ئېلىپ بەرگىن، — دەپتۇ.

خوتۇنى ھەيران بولۇپ:

— يېرىم كېچىدە قوشۇقنى نېمە قىلىسىز؟ — دەپ سوراپتۇ.

— چۈشۈمدە تالقان كۆردۈم، قولۇمدا يېسەم تۆ-كۈلۈپ كېتىۋاتىدۇ، قوشۇقتا يېسەم تۆكۈلمەسمىكىن دەيمەن، — دەپتۇ ئەپەندىم.

(ئۆزبېك)

# شەيتاننىڭ قىزى

ئەپەندىم خۇپتەن نامىزىغا ئىماملىق قىلىۋېتىپتىكەن، سەجدىدىن بېشىنى كۆتۈرۈپ قارىسا، مېھرابتا بىر گۈزەل قىز ناز قىلىپ تۇرۇپتۇ.

— كىمسەن، قۇرۇپ كەتكۈر؟ — دەپتۇ ئەپەندىم.

قىز يەنە ناز قىلىپ:

— مەن شەيتاننىڭ قىزىمەن. ھازىر سىزنى يولىڭىزدا ئۇرىمەن، — دەپتۇ.

— ھەي نادان، — دەپتۇ ئەپەندىم، — ئۆزۈڭ تەييار بولساڭ بولدى، مېنى يولدا ئۇرۇشىڭ ھاجىتى يوق…

(ئۆزبېك)

# ئىنساپ

ئەپەندىم خۇرجۇنىنىڭ ئىككى بېشىنى تولدۇرۇپ ئېشىكىگە ئارتىپتۇ ـ دە، ئۇستىگە ئۆزى مىنىپ ئۆيىگە مېڭىپتۇ. ئورۇق ئېشەك ئېغىر يۈك ئاستىدا ئارانلا قەدەم تاشلاپ مېڭىپتۇ. يولدا بىرى كۆرۈپ:

— ئەپەندىم! ئېشەككە بەك جەبىر قىلىپسىزغۇ! — دەپتۇ.

ئەپەندىمۇ ئېشىكىگە قاراپ ئۆزىچە ئىنساپقا كېلىپ:

— توغرا، بىچارە جانىۋارنىڭ يۈكى راستىنلا ناھايىتى ئېغىر بولۇپ كېتىپتۇ، — دەپتۇ ـ دە، ئېشەكتىن چۈشمەي، خۇرجۇننى ئېلىپ ئۆز مۈرىسىگە ئارتىپتۇ.

(ئۆزبېك)

# بالاڭغىمۇ يەتمەيدىكەنسەن

ئەپەندىم بىرەر ئىش تېپىپ ئىشلەش ئۈچۈن بۇرسا شەھىرىگە بېرىپتۇ. شۇنچە ئىزدەپ يۈرۈپمۇ ئىش تاپالماپتۇ. شۇ ئارىدا بىر كىشى ئۇنىڭغا:

— ھەي ئەپەندىم، ئەگەر سىز ھەر كۈنى سەھەردە چوڭ جامەگە كېلىپ بامدات نامىزىنى ئۆتەپ، چىن كۆڭلىڭىزدىن ئاللاغا دۇئا ـ تىلاۋەت قىلسىڭىز، قىرىق بىرىنچى كۈنىگە بارغاندا چوقۇم ئىش تاپالايسىز، — دەپتۇ.

ئەپەندىم شۇ كىشىنىڭ دېگىنى بويىچە قىپتۇ. قىرىق بىر كۈنمۇ بوپتۇ، لېكىن يەنىلا ئىش تاپالماپتۇ. بىر كۈنى، ئۇ كىچىك بىر مەسچىتكە كىرىپ بامدات ئوقۇپتۇ ۋە ناھايىتى ئىخلاسى بىلەن دۇئا ـ تىلاۋەت قىپتۇ. دەل شۇ كۈنى ئۇشتۇمتۇت ئىش تېپىلىپ قاپتۇ. شۇنىڭ بىلەن ئۇ ئالدىراپ چوڭ جامەنىڭ ئالدىغا بېرىپتۇ ـ دە، تازا ئاچچىقى بىلەن:

— ئىزا تارتساڭچۇ، سەن بالاڭغىمۇ يەتمەيدىكەنسەن! — دەپتۇ.

(تۈرك)

# مېنىڭ ھېسابىمچە بولغاندا

ئەپەندىم روزىنىڭ ھېسابىدىن ئاداشماسلىق ئۇچۇن ھەر كۈنى ئىپتاردىن كېيىن خالتىغا بىر تاش سېلىپ قويىدىكەن. ئەپەندىمنىڭ قىزى خالتىدىكى تاشلارنى كۆرۈپ: «دادام ماڭا بەشتاش يىغىپ بېرىۋېتىپتۇ» دەپ ئويلاپ، ئۆزى تاپقان تاشلارنىمۇ خالتىغا سېلىۋېرىپتۇ.

بىر كۈنى، قوشنىسى ئەپەندىمدىن سوراپتۇ:

— ئەپەندىم، بۈگۈن روزىغا نەچچە بولدى؟

ئەپەندىم «ھازىر» دەپلا ئۆيگە كىرىپ خالتىدىكى تاشلارنىساناپتۇ. تاش بىر يۈز يەتمىش ئىككى چىقىپتۇ. ئەپەندىم دەرگۇمان بولۇپ، قوشنىسىغا:

— بۈگۈن روزىغا يەتمىش ئىككى، — دەپ جاۋاب بېرىپتۇ.

قوشنىسى ھەيران بولۇپ:

— ئەپەندىم، بۇ قانداق ھېساب، بىر ئاي دېگەن ئوتتۇز كۈن تۇرسا، — دەپتۇ.

— مەن تېخى ئىنساپ بىلەن ئېيتتىم، — دەپتۇ ئەپەندىم، — مېنىڭ ھېسابىمچە بولغاندا، خۇدانى بىر يۈز يەتمىش ئىككى روزىغا قەرزدار قىلىمىز.

(ئۇيغۇر)

# ھۆكۈم

شەھەرنىڭ قازىسى ئەپەندىمنى ئورنىغا ۋاقىتلىق قويۇپ، ئۆزى ساياھەتكە كېتىپتۇ. ئىككى ئادەم دەۋالىشىپ قازىخانىغا كىرىپتۇ. ئۇلارنىڭ بىرى: «بۇ ئادەم مېنىڭ قۇلىقىمنى سوزدى» دېسە، يەنە بىرى بوينىغا ئالماپتۇ. ئەپەندىم قانداق سوراق قىلىپ، قانداق ھۆكۈم قىلىشىنى بىلمەي:

— چىقىڭلار، بىر سائەتتىن كېيىن ھۆكۈم چىقىرىمەن، — دەپتۇ.

ئەپەندىم تۈزۈكرەك ھۆكۈم چىقىرىش مەقسىتىدە بىر ئۆيگە كىرىپ ئۆزىنىڭ قۇلىقىنى سوزۇپ كۆرۈپتۇ، قۇلىقى قولىدىن چىقىپ كېتىپ، بېشى تامغا تېگىپ يېرىلىپ كېتىپتۇ.

بىر سائەتتىن كېيىن دەۋاگەر بىلەن جاۋابكار كەپتۇ. ئەپەندىم ھۆكۈمنى ئېيتىپتۇ:

— سېنىڭ دەۋايىڭ يالغان. سېنىڭ قۇلىقىڭنى بۇ ئادەم سوزغان بولسا، قۇلىقىڭ قولىدىن چىقىپ كېتىپ، بېشىڭ تامغا تېگەتتى. مېنىڭ ھۆكۈمىمگە ئىشەنمىسەڭ، مانا، بېشىمنى كۆرگىن...

(ئۇيغۇر)

# ئەپەندىمنىڭ كۆركىسى

ئەپەندىم بازاردا يۈرۈپ بىر قىزىق ھادىسىنى كۆ-رۈپتۇ: يوغانلىقى كەپتەردەك كېلىدىغان بىر قۇشنى ئون تەڭگىگە سودا قىلىشىپتۇ. ئەپەندىم ئويلاپ قاپتۇ: «پەررەندىلەرنىڭ بازىرى چاققانىكەن ـ دە! توخۇدىن كىچىك قۇشنى ئون تەڭگىگە سوراۋاتىدۇ، ئۇنداقتا كۆركىمىزنى يىگىرمە تەڭگىگە ئالسا كېرەك».

ئەپەندىم ئەتىسى كۆركىنى تۇتۇپ بازارغا ئەكىرىپ-تۇ. بىراق، ئۇنىڭ نەرخى يېرىم تەڭگىدىن ئاشماپتۇ. ئەپەندىم بازاربېشىغا ئەرز قىپتۇ:

— بۇ، نېمە گەپ؟ تۈنۈگۈن كۆركىنىڭ تۆتتىن بىرىگىمۇ تەڭ كەلمەيدىغان بىر پەررەندىنى ئون تەڭگىگە سودا قىلىپ تۇرغانىدىڭلار، بۈگۈن نېمە ئۈچۈن كۆر-كىنىڭ نەرخىنى چۈشۈرۈۋەتتىڭلار؟

— ئەپەندىم! — دەپتۇ بازاربېشى، — تۈنۈگۈن ئون تەڭگىگە سودا قىلغان قۇشىمىز تۆتى قۇش ئىدى. تۆتىنىڭ نەرخى ھەممە پەررەندىلەردىن ئۈستۈن بولىدۇ...

— سەۋەب؟ — دەپ سوراپتۇ ئەپەندىم.

— سەۋەبى، — دەپتۇ بازاربېشى، — تۇتى ئادەمگە ئوخشاش گەپ قىلىدۇ.

— تۇتى ئادەمگە ئوخشاش گەپ قىلسا، كۆركىمۇ ئادەمگە ئوخشاش ئۆنچىقماي تۇرىدۇ، — دەپتۇ ئەپەندىم.

(تۈرك)




# كونا بۆك

ئەپەندىم بىرەر بۆكمۇ ئېلىپ كىيەلمىگەنلىكىدىن نالە قىلىپ ئولتۇرغانىكەن، قوشنىسى ئاڭلاپ تامدىن بىر تال كونا، پىلتىسى چىقىپ كەتكەن بۆكنى تاشلاپتۇ. ئەپەندىم بۆكنى ئېلىپ كۆرۈپ قايتۇرۇپ تاشلىۋېتىپتۇ:

— مەن سەندىن كونا بۆك سورىغىنىم يوق، بۇنى جەبرائىل كىيسۇن!

(ئۆزبېك)



# سەندەك خۇدانى قويە

ئەپەندىم يوقسۇزچىلىقتىن زارلىنىپ، ھەر كۈنى خۇداغا نالە قىلىدىكەن. بىر كۈنى تامنىڭ تۈۋىدە ئولتۇ-رۇپ:

— خۇدايا خۇداۋەندە! نېمىشقا مېنى مۇنداق كەم-بەغەل ياراتتىڭ؟ پىچاق سۆڭەككە يەتتى. يا دۆلەت بەرگىن، يا جاننى ئال! — دەپتۇ.

ئەپەندىمنىڭ بۇ گەپلىرىنى تام ئارقىسىدىكى قوش-نىسى ئاڭلاپ تۇرغانىكەن، ئۇ ئويىنىشىپ بىر داڭگالنى ئاپتۇ - دە، تامنىڭ ئۈستىدىن ئەپەندىمنىڭ مۇرىسىگە تاشلاپتۇ. ئەپەندىم «ئۇھ!» دەپ مۇرىسىنى تۇتۇپ خۇ-داغا يەنە خىتاب قىپتۇ:

— دۆلەت سورىسا بەرمەيسەن، جاننى ئېلىشقا تەي-يارسەن، سەندەك خۇدانى قويە!

(ئۆزبېك)

# قار ۋە سەۋزە


ئەپەندىمنىڭ بىر ئاغىنىسى بۆكىنىڭ ئاستىغا بىر-نېمىنى يوشۇرۇپ قويۇپ، ئەپەندىمگە:
— قېنى، تېپىڭا، ئۇ نېمە؟ — دەپتۇ.
— بەلگىلىرىنى ئېيتىڭ، — دەپتۇ ئەپەندىم.
— ئۇستى ئاق، ئىچى سېرىق.
— تاپتىم، — دەپتۇ ئەپەندىم، — بىر سىقىم قار-نىڭ ئىچىگە سەۋزە تىقىپ قويغانسىز.

(ئۆزبېك)

# ئوتلاق

ئەپەندىم ئۆمرىدە كۆل كۆرمىگەنىكەن. ئاغىنىلىـ
ـرى ئۇنى بىر كۆلگە باشلاپ بېرىپتۇ. ئەپەندىم سۇنىڭ
تېگىدىكى ئوتلارنى كۆرۈپ:
— ئەگەر سۇ باسمىغان بولسا، راسا مال باقىدىغان
ئوتلاق ئىكەن ـ دە! — دەپتۇ.

(ئۆزبېك)



# خاتا يولدىن قايتقان ئىشەك

ئەپەندىم ئىشەكنى يوقىتىپ قويۇپ ئىزدەپ يۈرگەنىكەن. بىرى:

— ئىشىكىڭىز پالانچى مەسچىتتە ئىماملىق قىلىۋاتىدۇ، — دەپ قويۇپتۇ.

ئەپەندىم بەك خاپا بوپتۇ. «شۇنچە بوغۇزۇمنى يەپ، بىشىڭنى بۇلغاپ كەتكەن بولساڭ، تېخىمۇ بەتتەر بول» دەپتۇ ـ دە، ئۆيىگە قايتىپتۇ. ئۆيىگە بېرىپ قارىسا، ئىشىكى هويلىدا يانپاشلاپ ياتقۇدەك.

— هەي هارام، مىڭ قىلسا يەنىلا ئىشەكسەن ـ دە، خاتا يولدىن دەررۇ قايتىپسەن! — دەپتۇ ئەپەندىم.

(ئۆزبېك)

# ئېشىكىم بىچارە

ئەپەندىم چوڭقۇر يار ياقىسىدىن ئېشىكىنى ھەيدەپ ئۆتۈپ كېتىۋاتاتتىكەن، ئېشىكىنىڭ پۇتى تېيىلىپ يارغا غۇلاپ كېتىپتۇ. يۇقىرىدا تۇرۇپ، ئېشىكىنىڭ پۇتلىرىنى خۇددى قاناتقا ئوخشاش سىلكىپ چۈشۈپ كېتىۋاتقىنىنى كۆرگەن ئەپەندىم:

— ئېشىكىم بىچارە ئۇچۇشنى ئۆگەنگەنىكەنۇ، قونۇشنى بىلمەيدىكەن - دە! — دەپتۇ.

(ئۆزبېك)

# سوغۇق

ئەپەندىم كۆلگە تور سېلىپ بېلىق تۇتۇۋاتقانىكەن، بىردىن شامال چىقىپ، يامغۇر يېغىپ كېتىپتۇ. ئەپەندىم سوغۇقتىن تىترەپ تورغا ئورىنىۋاپتۇ ۋە ئۇنىڭ تۆشۈكىدىن بارمىقىنى چىقىرىپ:

— ۋاي، ۋاي، ۋاي ... تاشقىرى نېمىدېگەن سوغۇق - ھە! — دەپتۇ.

(ئۆزبېك)

# سىزنىڭكىمۇ

ئەپەندىم بىر كۈنى كوچىدا كېتىۋېتىپ بىر ئەينەك تېپىۋاپتۇ. ئەپەندىم ئەينەككە قاراپ ئۆزىنىڭ ئەكسىنى كۆرۈپتۇ ـ دە:

— كەچۈرسىز، بۇ ئەينەك سىزنىڭكىمۇ؟ — دەپ ئەينەكنى تاشلاپ كېتىپ قاپتۇ.

(ئۆزبېك)



# ئۆزىمۇ تار ئىدى

ئەپەندىم دەريا بويىدا كېتىۋاتقانىكەن، بىردىن شامال چىقىپ، بېشىدىكى بۆكىنى ئۇچۇرۇپ دەرياغا چۈشۈرۈۋېتىپتۇ. ئەپەندىم قانچىلىك قىلىپمۇ بۆكىنى دەريادىن ئالالماپتۇ، ئاخىرى ھېرىپ دەريا بويىغا كېلىپ ئولتۇرۇپتۇ - دە، سۇغا قاراپ:

— مەيلى، ئەكېتىۋەرگىن، ئۆزىمۇ بېشىمغا تار ئىدى! — دەپتۇ.

(ئۆزبېك)

# كۈچۈڭنى كۆرسەتكىنە

ئەپەندىم قوشنىسىدىن بىر تاۋاق ئۇن ئېلىپ كېلى-
ۋاتقانىكەن، بىردىن شامال چىقىپ ھەممە ئۇننى ئۇچۇ-
رۇپ كېتىپتۇ. ئەپەندىم قۇرۇق قالغان تاۋاققا تۇشقۇ-
زۇپ شېغىل تاش ساپتۇ ـ دە:

— يېنىك ئۇنغا كۈچۈڭ يېتىدۇ، قېنى كۈچۈڭنى
مۇنۇ تاشقىمۇ كۆرسەتكىنە! — دەپتۇ.

(ئۆزبېك)

***************************

# ئۆچ ئېلىش

ئەپەندىم ئېشىكىگە قوْدوْقتىن سوْ تارتىپ بېرىپتىكەن، ئېشىكى ئوْنىڭ بوْكىنى قوْدوْققا چوْشوْروْۋېتىپتوْ.

ئەپەندىم تېرىكىپ ئېشىكىگە ۋارقىراپتوْ:

— ۋاي هارىمى، سەن تېخى مېنى كەچوْرەمدىكىن دەپ ئويلاۋاتامسەن! ؟ — ئەپەندىم ئاچچىقىدا ئېشىكىنىڭ نوختىسىنى سوْغا چوْروْۋېتىپ سوْزىنى داۋاملاشتوْروْپتوْ، — سەن مېنىڭ بوْكوْمنى ئېلىپ بەرمەي توْروْپ نوختامنى قايتوْروْپ بېرەرمىكىن دەپ خام خىيال قىلما!

**(ئوْيغوْر)**

# شۇ كېلىشىڭ راست بولسا...

ئەپەندىم كوچىدا بىر ئادەمنى بىكاردىن ـ بىكارغا ئەخمەق دەپتۇ. ئۇ ئادەم ئەپەندىمنىڭ بېشىغا مۇشتۇمىدىنى تەڭلەپ كېلىپ:

— كىم ئەخمەق؟ — دەپتۇ.

قورقۇپ كەتكەن ئەپەندىم:

— شۇ كېلىشىڭ راست بولسا، مەن ئەخمەق، — دەپتۇ.

(ئۇيغۇر)

# ئالما كۆچىتى

ئەپەندىم ھويلىسىغا ئالما كۆچىتى تىكىپتۇ. ھەر كۈنى ئاخشىمى ئۇنى ئۆيگە قومۇرۇپ ئەكىرىپ، ئەتىدىگىنى يەنە ئاچىقىپ تىكىپ قويىدىكەن. بۇنى كۆرگەن قوشنىسى:

— ئەپەندىم، ئاخشىمى كۆچەتنى ئۆيگە ئەكىرىپ قويغىنىڭىز نىمىسى؟ — دەپ سورىسا، ئەپەندىم:

— ئۆزۈڭنى چىلك تۇت، قوشناڭنى ئوغرى تۇتما، دىگەن مۇشۇ، — دەپ جاۋاب بېرىپتۇ.

(ئۇيغۇر)

# ئۆزۈمىكىن دەپتىمەن

كۆنلەرنىڭ بىرىدە ئەپەندىم بازاردا كېتىۋېتىپ، بىر ئادەم بىلەن دوقۇرۇشۇپ قاپتۇ. ئەپەندىم دەرھال قول ئۈزىتىپ كۆرۈشمەكچى بوپتۇ. ھېلىقى كىشى ئەپەندىمنى تونىيالمىغانلىقتىن، تارتىنىپ سۆزلا كۆرۈشۈپتۇ.

— سورىغاننىڭ ئەيىبى يوق، سىز كىم بولىسىز؟ — دەپ سوراپتۇ ئەپەندىم.

ئۇ كىشى ھەيران بولۇپ:

— مېنىڭ كىم ئىكەنلىكىمنى بىلمىسىڭىز، نېمىشقا قول ئۈزىتىپ كۆرۈشتىڭىز؟ — دەپتۇ.

— قارىسام، بويىڭىز بويۇم بىلەن تەڭ، چاپىنىڭىز چاپىنىم بىلەن ئوخشاش تۇرىدۇ. شۇڭا سىزنى ئۆزۈمىكىن دەپ قول ئۇزىتىپتىمەن، — دەپتۇ ئەپەندىم.

(تۈركمەن)

# ئىككى كۆزنى قىسىۋالسا...

ئەپەندىمدىن بىر كىشى سوراپتۇ:

— ئەپەندىم، كىشىلەر مىلتىق ئاتقاندا، نېمىشقا بىر كۆزنى قىسىۋالىدۇ؟

— شۇنىڭغا ئەقلىڭ يەتمەمدۇ؟ — دەپ جاۋاب بېرىپتۇ ئەپەندىم، — ئەگەر ئىككى كۆزنى قىسىۋالسا، قانداق كۆرەلەيدۇ؟

(ئۇيغۇر)



# يامان بۇلاق

ئەپەندىم تومۇز كۈنلىرىدە سەپەرگە چىقىپتۇ، ئۇسسۇزلۇقتىن تاماقلىرى چاكىلداپ كېلىۋاتسا، يولدا بىر بۇلاق ئۇچراپتۇ. بىراق، بۇلاقنىڭ كۆزىگە قوزۇق قېقىپ قويۇلغانىكەن. ئەپەندىم كۈچەپ قوزۇقنى تارتىشىغا، يىغىلىپ قالغان سۇ ئېتىلىپ چىقىپ ئەپەندىمنىڭ ئۇستۇېشىنى ھۆل قىلىۋېتىپتۇ. ئەپەندىم قوزۇقنى دەررۇ بۇلاقنىڭ كۆزىگە تىقىپ:

— ھەي بەچچىغەر، يامانلىقىڭدىن كۆزۈڭگە قوزۇق تىقىپ قويۇشقانىكەن، — دەپتۇ ـ دە، يولىغا راۋان بوپتۇ.

(ئۆزبېك)

# مەزىنى ئەخمەق، جامائىتى نائىنساب

ئەپەندىم تۇرۇشلۇق يەردىكى مەسچىتلەرنىڭ مۇنا-رى يوق ئىكەن. بىر كۇنى ئەپەندىم چوڭ شەھەرگە بارسا، ئېگىز مۇنار ئۇستىدە مەزىن ئاخۇنۇم ئەزان توۋلاۋاتقانىكەن، ئەپەندىم بۇنى كۆرۈپ ھەيران بولۇپ:

«توۋا، شەھەر چوڭ بولسا، مەزىنى ئەخمەق، جا-مائىتى نائىنساب بولىدىغان ئوخشايدۇ، — دەپتۇ ئۆز - ئۆزىگە، — مەزىن ئەخمەق بولمىسا، شۇنچە ئېگىز نې-مىگە چىقىشتىن ئاۋۋال چۇشۇشىنىمۇ ئويلاپ كۆرسە بولمامدۇ! جېنىنىڭ بارىچە دادلاۋاتقان مەزىنگە پەرۋامۇ قىلمىغان جامائەتكە قارىمامدىغان، ھەقىقەتەن نائىنساب ئىكەن!»

(ئۇيغۇر)

# خوتۇنۇم تونۇۋالار

ئەپەندىم بازارغا بېرىش ئالدىدا يېتىپ كەتمەي دەپ بوينىغا ناسۋال قاپىقىنى ئېسىۋاپتۇ. بازاردا بىر قىزىقـ-چى ئادەم چاقچاق قىلىپ ئەپەندىمنىڭ ناسۋال قاپىقىنى بوينىدىن ئوغرىلىۋېلىپ ئۆزىنىڭ بوينىغا ئېسىۋاپتۇ. ئارىدىن بىرئاز ۋاقىت ئۆتكەندىن كېيىن، ئەپەندىم:

— ھەي بۇرادەرلەر! كەمىنە موللا نەسىردىن يو-قالدىم. كۆرگەن - بىلگەنلەر بولسا ساۋابلىق ئۈچۈن خوتۇنۇمغا مەلۇم قىلىپ قويسۇن! — دەپ چۇقان ساپتۇ.

ئەپەندىم شۇنداق چۇقان سېلىپ يۈرۈپ، بوينىغا ناسۋال قاپىقىنى ئېسىۋالغان ھېلىقى كىشىنى كۆرۈپ قاپتۇ، دەرھال ئۇنىڭ ئالدىغا بېرىپ:

— سېنى مەن دېسەم ساقىلىڭ يوق، ئۆزۈمنى ئۆزۈم دېسەم بوينۇمدا ناسۋال قاپىقىم يوق. بۈگۈن ھويلىغا قايسىمىز بارىمىز؟ كەل، ئىككىمىز بارايلۇق، خوتۇنۇم ئۆزى تونۇۋالار، — دەپتۇ.

(ئۆزبېك)

# بىرھازادىن كېيىن ئورنىڭىزدىن تۇرۇڭ

ئەپەندىم تېۋىپلىق قىلىپ يۈرگەن چاغلىرىدا، چىدىرايى ھارغىن، قوشۇمىسى تۈرۈلگەن بىر كىشى ئەپەندىمگە ھال ـ ئەھۋال ئېيتىپ، مۇنداق دەپتۇ:

— ئەپەندىم، ھەر كۈنى سەھەردە ئورنۇمدىن دەس تۇرسام، بىرھازاغىچە بېشىم قېيىپ، كۆزلىرىم ئىمىر ـ چىمىر بولۇپ كېتىدۇ.

ئەپەندىم سەل ئويلانغاندەك تۇرۇپ:

— ئۇنداق بولسا بىرھازادىن كېيىن ئورنىڭىزدىن تۇرۇڭ! — دەپتۇ.

(تۈركمەن)

## بۇلۇتنىڭ سايىسى

ئەپەندىم كەڭ دالىدا ئۇ ياق - بۇ ياققا قاراپ بىر نەرسىنى ئىزدەپ يۈرگىدەك. بۇنى كۆرگەن بىر كىشى:

— ئەپەندىم، نېمە ئىزدەۋاتىسىز؟ — دەپ سوراپتۇ.

— تۈنۈگۈن بۇ يەرگە ئازراق پۇل تىقىپ قويغان، تىقىپ قويغان يېرىمنى تاپالمايۋاتىمەن! — دەپ جاۋاب بېرىپتۇ ئەپەندىم.

— بىرەر بەلگە قىلىپ قويمىغانمۇ؟ — دەپ سوراپتۇ ھېلىقى كىشى.

— بەلگىنى كۆرۈپ قويغان! — دەپتۇ ئەپەندىم.

— قانداق بەلگە ئىدى ئۇ؟

— تۈنۈگۈن مۇشۇ يەردە بىر بۇلۇتنىڭ سايىسى بار ئىدى، — دەپ جاۋاب بېرىپتۇ ئەپەندىم.

(تۈركمەن)

# قۇرۇق قول بارماسسىلەر؟

بىر كۈنى، ئەپەندىم بىرنەچچە ئاغىنىلىرىنى ئۆيىگە مېھمانغا ئېيتىپتۇ. قايتىشتا:

— ئاغىنىلەر، ۋاقتىدا بېرىڭلار، كېچىكىپ قالماڭلار، ئۆيگە بارغاندا پۇتۇڭلار بىلەن ئىشىكنى تېپىپ ئېچىپ كىرىۋېرىڭلار، ئىشىكنى تاقىمايمەن! — دەپتۇ.

— ئىشىكىڭىزنى نېمىشقا قولىمىز بىلەن ئىتتىرىپ ئاچماي، پۇتىمىز بىلەن تېپىپ ئاچقۇدەكمىز؟ — دەپ سوراپتۇ ئاغىنىلىرىنىڭ بىرى.

ئەپەندىم دەرھال:

— ئالاھىدە مېھمانغا چاقىرغاندىكىن، ھەممىڭلار قۇرۇق قول بارماسسىلەر! — دەپ جاۋاب بېرىپتۇ.

(تۈركمەن)

## چۈشىدىكى مەشىق

ئەپەندىم لەشكەر بولغان چاغلىرىدا كۈندە: «سولغا بۇرۇل! ئوڭغا بۇرۇل!» دەپ تولا مەشىق قىلىپ ھېرىپ - چارچاپ كەتكەچكە، ئۆيگە كەلگەن ھامان ياستۇققا بېشىنى قويۇپلا خورەكنى دۈك تارتىپ ئۇخلاپ قالىدىكەن.

ئەپەندىمنىڭ خورىكىدىن بىزار بولغان خوتۇنى ئۇيان ئۆرۈلۈپ، بۇيان ئۆرۈلۈپ زادى ئۇخلىيالماي، ئاخىرى ئەپەندىمنىڭ قۇلىقىغا ئاغزىنى يېقىن ئەكېلىپ:

— ئوڭغا بۇرۇل! — دەپ بىر ۋارقىراپتىكەن، ئەپەندىم چۈشىدە مەشىق قىلىۋاتقان ئوخشايمەن دەپ، دەرھال ئوڭغا بۇرۇلۇپ خورەكنىمۇ توختىتىپ ئۇخلاپ قاپتۇ.

(تۈركمەن)

# ئارقامدىكى كىشىدىن سوراڭ

ئەپەندىم ناماز ئوقۇغىلى مەسچىتكە بېرىپتۇ، ئۇ-نىڭ چاپىنى قىسقا بولغاچقا، ئالدىغا ئېڭىشكەندە كەينى تەرىپى ئېچىلىپ قاپتۇ. ئارقىدا تۇرغان كىشى «سەت بولىدىكەن» دەپ، ئەپەندىمنىڭ چاپىنىنى پەسكە تارتىپ قويۇپتۇ. ئەپەندىممۇ دەرھال ئالدىدا تۇرغان كىشىنىڭ چاپىنىنى تارتىپ قويۇپتۇ.

— نېمە بولدى، ئەپەندىم؟ — دەپ سوراپتۇ ئالدى-دىكى كىشى.

— مەندىن سورىماي، ئارقامدىكى كىشىدىن سو-راڭ، ئاۋۋال شۇ كىشى مېنىڭ چاپىنىمنى تارتتى، — دەپ جاۋاب بېرىپتۇ ئەپەندىم.

**(ئافغان)**

# يۇگەن

ئەپەندىم ئېشىكىنىڭ يۇگىنىنى يوقىتىپ قويۇپ، بىرنەچچە كۈن ئۆتكەندىن كېيىن، بىر ئاتنىڭ بېشىدا كۆرۈپ قاپتۇ. ئەپەندىم ئاستا بېرىپ ئاتنىڭ قۇلىقىغا پىچىرلاپ:

— بۇ يۇگەن ساڭا ياراشماپتۇ، ئېشەككە ئوخشاپ قاپسەن! — دەپتۇ.

(ئۆزبېك)



# باش يېرىشنى ئۆزۈممۇ بىلمەن!

ئەپەندىم يامغۇردىن ئۈشۈپ كەتكەن بىر ئىمارەتنىڭ كەينىدە خۇدادىن بايلىق تىلەپ مۇناجات قىلىۋاتاتتىكەن، تامنىڭ ئۈستىدىن بىر خىش چۈشۈپ كېتىپ، بېشى يېرىلىپ كېتىپتۇ. ئەپەندىم ئېقىۋاتقان قاننى پېشى بىلەن ئېرتىپ تۇرۇپ خۇداغا خىتاب قىپتۇ:

— مەن سېنىڭدىن بايلىق تىلەۋاتىمەن، پەرۋەردىگار، باش يېرىشنى ئۆزۈممۇ بىلمەن···

(تۈركمەن)

# ئەزان بىر كۈن ئېيتىلسا...

ئەپەندىم تالڭ سەھەردە بىر مەسچىتنىڭ يېنىدىن ئۆتۈپ كېتىۋېتىپ قارىسا، مەزىن ئەزان ئېيتىۋاتقاندەكەن. شۇ جايدىن ئاخشىمى ئۆتۈپ كېتىۋېتىپ قارىسا، مەزىن يەنە ئەزان ئېيتىۋېتىپتۇ.

— يائاللا، ئەزان بۇنداق بىر كۈن ئېيتىلسا، نامىزى نەچچە كۈن ئوقۇلاركىن... ، — دەپتۇ ئەپەندىم.

(ئۇيغۇر)

# ياخاق ۋە ئەنجۈر

بىر كۈنى، ئەپەندىم پادىشاھقا ياخاق سوۋغا قىلـ-ماقچى بوپتۇ. پادىشاھنىڭ ئەنجۈرنى يامان كۆرىدىغانـ-لىقىنى بىلىدىغان بىر كىشى ئەپەندىمگە:

— ئەپەندىم، پادىشاھ ياخاقنى ياقتۇرمايدۇ، ئەنـ-جۈر ئاپىرىڭ، — دەپ يول كۆرسىتىپتۇ. ئەپەندىم پادىـ-شاھقا ئەنجۈر ئاپىرىپتىكەن، پادىشاھنىڭ ئاچچىقى كېـ-لىپ ئەپەندىمنى ئەنجۈر بىلەن ئۇرۇشنى بۇيرۇپتۇ. ئەپەندىم ھەربىر ئەنجۈر بېشىغا تەگكىنىدە بىر قېتىم «خۇداغا شۈكۈر» دەپتۇ. پادىشاھ ھەيران بولۇپ:

— ئەپەندىم، تاياق يېگەنىڭ ئۈستىگە شۈكۈر قىلغىنىڭىز نېمىسى؟ — دەپ سوراپتۇ.

ئەپەندىم:

— ئەسلىدە جانابلىرىغا ياخاق ئەكەلمەكچىدىم، بىر ئەقىللىق ئاغىنەمنىڭ مەسلىھەتى بىلەن ئەنجۈر ئەكەلگەـ-نىدىم، ئەگەر ياخاق ئەكەلگەن بولسام، بېشىمنىڭ ساق يېرى قالمايتتىكەن، ئەنجۈر ئەكەلگىنىمگە مىڭ شۈـ-كۈر، — دەپتۇ.

(ئۇيغۇر)

# گۇناھ ئانىسىدا

ئەپەندىمنىڭ باغلاقلىق موزىيى ئارقانني ئۈزۈپ قېچىپ كېتىپتۇ. ئەپەندىم موزاينى قوغلاپ تۇتالماي تازىمۇ چارچاپ، ئۆپكىسى ئاغزىغا تىقىلىپتۇ. ئەپەندىم ئاچچىقىدا باغلاقلىق كالىنى ئۇرۇشقا باشلاپتۇ. خوتۇنى ئەپەندىمنىڭ بۇ قىلىقىغا ئاچچىقى كېلىپ:

— ئەپەندىم، باغلاقلىق كالىنى نېمىشقا ئۇرىسىز؟ — دېسە، ئەپەندىم:

— موزايغا ئانىسى ئۆگەتمىگەن بولسا، ئارقان ئۈزۈشنى نەدىن بىلەتتى، ھەممە گۇناھ ئانىسىدا، — دەپ جاۋاب بېرىپتۇ.

(قىرغىز)

# پەرىجىنى تىپىپ كەل

ئەپەندىم ئىشەك مىنىپ كېتىۋېتىپ بىر ئۆستەڭگە دۈچ كەپتۇ. ئۇ سەللە ۋە پەرىجىسىنى ئىشەككە ئارتىپ قويۇپ، ئۆزى سۇ بويىدا تەرەت ئېلىۋاتسا، ئوغرىلار ئۇنىڭ سەللىسى بىلەن پەرىجىسىنى ئوغرىلاپ كېتىپتۇ. ئەپەندىم تەرەت ئېلىپ بولۇپ ئىشەكنىڭ يېنىغا كەلسە، پەرىجىسى بىلەن سەللىسى يوق تۇرغۇدەك. ئەپەندىم ئىشەكنىڭ ئۈستىدىن توقۇمنى ئېلىپ، ئۆز ئۈچىسىغا ئارتىپتۇ ـ دە:

— بار، پەرىجەمنى تىپىپ كېلىپ، ئاندىن توقۇمۇڭنى ئال! — دەپ ئىشەكنى تىپىپ قوغلىۋېتىپتۇ.

(تۈرك)

## ئەقىلسىز تۆگە

ئەپەندىم بىر كۈنى تۆگىسىگە مىنىپ، ساياھەت قىلىش ئۈچۈن شەھەردىن چىقىپتۇ.
ئەپەندىم يولدا كارۋانلارغا ئۇچراپ قاپتۇ، ئۇ كارۋانلارغا ھەمراھ بولۇپ بىرئاز يۈرگەندىن كېيىن، تۆگىسى يول بويىدا تۇرغان كۆتەكتىن ئۈركۈپ ئەپەندىمنى يىقىتىۋېتىپتۇ. ئەپەندىم قاتتىق يىقىلىپ ھوشىدىن كېتىپتۇ. كارۋانلار ئەپەندىمنىڭ يۈزىگە سۇ سېپىپ، مىڭ تەستە ھوشىغا كەلتۈرۈپ تۆگىسىگە مىندۈرۈپ قويۇپتۇ.
كارۋانلار شۇ كۈنى كەچقۇرۇن بىر مەنزىلگە بېرىپ توختاپتۇ. ئەپەندىمنىڭ پۇت - قولى قاتتىق ئاغرىپ كېتىپتۇ، ئۇ ئاغرىقنىڭ ئازابىغا چىدىيالماي: «بۇ قۇرۇپ كەتكۈرنىڭ بىر جاجىسىنى بەرمىسەم دەردىم چىقمايدۇ» دەپ قولىغا پىچاق ئېلىپ، چۆكۈپ ياتقان تۆگىسىنىڭ بوغۇزىغا پىچاق سىلىۋېتىپتۇ، بۇ ھالنى كۆرگەن كارۋانلار ھەيران بولۇپ، ئەپەندىمدىن:
— بۇ نېمە قىلغىنىڭىز؟ — دەپ سوراپتۇ.
— مەلئۇننى ئەقىلسىز قىلىپ مىنمىسەم بولمايدۇ. مېنى يەنە بىر يىقىتسا جېنىمنى

ئالىدۇ، — دەپ جاۋاب بېرىپتۇ ئەپەندىم.
— تۆگىنى ئەقىلسىز قىلىشنىڭ چارىسى بېشىنى تېنىدىن ئاجرىتىۋېتىشمۇ؟
— ھەربىر جانىۋارنىڭ ئەقلى بېشىدا بولىدۇ، دېگەننى بىلمەمسىلەر؟ ئەمدى قانداق قىلىپ مىنسەممۇ يىقىتىشقا ئەقلى يەتمەيدۇ، ئىشەنمىسەڭلار مانا كۆرۈڭ-لار، — دەپ ئەپەندىم ئۆلۈك تۆگىگە مىنىۋاپتۇ.

(ئۆزبېك)



# ساقال

ئەپەندىم بىر كۈنى بازاردا ساقاللىق بىر ئىمامنى كۆرۈپ ئۆزىنىڭ ساقىلىدىن ئۈچ - تۆت تۈكنى يۇلۇۋېتىپتۇ - دە، ئۇنىڭغا كۆرسىتىپ:

— ئېلىڭ، مانا بۇ ساقالنى ساتىمەن، — دەپتۇ.

— قانچە پۇل؟ — دەپتۇ ئىمام.

— تۆت تەڭگە.

— قىممەت.

— بەش تەڭگە بېرىڭ بولمىسا، — دەپتۇ ئەپەندىم.

— قىممەت.

— بولمىسا ئۈچ تەڭگە!

— ئۈچ تەڭگىمۇ قىممەت، — دەپتۇ ئىمام.

ئەپەندىم ئاچچىقىدا ئىمامنىڭ ساقىلىدىن تۇتۇۋېتىپتۇ - دە:

— ساقال پەقەت مەسچىتتىلا پۇل ئىكەن - دە! — دەپتۇ.

(ئۆزبېك)

# ئۆزىمىز ئوغرىلىۋالىمىز

بىر كۈنى، ئەپەندىم ئۇخلاپ ياتسا ئۆيىگە ئوغرى كىرىپتۇ.

ئەپەندىمنىڭ خوتۇنى:

— ئەپەندىم، تۇرۇڭ، ئۆيگە ئوغرى كىردى، — دەپتۇ.

— ئۈنۈڭنى چىقارما، ئوغرى قېچىپ كەتمىسۇن، — دەپتۇ ئەپەندىم، — ئەگەر ئوغرىلار ئۆيدىن قولغا چىققۇدەك بىرنەرسە تاپالىسا، ئۆزىمىز ئوغرىلىۋالىمىز.

(ئۇيغۇر)

# ئاخىر بىر كۈن گۆرگە كىلىدۇ

بىر بازار كۈنى ئەپەندىمنىڭ خۇرجۇنىنى ئوغرى ئەكېتىپتۇ. ئەپەندىم خۇرجۇنىنى ئىزدىمەي، ئۇدۇل قەبرىستانلىققا بېرىپ يېتىپتۇ.

بۇنى كۆرگەن كىشىلەر:

— ئەپەندىم، ئوغرىنى ئىزدىمەي قەبرىستانلىقتا نېمە قىلىسىز؟ — دەپ سوراپتۇ.

— ئىزدەپ نېمە ئاۋارە بولاتتىم، — دەپتۇ ئەپەندىم، — ھەرقانچە يامان ئوغرى بولسىمۇ ئاخىر بىر كۈنى گۆرگە كىلىدۇ.

(ئۇيغۇر)

# ياشلىقىممۇ چاغلىق ئىدى

بىر كۈنى، ئەپەندىم چوڭ ئېرىققا دۈچ كەپتۇ. ئۇ كۆچىنىپ تۇرۇپ ئاتلاپتىكەن، پۇتلىشىپ يىقىلىپ چۈ-شۈپتۇ. كىشىلەرنىڭ كۆرۈپ قېلىپ مازاق قىلىشىدىن ئەنسىرىگەن ئەپەندىم ئۈنلۈك ئاۋاز بىلەن:

— ئىسىت ياشلىقىم، ئىسىت ياشلىقىم، — دەپتۇ - دە، دەرھال ئورنىدىن تۇرۇپ قارىسا، ئەتراپتا ھېچكىم يوق ئىكەن، — ياشلىقىممۇ چاغلىق ئىدى، ئەسلىدىنلا ئۆزۈم پالاكەت! — دەپ كىيىملىرىنى قېقىپ كېتىپ قاپتۇ.

(ئۇيغۇر)

# تەرىتكىنى ئال ـ دە، كەشمىنى بەر

ئەپەندىم بىر چوك ئۆستەڭ بويىدا تەرەت ئېلىپ، ئايىغىغا مەسە تارتاي دەپ تۇرسا، بىر پاي كەشى ئۆس- تەڭگە چۈشۈپ كېتىپتۇ. ئەپەندىم كەشنى تۇتۇۋالال- ماي، ئاچچىقىدا:

— ئۇياتسىز ئۆستەڭ ئىكەنسەن، خۇدا يولىدىكى بىر تەرەت ئۈچۈن بەش تەڭگىلىك كەشنى ئالامسەن، — دەپتۇ ـ دە، شۇئان ئۆستەڭگە كەينىنى قىلىپ يەل قويۇپ بېرىپتۇ، ئاندىن يەنە، — تەرىتىڭنى ئۆزۈڭ ئال ـ دە، كەشمنى بەر، — دەپتۇ.

(ئۇيغۇر)

# چىقىمنى كىم تۆلەيدۇ

ئەپەندىم ناھايىتى بۆدۈنىۋاز ئىكەن. ئۇنىڭ بەختىگە شۇ يىلى بۆدۈنە نۇرغۇن بولۇپ، ئوۋچىلار بازارغا سېۋەت ـ سېۋەت بۆدۈنە ئەكىرىشىپتۇ. ئەپەندىم ئەللىك بۆدۈننى سېتىۋېلىپ، سويۇپ تازىلاپ، زىرە ـ پىياز سېلىپ، قازان كاۋاپ قىلىپتۇ ـ دە، بىرەر كۆڭلى تارتقان ئۇلپىتى بىلەن مەي ئىچكۈسى كەپتۇ ۋە ئۇلپەت ئىزدەپ مەھەللىگە چىقىپتۇ.

ئەپەندىمگە ئوندەك بۆدۈننى سوۋغا قىلىپ ئەكەلگەن بىر ئوۋچى ئاغىنىسى ئەپەندىمنىڭ ئۆيىگە كىرسە قازان كاۋىپى تەييار تۇرغان. ئاغىنىسى ئولتۇرۇپ قازان كاۋىپىنى پاپپاكىز يەۋېتىپتۇ ۋە تىرىك بۆدۈنلەرنى جاۋۇرغا دۈم كۆمتۈرۈپ سولاپ، ئۈستىدىن داستىخاننى يېپىپ قويۇپ چىقىپ كېتىپتۇ.

ئەپەندىم كۆڭلى تارتقان ئاغىنىسىنى باشلاپ كىرىپ تۆرگە جاي سېلىپ ۋە پىيالىلەرگە مەي قۇيۇپ جاۋۇرنى ئاچسا، بۆدۈنلەر پىر ـ پىر قىلىپ ئۇچۇپ كېتىشىپتۇ.

— ئى خۇدا، — دەپتۇ ئەپەندىم، — بۆدۈنلەرگە جان كىرگۈزۈپسەن، بۇنىڭغا قايىلمەن، لېكىن بۇ چىقىمنى كىم تۆلەيدۇ؟

(ئۇيغۇر)

# ئەپەندىم تېۋىپ

ئەپەندىم تېۋىپلىق قىلىۋاتقان كۈنلەرنىڭ بىرىدە، بىر كۈنى بىر خوتۇن قىزىنى باشلاپ كېلىپ:

— قىزىم سەككىز يىلدىن بېرى تۇغمىدى، شۇنچە يىلدىن بېرى قىلمىغان ئامالىمىز قالمىدى، — دەپتۇ.

ئەپەندىم:

— قىزىڭىزغا بۇ ئاغرىق ئېھتىمال تۇغمىدۇر، ئۆزىڭىز تۇغقانمىدىڭىز؟ — دەپ سوراپتۇ.

(ئۆزبېك)

# خۇدانىڭ غەزىپى

ئەپەندىم بىر كۈنى هاممامغا چۈشۈپتۇ. ئىسسىق ئۆيدە يېتىپ بىردىنلا بىر تىيىنمۇ پۇلى يوقلۇقىنى ئەسلەپ:

— ئاھ خۇدا، هاممامچىنىڭ ئالدىدا مېنى شەرمەندە قىلما، يېرىم تەڭگە بولسىمۇ ئەۋەتكىن! — دەپتۇ.

شۇ چاغدا بىردىنلا يەر تەۋرەپ، هاممامنىڭ گۈمبىزى گۈمۈرۈلۈپ چۈشۈپتۇ. ئەپەندىم «پۇل سورىغىنىمغا خۇدانىڭ غەزىپى كەلدى» دەپ ئويلاپ، شۇ قاچقىنىچە بازارنىڭ بېشىدىن چىقىپتۇ.

بازار بېشىدا بىر كەمبەغەل خۇداغا نالە قىلىپ يۈز تەڭگە سوراۋاتقانىكەن. ئەپەندىم ئۇنىڭ ئالدىغا بېرىپ ئاستا قۇلىقىغا:

— ئۇنىڭنى چىقارما! خۇدا يېرىم تەڭگىگە هاممامنى كۆمتۈرۈۋەتكەن يەردە، يۈز تەڭگە سورايسىنا! يۈز تەڭگىنىڭ گېپىنى ئاڭلىسا، دۇنيانى ئاستىن - ئۈستۈن قىلىۋېتەر! — دەپتۇ.

(ئۆزبېك)

# كەتمەن بىلەن چايجۇشنى سوقۇپ كېتىپتۇ

ئەپەندىم ئىتىزغا ئىشقا ماڭاي دەپ تۇرسا، دادىسى چاقىرىۋېلىپ:

— بالام، ئىشىڭنى تۈگەتكەندە كەتمەن بىلەن چاي-جۇشنى بىر يەرگە تىقىپ قوي، باشقىلار يەنە سوقۇپ كەتمىسۇن، — دەپ تاپىلاپتۇ.

كەچقۇرۇن ئىشنى تۈگەتكەن ئەپەندىم دادىسىنىڭ تاپىلىغىنى بويىچە كەتمەن بىلەن چايجۇشنى بىر تۈپ دەرەخنىڭ تۈۋىگە تىقىپ قويۇپتۇ. مەھەللىگە قايتىپ كەلسە دادىسى بىرمۇنچە ئادەملەر بىلەن مەسچىتنىڭ ئالدىدا پاراڭ سېلىشىپ ئولتۇرغانىكەن.

ئەپەندىم دادىسىنىڭ قېشىغا كېلىپ:

— دادا، مەن سىزنىڭ دېگىنىڭىز بويىچە كەتمەن بىلەن چايجۇشنى ھېلىقى بىزنىڭ ئىتىزىمىزدىكى يوغان ياڭاقنىڭ تۈۋىگە تىقىپ قويدۇم، ئەمدى ھېچكىم سو-قۇپ كېتەلمەيدۇ، — دەپتۇ.

ئەپەندىم ئۆيگە قايتىپ بارغاندىن كېيىن، دادىسى ئەپەندىمنىڭ قۇلىقىنى تولغاپ تۇرۇپ، ئاچچىقى بىلەن:

— ھەي شۇم، تىقىپ قويغان نەرسەڭنى خەقنىڭ

ئالدىدا دەپ يۈرسەنغۇ، ئەمدى باشقىلار بىلىۋالمامدۇ؟ — دەپتۇ.

ئەپەندىم دادىسىغا بۇنىڭدىن كېيىن ئۇنداق قىلمايمەن دەپ ۋەدە بېرىپ، قاتتىق بىر تاياقتىن قۇتۇلۇپ قاپتۇ.

ئەتىسى ئەپەندىم يەنە ئېتىزغا ئىشقا بېرىپتۇ، قارىسا، ھېلىقى بىر تۈپ ياڭاقنىڭ تۈۋىگە تىقىپ قويغان كەتمەن بىلەن چايجۇش يوق تۇرغۇدەك. ئەپەندىم پايپاسلاپ مەھەللىگە يۈگۈرۈپ كېلىپ، بۇ ئىشنى دادىسىغا ئېيتماقچى بوپتۇ. دادىسى يەنىلا ھېلىقى ئادەملەر بىلەن مەسچىتنىڭ ئالدىدا تازا قىزىق پاراڭ سېلىشىپ ئولتۇرغانىكەن. ئۇ ئاستا دادىسىنىڭ قېشىغا كېلىپ، ئاغزىنى دادىسىنىڭ قۇلىقىغا ئەكېلىپ تۇرۇپ، بوش ئاۋاز بىلەن:

— دادا، دادا، كەتمەن بىلەن چايجۇشنى سوقۇپ كېتىپتۇ، — دەپتۇ.

(ئۆزبېك)

# نىمە قالىدۇ؟

ئەپەندىم مەكتەپتە ئوقۇۋاتقان چاغدا مۇئەللىم ئۇنىڭدىن:

— نەسىردىن، تۆتتىن تۆتنى ئالسا قانچىسى قالىدۇ؟ — دەپ سوراپتۇ.

ئەپەندىم جاۋاب بېرەلمەپتۇ.

مۇئەللىم ئاچچىقلاپ:

— هوي نەسىردىن، قېنى سىنىڭ مەكتەپتە ئوقۇغىنىڭ، يانچۇقۇڭدا تۆت تەڭگە بولسا، ئۇ تۆت تەڭگە چۈشۈپ قالسا، يانچۇقۇڭدا يەنە نىمە قالىدۇ؟ — دەپ چۈشەندۈرۈپ ئېيتىپتۇ.

— هە، مۇئەللىم، تاپتىم، تەڭگىلەر چۈشۈپ قالغان تۆشۈك قالىدۇ، — دەپ جاۋاب بېرىپتۇ ئەپەندىم.

(ئۇيغۇر)

# ياڭاق يىمە

ئەپەندىمنىڭ كۆزى ئوچۇق كۆرەلمەيدىغان بولۇپ قاپتۇ. كىشىلەر ئەپەندىمگە كۆپرەك ياڭاق يەپ بېرىشنى مەسلىھەت بېرىپ: «ياڭاقنىڭ كۆزگە پايدىسى بار» دەپتۇ. ئەپەندىم يېمىش بازىرىغا بېرىپ بىر تاغار ياڭاق سېتىۋېلىپ، يول بويى يېگەچ ئۆيىگە قايتىپتۇ.

يولدا تۇيۇقسىز ئالدىغا بىر بالا كېلىپ سالام بې-رىپتۇ. بۇنداق ئەدەپ - قائىدىلىك بالىلارنى بەك ياخ-شى كۆرىدىغان ئەپەندىم دەرھال ياڭاقتىن بىر تالنى ئېلىپ بۇ بالىغا بېرىپتۇ - دە:

— جىمى بالىلار ساڭا ئوخشاش ئەدەپ - قائىدىلىك بولسۇن! — دەپتۇ.

ھېلىقى بالا ياڭاقنى ئېلىپ، «رەھمەت، ئەپەندىم!» دېگىنىچە كېتىپ قاپتۇ. ئۇ ياڭاقنى يەپ بولغاندىن كېيىن يەنە ئىتتىك مېڭىپ ئەپەندىمنىڭ ئال-دىغا ئۆتۈۋاپتۇ - دە، ئەپەندىمگە سالام بېرىپ:

— ئەسسالامۇئەلەيكۇم ئەپەندىم! — دەپتۇ ئىنچىكە ئاۋازى بىلەن.

ئەپەندىم خۇشاللىق بىلەن ئۇنىڭغا يەنە بىر تال ياڭاق بېرىپتۇ. ئەپەندىم كوچىنىڭ نېرىقى چېتىگە

ئۆته ـ ئۆتمەيلا، هېلىقى بالا يەنە ئەپەندىمنىڭ قېشىغا يۈگۈرۈپ كېلىپ بوم ئاۋاز بىلەن:

— ئەسسالامۇئەلەيكۇم ئەپەندىم! — دەپتۇ. شۇنداق قىلىپ، ئۇ يەنە بىر تال ياڭاققا ئىگە بوپتۇ.

ئەپەندىم تار بىر كوچىنىڭ ئاغزىغا كەلگەندە، هېلىقى بالا يەنە يۈگۈرۈپ بېرىپ، ئەپەندىمگە سالام بېرىپ، بوغۇق ئاۋازى بىلەن:

— هۆرمەتلىك ئەپەندىم، نەگە ماڭدىڭىز؟ — دەپتۇ.

بۇ قېتىم ئەپەندىم بۇ ئىشنىڭ سىرىنى بىلىپ قېلىپ:

— قارا سېنى، ئەدەپكە ياڭاق تېگىشىپ يېگىنىڭنى، ئۇنۇڭمۇ پۇتۇپ كېتىپتۇ، ماڭ، بۇنىڭدىن كېيىن ياڭاق يېمە! — دەپتۇ.

(تۇرك)

# تۈلكە ۋە بۆرە كۈچۈكى

ئەپەندىم ئۆيگە كىرىپلا، ئاچچىقى بىلەن دادىسىغا دەپتۇ:

— دادا، دادا، يۇزبېگىنىڭ بالىسى سېنى تازا بىر قۇۋ تۈلكە، دەپ تىللاۋاتىدۇ.

— كېرەك يوق، بالام، دېسە دەۋەرسۇن، ئۇ تازا كېلىشكەن بىر بۆرە كۈچۈكى، — دەپتۇ ئەپەندىمنىڭ دادىسى.

— ئەجەب ئېسىمگە كەلمەپتۇ! دادا، تاماق پىشقۇچە مەن بېرىپ ئۇنىڭغا: «سەن تازا كېلىشكەن بىر بۆرە كۈچۈكى ئىكەنسەن» دەپ ئېيتىپ قوياي، — ئەپەندىم شۇنداق دېگىنىچە ئالدى - كەينىگە قارىماي يۈگۈرۈپ چىقىپ كېتىپتۇ.

(ئۇيغۇر)

# سېنى خۇش بولۇپ قالسۇن دەپ

ئەپەندىمنىڭ ئوغلى ھەمىشە دادىسى بىلەن تاقارىشىدىغان ئۆمسە بىر بالا ئىكەن. دادىسى تاغ دېسە، باغ دەيدىكەن، ئولتۇر دېسە، ماڭىدىكەن. بالىسىنىڭ مىجەزىنى ئوبدان بىلىدىغان ئەپەندىم ئادەتتە بالىسىغا تەتۈر گەپ قىلىدىكەن.

بىر كۈنى، ئوغلى بىلەن ئىككىسى تۆگمەندە ئۇن تارتىپ قايتىپ كېلىۋېتىپ يولنىڭ يېرىمىغا كەلگەندە، ئالدىغا بىر ئۆستەڭ توغرا كېلىپ قاپتۇ. ئۆستەڭنى كېچىپ ئوتتۇرىغا كەلگەندە، ئېشەكنىڭ ئۈستىدىكى ئۇن قاچىلىغان تاغار بىر تەرەپكە يەڭدەپ كېتىپتۇ. ئەپەندىم ئوغلىغا:

— بالام، تاغارنى سۇغا ئىتتىرىۋەت! — دەپ تەتۈر گەپ قىپتۇ.

ئۆمسە مىجەزلىك بالا دادىسىنىڭ گېپىنى ئاڭلىغاندىن كېيىن ئىچىدە: «مەن مۇشۇ كەمگە كەلگۈچىلىك دادام بىلەن تاقارىشىپلا كەلدىم، ئەمدى بۇ قېتىم دادامنىڭ گېپىنى ئاڭلاپ باقاي» دەپ ئويلاپ، دادىسىنىڭ دېگىنى بويىچە راستىنىلا تاغارنى سۇغا ئىتتىرىۋېتىپتۇ.

— بالام، بۇ نېمە قىلغىنىڭ! — دەپ ۋارقىراپتۇ ئەپەندىم ئاچچىقى بىلەن.

— دادا، مەن مۇشۇ كەمگىچىلىك سېنىڭ گېپىڭنى ئاڭلىماي كەلدىم، ئەمدى بۇ قېتىم سېنى خۇش بولۇپ قالسۇن دەپ، گېپىڭنى ئاڭلاپ باقاي دېدىم، — دەپ جاۋاب بېرىپتۇ ئەپەندىمنىڭ ئوغلى.

(ئۆزبېك)



# تەمى ئوخشاش

ئەپەندىم بىر سېۋەت ئۈزۈمنى ئېشىكىگە ئارتىپ، ساتقىلى بازارغا ئېلىپ مېڭىپتۇ. يولدا بىر توپ بالا ئۇچراپتۇ. بالىلار ئەپەندىمنىڭ ئالدىنى توسۇپ:

— ئەپەندىم، بىرىمىزگە بىر ساپتىن ئۈزۈم بېرىڭ! — دەپتۇ.

ئەپەندىم قارىسا بالىلار كۆپ ئىكەن. ئەگەر بالىلارنىڭ تەلىپى بويىچە بىرىگە بىر ساپتىن ئۈزۈم بەرسە، سېۋەتنىڭ ئىچى قۇرۇقداپ قالىدىغانلىقىنى ئويلاپ، سېۋەتتىن بىر ساپ ئۈزۈمنى ئاپتۇ - دە، بىر بالىغا بىر تالدىن ئۈزۈم بېرىپتۇ.

— ئەپەندىم، نېمىشقا بىزگە بىر ساپتىن ئۈزۈم بەرمەيسىز؟ — دەپتۇ بالىلار.

— بىر ساپ ئۈزۈم بىلەن بىر تال ئۈزۈمنىڭ تەمى ئوخشاش، — دەپ جاۋاب بېرىپتۇ ئەپەندىم.

(ئۆزبېك)

# ئېشەككە تەتۈر مىنىش

ئەپەندىم ئېشىكىگە تەتۈر مىنىپ كوچىدا كېتىۋاتـ.
سا، بىر توپ بالا ئۇچراپ سوراپتۇ:
— ئەپەندىم، نېمىشقا ئېشەكنى تەتۈر مىنىۋالدى.
ڭىز؟
ئـەپەندىم ئېشىكىنى تـوختاتماي جـاۋاب بېرىپ
مېڭىپتۇ:
— ئەگەر ئېشەكنى ئوڭ مىنسەم، سىلەرگە ئارقام
بولۇپ قالىدۇ، بۇ چاغدا مەن سىلەرگە ھۆرمەتسىزلىك
قىلغان بولۇپ قالىمەن؛ ئەگەر سىلەر ئالدىمغا ئۆتۈۋالـ.
ساڭلار، ماڭا ئارقاڭلار بولۇپ قالىدۇ؛ بۇ چاغدا سىلەر
ماڭا ھۆرمەتسىزلىك قىلغان بولۇپ قالىسىلەر.

(تۈرك)

# ناخشا ئېيتقاق موللام

ئەپەندىم مەكتەپتە ئوقۇۋاتقان چېغىدا، دائىم بىر-نەچچە ساۋاقدىشى بىلەن ناخشا ئېيتىشىپ ئوينايدىكەن. ئۇلار ئەمدىلا ناخشا ئېيتىشنى باشلىسا، بىزەڭ موللامۇ تەڭلا كېلىۋېلىپ، قاملاشمىغان ئۈنى بىلەن غاراڭ-غۇرۇڭ ناخشا ئېيتىپ، بالىلارنىڭ چىشىنى قېرىشتۇرۇۋېتىپتۇ.

ئەپەندىم بۇ بىزەڭ موللامنى چوقۇم ئاردىن چىقىرىۋېتىش نىيىتىگە كېلىپ، ئاخشىمى موللامنىڭ ئۆيىگە كەپتۇ ۋە موللامغا:

— ئىززەتلىك موللام، مەن ئۆزلىرىگە بىر خۇش خەۋەر ئەكەلدىم، ماڭا سۆيۈنچە بەرسىلە! — دەپتۇ.

موللام ئالدىراش يانچۇقىدىن پۇل ئېلىپ ئەپەندىمگە سۆيۈنچىنى بەرگەندىن كېيىن سوراپتۇ:

— ھە ئېيتە، نېمە خۇش خەۋەر؟

— مەن ھازىرلا مەھەللىمىزدىكى بىرنەچچە ئۆلىمانىڭ ئاغزىدىن ئاڭلىدىم، ئۆزلىرىنى مەھەللىمىزگە قازى قىلغۇدەك.

موللامنىڭ خۇشاللىقتىن گۇلقەقەلىرى ئېچىلىپ كېتىپتۇ.

ئەتىسى ئاخشىمى ئەپەندىم يەنە مـولـلامنىڭكىگە كەپتۇ.

— موللام، — دەپتۇ ئەپەندىم، — ھەممە كىشى ئۆزلىرىنىڭ قازى بولۇشلىرىنى ياقلايدىكەن، پەقەت بىرنەچچىلا ساۋاقداش ئۆزلىرىنى ناخشا ئېيتىشقا ئام-راق، ناخشا ئېيتقان كىشى قازى بولسا قانداق بولىدۇ دەپ، قازى بولۇشلىرىغا قوشۇلمايدىكەن.

— ئەپەندىم، ئۆزۈڭ بىر ئامال قىل، ئۇ بىرنەچچە بالا مېنىڭ ئىشىمنى بۇزۇپ قويمىسۇن، — دەپ ئەپەن-دىمگە يېلىنىپتۇ موللام.

— موللام، ئۆزلىرى «مەن ناخشا ئېيتىشنى ياخ-شى كۆرمەيمەن» دېسىلە خەقلەر ئىشەنمەسلىكى مۇم-كىن. ئەڭ ياخشىسى، ئۆزلىرىنىڭ قازى بولۇشلىرىغا قارشى تۇرىدىغان ھېلىقى بالىلارنى چاقىرىپ كېلىپ، ئۇلارنىڭ ئالدىدا «بۈگۈندىن كېيىن ئىللا - بىللا ناخشا ئېيتمايمەن» دەپ ۋەدە بەرسىلە بولىدۇ. بەلكى تېخى ۋەدىنامە يېزىپ بېرىشلىرى كېرەك، — دەپتۇ ئەپەندىم.

موللام ئەپەندىمنىڭ ھېلىقى ساۋاقداشلىرىنى چا-قىرىپ كېلىپ، ئۇلارنىڭ ئالدىدا: «بۈگۈندىن كېيىن زادى ناخشا ئېيتمايمەن» دەپ قەسەم بېرىپتۇ، يەنە تېخى «ئەگەر ۋەدەمدە تۇرمىسام ئېشەك بولۇپ كېتەي» دەپ ۋەدىنامە يېزىپ بېرىپتۇ.

بىر ھەپتە ئۆتكەندىن كېيىن، باشقا بىر كىشى قازىلىققا تەيىنلىنىپ كېتىپتۇ. مـولـلام ئاچچىقىدا تىت - تىت بولۇپ ئەپەندىمگە:

— ھەي نەسىردىن، سەن مېنى كولدۇرلىتىپ-
سەن، مەيلى، مېنىڭ قازى بولغۇم يوق! بۇنىڭدىن
كېيىن ناخشامنى ئېيتىۋېرىمەن! — دەپتۇ.
— خوپ، بۇنىڭدىن كېيىن ناخشا ئېيتىدىغان بول-
سىلا، باشلىرىغا نوختا سېلىپ، ھېلىقى ساۋاقداشلارنى
ئۇستىلىرىگە مىندۇرۇپ قويىمەن!
موللام بۇ گەپنى ئاڭلاپ، لام - جىم دېيەلمەي
قاپتۇ.

(ئۇيغۇر)



## ئۇ تۆگە ئەمەس ـ دە...

بىر كۈنى ئەپەندىم كوچىدا كېتىۋاتسا، ئىككى بالا ئۇچراپتۇ، ئۇلارنىڭ بىرى ۋاي سىلىپ يىغلىغىلى تۇ-رۇپتۇ.

ئەپەندىم ئۇ بالىدىن:

— بالام، نېمىشقا يىغلايسەن؟ — دەپ سوراپتۇ.

— ئاۋۇ مېنىڭ قولىقىمنى چىشلىۋالدى! — دەپ يېنىدىكى بالىنى كۆرسىتىپتۇ ئۇ.

— ياق مەن چىشلىمىدىم، ئۆزى چىشلىۋالدى! — دەپتۇ يېنىدىكى بالا.

— يالغان گەپ قىلما، ئۆزىنىڭ قولىقىنى ئۆزى چىشلىۋالىدىغان تـۆگە ئـەمەس ـ دە ئـۇ، — دەپتـۇ ئەپەندىم.

(ئۆزبېك)


**************************

# مەن ئاۋۋال تەپتىم

گۆدەك ئەپەندىم ئاغىنىلىرى بىلەن ئويناپ زېرى-
كىپ، يەنە نېمە ئويناپ-ئوينايدىغانلىقىنى تاپالماپتۇ. ئارىدىن
چوڭراق بىر ئاغىنىسى ئەپەندىمگە:
— ئەپەندىم، ئەگەر سەن دوپپاڭنى يەرگە قويۇپ
تېپىدىغان بولساڭ، بىز سېنى بالىلارنىڭ پادىشاھى
قىلىپ سايلايمىز، — دەپتۇ.
— ئۇ قانچىلىك ئىش ئىدى، قاراپ تۇرۇڭلار، —
ئەپەندىم شۇنداق دەپ بېشىدىكى دوپپىسىنى ئېلىپ يەر-
گە قويۇپ بىرنى تېپىپتۇ.
ئارقىدىن بالىلار ئولىشىپ كېلىپ، ئەپەندىمنىڭ
دوپپىسىنى توپ قىلىپ تېپىپ ئويناشقا باشلاپتۇ. ئاخ-
شىمى ئاپىسى ئەپەندىمنىڭ دوپپىسىنىڭ پاسكىنا بولۇپ
كەتكەنلىكىنى كۆرۈپ:
— بىر ئوبدان دوپپاڭنى نېمە قىلىۋەتتىڭ،
بالام؟ — دەپ سوراپتۇ.
— بالىلار دوپپامنى توپ قىلىپ ئوينىدى،
ئاپا، — دەپ جاۋاب بېرىپتۇ ئەپەندىم.
— بالىلار دوپپاڭنى توپ قىلىپ ئوينىسا

قاراپ تۇردۇڭمۇ؟ — دەپ ئەيدەپلەپتۇ ئاپىسى ئەپەندىمنى.
— ياق، ئاپا، مەن ئاۋۋال تەپتىم، — دەپ جاۋاب بېرىپتۇ ئەپەندىم.

(ئۇيغۇر)



# ھەممىسى ئادەم چىشلەيدۇ

بىر قېتىم، موللام گۆدەك ئەپەندىمدىن سوراپتۇ:
— ئىت بىلەن مۈشۈكنىڭ ئوخشاشلىقى نەدە؟
— ھەممىسىنىڭ تۆت پۇتى بار، بىردىن قۇيرۇقى بار، بىرى ھاۋشىيدۇ، بىرى مىياڭلايدۇ، — دەپ جاۋاب بېرىپتۇ گۆدەك ئەپەندىم.
— ئەمىسە ئىت قايسى خىل ھايۋانغا ئوخشاپ كېتىدۇ؟ — دەپ سوراپتۇ يەنە موللام.
گۆدەك ئەپەندىم بىردەم ئويلىنىۋېلىپ مۇنداق جاۋاب بېرىپتۇ:
— بايلارنىڭ بالىسىغا، ئۇلارمۇ ئىتقا ئوخشاش ئادەم چىشلەيدۇ، ئادەم قىلىدىغان گەپنى قىلمايدۇ، ھەمىشە كەمبەغەللەرنىڭ بالىلىرىنى تىللايدۇ.

(ئۇيغۇر)

# كاساپەت كۈن

ئەپەندىم بالا چاغلىرىدا، دادىسى ھەپتىدە بىر قېتىم پۇل بېرىپ تۇرىدىكەن. ئەمما ئەپەندىم بىر ھەپتىلىك پۇلنى ئىككى كۈندىلا خەجلەپ بولىدىكەن.

تازا تومۇز كۈنلىرىنىڭ بىرىدە، دادىسى ئەپەندىمگە بىر تىللا بېرىپ:

— مە، بۇ تۆت ھەپتىلىك پۇل، بۇ ئايدا ساڭا يەنە پۇل بەرمەيمەن، — دەپتۇ.

دادىسىنىڭ گېپى ئەپەندىمنىڭ سول قۇلىقىدىن كىرىپ، ئوڭ قۇلىقىدىن چىقىپ كېتىپتۇ، بىر ئايلىق پۇلنى ئىككى كۈنگە قالمايلا خەجلەپ بوپتۇ.

ئۈچىنچى كۈنى چۈشتە، ئەپەندىم دادىسىنىڭ يېنىدا ئولتۇرۇپتۇ. دادىسى ئىسسىققا چىدىماي:

— بۇ كاساپەت كۈن ئەجەب ئىسسىدىغۇ، بۇ كۈننىڭ ئايتىپى تۈمۈرنىمۇ كۆيدۈرۈۋېتىدىغاندەك قىلىدۇ! — دەپ زارلىنىپتۇ.

— ناھايىتى توغرا ئېيتتىڭىز، دادا، — دەپتۇ ئەپەندىم، — بۇ كۈننىڭ ئايتىپى راستىنلا چوغدەك ئىكەن، تۈنۈگۈن چۈشتە ھېلىقى سىز بەرگەن تىللانى كۈنگە شۇنداق بىر تۇتۇپتىكەنمەن، خۇددى چوغدەك قىزىتىپ، بىردەمدە ئېرىتىۋەتتى ئەمەسمۇ.

(ئۆزبېك)

# ئېشەكنىڭ زارىدىن قېچىش

بىر يىلى ئاچارچىلىق بولۇپ، ئادەملەرنىڭ قورسىقى تويمايدىغان، ئات - ئۇلاغ، قوي - كالىلارغا يەم - خەشەكمۇ تېپىلمايدىغان بولۇپ كېتىپتۇ. ئەپەندىمنىڭ ئېشىكى ئاچلىققا چىدىماي، ناھايىتى ئېچىنىشلىق ھاڭراپ، ئەپەندىمنىڭ ئىچىنى ئاغرىتىۋېتىپتۇ. ئەپەندىم ئېشىكىنىڭ زارىغا چىدىماي، ئاخىر قازناققا كىرىۋېلىپ يېرىم كۈنگىچە تالاغا چىقماپتۇ. ئەپەندىمنىڭ ئوغلى دادىسىنى ئىزدەپ تاپقاندىن كېيىن:

— دادا، بۇ يەرگە يوشۇرۇنۇۋالغىنىڭىز نېمىسى؟ — دەپ سوراپتۇ.

— ئېشىكنى ياپ! ئېشەكنىڭ زارى قۇلىقىمغا كىرمىسۇن، ئاڭلىسام يۈرىكىم ئاغرىيدۇ، — دەپتۇ ئەپەندىم.

(تۈرك)

# ساتىراش

پادىشاھنىڭ ئوغلى دادىسىنى ماختاپ:

— مېنىڭ دادام پادىشاھ، جىمى ئادەم ئۇنىڭغا بويسۇنىدۇ، — دەپتۇ.

— بەللى، سېنىڭ داداڭدىن تارتىپ جىمى ئالەم خەلقى مېنىڭ دادامغا بويسۇنىدۇ. دادام ھەممىسىنىڭ بېشىنى ئەگدۈرىدۇ، ھېچكىم ياق دېيەلمەيدۇ. ئۆتكەندە سېنىڭ داداڭ مېنىڭ دادامنىڭ ئالدىدا غىڭ - پىڭ دېمەي بېشىنى ئەگدىغۇ! — دەپتۇ گۆدەك ئەپەندىم.

پادىشاھنىڭ ئوغلى ئاچچىقى كېلىپ:

— نېمە؟ ئەسلا مۇمكىن ئەمەس، سېنىڭ داداڭ زادى نېمە ئىش قىلىدىغان ئادەم؟ — دەپ سوراپتۇ.

— ساتىراش، — دەپ جاۋاب بېرىپتۇ گۆدەك ئەپەندىم.

(ئۇيغۇر)

# مەرھۇم ئانامغا دۇئا قىلىمەن

گۆدەك ئەپەندىم دائىم: «مەرھۇم ئانامنىڭ ياتقان يېرى جەننەت بولغاي!» دەپ ئانىسىغا دۇئا قىلىدىكەن.

بىر كىشى سوراپتۇ:

— ئەپەندىم، سىز نېمىشقا دائىم ئانىڭىزغىلا دۇئا قىلىپ، ئاتىڭىزغا دۇئا قىلمايسىز؟

— مەن مەرھۇم ئاتامدىن قىلچە غەم قىلمايمەن، چۈنكى، ئاتام چېنىققان، زېرەك ئادەم ئىدى. مېنىڭچە، ئاتام تۇپراققا كىرىش بىلەنلا مۇنكىر ـ نەكىرلەرنىڭ سورىقىدىن يوشۇرۇنۇپ، ئۇدۇل جەننەتكە كىرىپ كەتكەن بولۇشى مۇمكىن. ئانام بىچارە بولسا، ياۋاش بىر مەزلۇم ئىدى. مەن ئانامنى مۇنكىر ـ نەكىرلەرنىڭ سوراقلىرىغا جاۋاب بېرەلمەي ئۇلارنىڭ قولىغا چۈشۈپ قالدىمىكىن دەپ ئەنسىرەيمەن. شۇڭلاشقا، دائىم «ئانامنىڭ ياتقان يېرى جەننەت بولغاي!» دەپ دۇئا قىلىمەن، — دەپ جاۋاب بېرىپتۇ ئەپەندىم.

(تۈرك)

# بىر يىلدىن كېيىن…

ئەپەندىم كىچىكىدىن تارتىپلا قىزىقچى، چاقچاقچى ئىكەن.

بىر كۈنى ئاغىنىلىرى سوراپتۇ:

— ئەپەندىم، سەن چوڭمۇ، ئۇكاڭ چوڭمۇ؟

— ھە، بۇ مۇنداق گەپ، ئۆتكەن يىل ئاپامنىڭ دېيىشىچە، ئۇكام مەندىن بىر ياش كىچىك ئىكەن. بىر يىل ئۆتۈپ كەتتى، بۇ يىل ئىككىمىز تەڭ بولۇپ قالدۇق، — دەپتۇ ئەپەندىم.

**(تۈرك)**

## تەك بولۇشمىز

ئەپەندىم مەكتەپتە ئوقۇۋاتقان چېغىدا، دادىسى ئۇنى قورقۇتۇپ:

— بۇ قېتىمقى ئىمتىھاندىن ئۆتەلمىسەڭ، پۇتۇڭنى چىقىۋېتىمەن! — دەپتۇ.

— ئەگەر ماڭا ئون تەڭگە بەرسەڭ، ئىمتىھاندىن چوقۇم ئۆتەلەيمەن، — دەپتۇ ئەپەندىم.

— ئون تەڭگىنى نېمە قىلىسەن؟ — دەپتۇ دادىسى.

— موللام بىلەن تەڭ بۆلۈشىمىز - دە! — دەپتۇ ئەپەندىم.

(قازاق)

# سېۋەتنىمۇ ئال

باللار ئەپەندىم بىلەن چاقچاقلىشىشقا ئامراق ئىكەن.

بىر كۈنى ئەپەندىم كۆل بويىدا بېلىق تۇتۇپ ئولتۇرسا، بىر توپ شوخ بالا ئاستا ئەپەندىمنىڭ ئارقىسىدىن كېلىپ، ئەپەندىمنىڭ مىلىك تەسلىكتە تۇتقان بېلىقلىرىنى سېۋەتنىڭ ئىچىدىن بىردىن - بىردىن ئېلىپ كۆلگە تاشلىۋېتىپتۇ. بىردەمدىن كېيىن ئەپەندىم سېۋىتىگە قارىسا، سېۋىتىنىڭ ئىچى قۇپقۇرۇق تۇرغۇدەك. ئەپەندىم سېۋەتنى قولىغا ئاپتۇ - دە، پىرقىرىتىپ كۆلگە تاشلاپتۇ ۋە كۆلگە قاراپ:

— ھەي ئاچ كۆز كۆل، مېنىڭ بېلىقلىرىمنىڭ ھەممىسىنى ئەكېتىپسەن، بۇ قۇرۇق سېۋەتنى نېمە قىلاتتىم، سېۋەتنىمۇ ئال، — دەپتۇ.

**(تۈرك)**

# پۇل بەرگەن چالار

بىر بازار كۈنى ئەپەندىم بازارغا مېڭىپتۇ. بىر توپ بالا ئەپەندىمگە ئولىشىۋېلىپ، ھەممىسى تەڭلا تەلەپ قىپتۇ:

— ئەپەندىم، ماڭا بىر نەي ئالغاچ كېلىڭ! ماڭا بىر نەي ئالغاچ كېلىڭ!

ئارىدىن بىر بالا ناھايىتى ئەدەپ - قائىدە بىلەن ئازراق پۇلنى ئەپەندىمگە تەڭلەپ:

— ئەپەندىم، ماڭا بىر نەي ئالغاچ كەلسىلە! — دەپ تەلەپ قىپتۇ.

ئەپەندىم ھېلىقى بالىنىڭ قولىدىن پۇلنى ئېلىپ، باشقا بالىلارنىڭ كۆڭلى يېرىم بولۇپ قالمىسۇن دەپ:

— بولىدۇ، بولىدۇ، سىلەرگە ئالغاچ كېلەي، ئالغاچ كېلەي، — دەپ جاۋاب بېرىپتۇ.

كەچقۇرۇن بالىلار ئەپەندىمنىڭ قايتىپ كېلىشىنى كۈتۈپ، يول ئاغزىغا بېرىپ تۇرۇپتۇ. ئەپەندىم خالتىسىدىن بىر نەينى چىقىرىپ ھېلىقى پۇل بەرگەن بالىغا بېرىپتۇ.

— ئەپەندىم، بىزگىچۇ؟ بىزگە ئالغاچ كەلمىدىڭىزمۇ؟ — دەپتۇ باشقا بالىلار چۇقىرىشىپ.

— باللار، — دەپتۇ ئەپەندىم كۈلۈپ، — نەي ساتقۇچىنىڭ ئېيتىشىچە، نەينى پۇل بەرگەن ئادەم چالا-لايدۇ، پۇل بەرمىگەن ئادەم چالالمايدۇ، دەيدۇ. شۇڭا مەن سىلەرگە ئالمىدىم، ئۇقتۇڭلارمۇ؟

(تۈرك)



# ياشلىقى يادىغا كېلىپ قاپتۇ

بىر توپ بالا ھويلىدا توپ ئويناۋاتقانىكەن. ئەپەن-
دىم كېلىپ قېلىپ، باللار بىلەن تەڭلا توپ ئويناشقا
بېرىلىپ كېتىپتۇ. بىر چاغدا بىر شوخ بالا ئەپەندىمنىڭ
بېشىدىكى سەللىسىنى «كوپ» لا قىلىپ ئېلىۋېلىپ
ئاسمانغا ئېتىپ ئويناپتۇ، باشقا باللارمۇ «گۇررىدە»
كېلىپ سەللىنى ئېتىپ ئويناپتۇ. بۇ شوخ باللارغا
ئەپەندىم قانداق يېتىشەلىسۇن؟ ئۇ سەللىسىنى ئېلىۋال-
ماقچى بولۇپ، ئۇ ياققا - بۇ ياققا يۈگۈرۈپ بېقىپتۇ،
زادى ئالالماپتۇ. ئەكسىچە ئۆزى ھېرىپ ھالىدىن كې-
تىپتۇ. شۇنىڭ بىلەن ئەپەندىم سەللىسىدىن ۋاز كې-
چىپ ئۆيىگە قايتىپ كەپتۇ. ئىشىك ئالدىدا ئەپەندىمنى
كۈتۈپ تۇرغان خوتۇنى:

— ئەپەندىم، سەللىڭىز قېنى؟ — دەپ سوراپتۇ.

— ھەي خوتۇن، ئۇنىڭ ياشلىقى يادىغا كېلىپ
قاپتۇ، باللار بىلەن ئوينىغىلى كەتتى، — دەپ جاۋاب
بېرىپتۇ ئەپەندىم.

(تۈرك)

# ئاۋۋال دادامنى تېپىۋالسام...

قۇربان ھېيت كۈنى، ئەپەندىمنىڭ دادىسى ئۆيىدىن كىملەرنى ئېلىپ، قەشقەرنىڭ ئەڭ چوڭ بازىرىغا ئويۇنغىلى بېرىپتۇ. ھېيت كۈنى بولغاچقا بازار قىزىپ، كوچا - كويلارغا ئادەملەر مىغ - مىغ توشۇپ كېتىپتۇ. ئەپەندىم قىزىقچىلىق بىلەنلا بولۇپ كېتىپ، دادىسى بىلەن ئاپىسىنى يىتتۈرۈپ قويۇپتۇ. شۇنىڭ بىلەن ئەپەندىم ئادەملەر توپىنىڭ ئىچىدە ۋارقىراپ - جارقىراپ:

— قىممەتلىك ئاغىنىلىرىم، ھەدىلىرىم، تاغىلىرىم، ئاتىلىرىم، دادام بىلەن ئاپامنى يىتتۈرۈپ قويدۇم، ھېچبولمىغاندا دادامنى تېپىۋالسامۇ بولاتتى، ھەرقايسىڭلارغا پۇل سۆيۈنچە بېرەتتىم! — دەپتۇ.

— ھوي، سەن نېمىشقا دادامنى بولسىمۇ تېپىۋالسام بولاتتى دەيسەن؟ ئاپاڭنى تېپىۋېلىشنى خالىمامسەن؟ — دەپ سوراپتۇ بىر كىشى.

— ئاۋۋال دادامنى تېپىۋالسام، ئاپامنى تاپماق ئاسان، ئاپامنى تېپىۋالغاندىن كېيىن، دادامنى تېپىشىپ بەرگەنلەرگە بېرىدىغان سۆيۈنچە پۇلنى ئاپامدىن ئېلىپ بېرەتتىم! — دەپ جاۋاب بېرىپتۇ ئەپەندىم.

(ئۇيغۇر)

# پۇتۇڭلارنى تېپىۋالغانسىلەر

ئەپەندىم بالىلارنى بەك ياخشى كۆرىدىكەن، بالى-
لارمۇ ئەپەندىمنى ياخشى كۆرىدىكەن ۋە ھەمىشە ئەپەندىم
بىلەن چاقچاق قىلىشىدىكەن. بۇنداق چاغلاردا ئەپەندىم
ئىلھام بېرىدىپ، ئۇلارنىڭ كۆڭلىنى خۇش قىلىپ
قويىدىكەن.

بىر كۈنى، بالىلار سۇ بويىدا ئويناۋېتىپ، يولدىن
ئۆتۈپ كېلىۋاتقان ئەپەندىمنى كۆرۈپ قاپتۇ ـ دە، دەر-
ھال پۇتلىرىنى سۇغا تىقىۋېلىپ:

— ئەپەندىم، پۇتىمىز سۇغا چۈشۈپ كېتىۋىدى،
تاپالمايۋاتىمىز، چاققان كېلىپ پۇتىمىزنى تېپىشىپ
بەرسىڭىز كەن! — دەپتۇ.

ئەپەندىم بالىلارنىڭ قېشىغا كېلىپ، بىر تال تاياق-
نى ئاپتۇ ـ دە، بالىلارنىڭ سۇدىكى پۇتىغا ئۇرماقچى
بولۇپ تاياقنى كۆتۈرۈپتۇ، بالىلار ئەپەندىم راستىنلا
ئۇرىدىغان ئوخشايدۇ دەپ، دەرھال پۇتلىرىنى سۇدىن
چىقىرىۋاپتۇ. بۇنى كۆرگەن ئەپەندىم كۈلۈپ كېتىپ:

— قانداق، پۇتۇڭلارنى ئەمدى تېپىۋالغانسى-
لەر، — دەپتۇ.

**(تۈرك)**

# بىر كۈن نەچچە سائەت؟

ئەپەندىم مەدرىسىدە ئوقۇۋاتقاندا، خەلپىتىم ئۇنىڭ-دىن سوراپتۇ:

— ئەپەندىم، بىر كۈن نەچچە سائەت بولىدۇ؟

— يىگىرمە بەش سائەت، — دەپ جاۋاب بېرىپتۇ ئەپەندىم.

— ساراڭ بولدۇڭمۇ، بىر كۈن يىگىرمە تۆت سائەت ئەمەسمۇ! — دەپتۇ خەلپىتىم.

— تۇنۇگۈنلا سىز كۈن بىر سائەت ئۇزاردى دېگە-نىدىڭىزغۇ! — دەپتۇ ئەپەندىم.

(ئۇيغۇر)

# كىم ئېيتىپ بەرگەن

ئەپەندىم ئۆشنىسىگە بىر تاغار ياڭاقنى يۈدۈپ كې-
تىۋاتسا، يولدا بىر توپ بالا ئۇچراپ قاپتۇ. ئەپەندىم
كۈلۈپ ئۇلارغا:

— تاغاردىكىنىڭ نېمىلىكىنى تاپساڭلار، تاپقىنىڭ-
لارغا يوغان بىر ياڭاق مۇكاپات بېرىمەن، — دەپتۇ.

باللار قاقاقلاپ كۈلۈشۈپ، ھەممىسى بىر ئېغىز-
دىن:

— ياڭاق! — دەپتۇ.

— ياپىرىم، سىلەرگە كىم ئېيتىپ بەرگەن؟ —
ئەپەندىم شۇنداق دەپتۇ ـ دە، ئۆزىمۇ ھەيران بولۇپ،
باللار بىلەن تەڭلا قاقاقلاپ كۈلۈپ كېتىپتۇ.

(تۇرك)

# ئاستىراق سۆزلە

ئەپەندىم كىچىككىدىنلا گەپنى ناھايىتى چاققان قىلىدىكەن. دىنىي مەكتەپتە ئوقۇۋاتقان چېغىدا موللامىنىڭ سوئاللىرىغا ناھايىتى كەسكىن ۋە ئېنىق جاۋاب بېرىدىكەن. كاللىسى قاتمال موللام دائىم ئۇنىڭ نېمە دېگەنلىكىنى ئاڭقىرالماي قالىدىكەن.

بىر كۈنى، ئەپەندىم موللامنىڭ سوئالىغا چاقماقتەك تېز جاۋاب بېرىۋېتىپتۇ. موللام ئۇنىڭغا:

— نەسىردىن، بۇنىڭدىن كېيىن سوئالغا جاۋاب بەرگەندە ئاستىراق سۆزلە، گەپلىرىڭ ئېنىق چىقسۇن، — دەپتۇ.

ئەپەندىم موللامنىڭ بۇ گېپىنى يادىدا چىڭ ساقلاپتۇ. بىر ئاخشىمى ئۇ بىر نەچچە مەسىلىنى سوراپ موللامنىڭ ئۆيىگە بېرىپتۇ، موللام ئۇنىڭغا: «ئويۇقچىدىكى چىراغنى ئال» دەپتۇ. ئەپەندىم چىراغنى ئالغۇچە دىققەتسىزلىك قىلىپ، موللامنىڭ تامغا ئېسىقلىق سەللىسىگە ئوت تۇتاشتۇرۇۋېتىپتۇ. ئەپەندىم:

— مول...لا...م ...سەل...لى...ڭىز...گە... ئوت... كەت...تى...! — دەپتۇ.

ئەپەندىم گەپنى سوزۇپ دەپ بولغۇچە، موللامنىڭ سەللىسىمۇ كۆيۈپ بىر يەرگە بېرىپتۇ.

(ئۇيغۇر)

ئوغا

ئەپەندىم مەدرىسىدە دەرس تەكرار قىلىۋاتقاندا، بىر بالا خەلپىتىمگە بىر ئاپقۇر ھەسەل ئەكەپتۇ. خەلپىتىم ھەسەلنىڭ ئاغزىنى قەغەز بىلەن يېپىپ ئۆيۈققا ئېلىپ قويۇپتۇ. خەلپىتىم ئەپەندىمگە:

— بۇ ئاپقۇردىكى ئوغا، تەگكۈچى بولما. پۇرىقى بۇرنۇڭغا كىرسىمۇ، تىن تارتماي ئۆلىسەن! — دەپ سىرتقا چىقىپ كېتىپتۇ.

ئەپەندىم خەلپىتىمنىڭ سىياھدانىنى يەرگە بىر ئۇرۇپ چېقىۋېتىپتۇ. ئاندىن ئۆيۈقتىكى ھەسەلنى ئېلىپ، پەيشەنبىلىك نان بىلەن پاك - پاكىز يەپ تۈگىتىپتۇ.

خەلپىتىم قايتىپ كېلىپ قارىسا، ئاپقۇر قۇرۇق تۇرغۇدەك.

— بۇنى كىم يېدى؟ — دەپ سوراپتۇ خەلپىتىم ئەپەندىمدىن.

— تەقسىر، ئاۋايلىمىغانلىقىمدىن سىياھدانىڭىزنى سۇندۇرۇپ قويدۇم. خىجىللىقىمدىن ئۆلۈۋالاي دەپ ئوغىنى ئېلىپ پۇرىسام ئۆلمىدىم. سىز كەلگۈچە تېزرەك ئۆلۈۋالاي دەپ ھەممىسىنى يەۋەتسەممۇ ئۆلمەيۋاتىمەن! — دەپ جاۋاب بېرىپتۇ ئەپەندىم.

(ئۇيغۇر)

# موللا بولىمەن

كەپسىز ئەپەندىم بىر ساۋاقدىشىنى ئۇرۇپ يىغلى-
تىپ قويۇپتۇ. موللام ئەپەندىمگە قولۇڭنى چىقار دەپ-
تۇ، ئارقىسىدىن ئۇنىڭ ئالىقىنىغا بەش پالاق ئۇرۇپتۇ
ۋە:

— كىم سىنى ئادەم ئۇر دەپتۇ؟ ياخشى تالىپ
بولىمەن دىسەڭ ئادەم ئۇرماسلىقىڭ كېرەك، — دەپتۇ.

— مەن تالىپ بولمايمەن، موللا بولىمەن.

— نىمىشقا؟ — دەپتۇ موللام.

— موللا بولۇپ تالىپلارنى ئۇرمامدىمەن، — دەپتۇ
ئەپەندىم.

(تۇرك)

# شاگىرت

ئەپەندىمنى ياش چېغىدا دادىسى موزدۇزغا شاگىرتـ
لىققا بېرىپتۇ.

ئىككى يىل ئۆتكەندىن كېيىن دادىسى ئۇنىڭدىن:

— ئوغلۇم، موزدۇزلۇقنى ئۆگەندىڭمۇ؟ — دەپ
سوراپتۇ.

— بالا بېقىشنى ئۆگەندىم، خۇدا بۇيرۇسا، يەنە
ئىككى يىلدىن كېيىن هويلا سۈپۈرۈپ، سۇ توشۇشنىمۇ
ئۆگىنىپ قالىدىغان ئوخشايمەن، — دەپ جاۋاب بېرىپتۇ
ئەپەندىم.

(ئۇيغۇر)

# قوي يىمەيدىغان بۆرە

بىر پادىچى بالا ئەپەندىمدىن سوراپتۇ:

— ئەپەندىم، ئۇزۇن يىلدىن بېرى قوي باقىمەن، بۆرىنىڭ دەستىدىن جاق تويدۇم، دۇنيادا قوي يىمەيدىغان بۆرە بارمىدۇر؟

— بار، — دەپتۇ ئەپەندىم.

— قانداق بۆرە ئۇ قوي يىمەيدىغان؟

— ئۆلگەن بۆرە، — دەپ جاۋاب بېرىپتۇ ئەپەندىم.

**(ئۇيغۇر)**

# ئەللىك قوشقاچ

ئىككى تالىپ قىز خوددى قوشقاچتەك چاۋىلداپ، توختىماي سۆزلىشىپ كېتىپتۇ. بۇ چاۋىلداشتىن بىزار بولغان موللام:

— بولدى، گەپىڭنى توختىتىش، ئىككى خوتۇن كىشى يۈز قوشقاچقا تەڭ، — دەپتۇ.

گۆدەك ئەپەندىم موللامنىڭ بۇ گېپىنى كۆڭلىگە چىڭ پۈكۈۋاپتۇ.

ئۇزاق ئۆتمەي، موللامنىڭ خوتۇنى قوشناچىم موللامنى ئىزدەپ مەدرىسىگە كەپتۇ. ئەپەندىم دەرھال كېلىپ موللامغا مەلۇم قىپتۇ:

— موللام، تالادا سىزنى ئەللىك قوشقاچ ئىزدەپ كەپتۇ.

(تۈرك)

# قۇدۇق ۋە نان

ئەپەندىم ئۆيدە ئولتۇرسا، بالىسى يىغلاپ كىرىپ:
— دادا، نېنىم قۇدۇققا چۈشۈپ كەتتى، — دەپتۇ.
ئەپەندىم يۈگۈرۈپ چىقىپ قۇدۇققا ئېڭىشىپ قا-
راپتۇ ۋە قۇدۇقتىكى ئۆز ئەكسىنى كۆرۈپ:
— شۇ ساقىللىق بىلەن كىچىك بالىنىڭ نېنىنى
تارتىۋالغۇچە ئىزا تارتساڭچۇ! — دەپتۇ كايىپ.

(ئۇيغۇر)

# باشقىلار قىلالمايدۇ

ئەپەندىم مەكتەپتە ئوقۇۋاتقان چېغىدا، ئوقۇشتا بەك ناچار ئىكەن، خەتنىمۇ تۈزۈك يازالمايدىكەن، ئۇ-نىڭ يازغان خېتىنى باشقىلار ئوقۇيالمايدىكەن.

بىر كۈنى موللىسى ئۇنىڭدىن:

— نەسىردىن، سەن باشقىلار قىلالمايدىغان ئىشنى قىلالامسەن؟ — دەپ سوراپتۇ.

— ئەلۋەتتە قىلالايمەن، مەسىلەن، مەن ئۆزۈم يازغان خەتنى ئوقۇيالايمەن، باشقىلار ئوقۇيالمايدۇ، — دەپ جاۋاب بېرىپتۇ ئەپەندىم.

(تۈرك)

# بەش قولنىڭ ئىزى قالىدۇ

ئەپەندىم مەكتەپكە كىرىپ ئۇزاق ئۆتمەي، بىر كۈنى خۇشال ئۆيىگە قايتىپ دادىسىغا:

— دادا، بۈگۈن مۇئەللىم بىزگە ھېساب دەرسى ئۆتتى، مەن قوشۇش بىلەن ئېلىشنى ئۆگىنىۋالدىم، — دەپتۇ.

— شۇنداقمۇ، ئەمىسە مەن سەندىن بىر ئىمتىھان ئېلىپ باقاي. ئەگەر ئاكاڭنىڭ قولىدا ئالتە تال قەنت بولسا، سەن ئۇنىڭ قولىدىن بەش تالنى ئېلىۋالساڭ، قانچە تال قالىدۇ؟ — دەپ قىزىقىپ سوراپتۇ دادىسى.

ئەپەندىم ئىتتىك مەڭزىنى سىلاپ:

— نېمە قالاتتى، يۈزۈمدە ئاكامنىڭ بەش قولىنىڭ ئىزى قالامدۇ، — دەپ جاۋاب بېرىپتۇ.

(تۈرك)

## ئېشەك ئوتنى يەپ بولۇپ كېتىپ قالدى

مەكتەپتە مۇئەللىم ئوقۇغۇچىلارغا: «ھەربىر بىڭلار بىردىن رەسىم سىزىڭلار» دەپتۇ. ئەپەندىم قەلىمىنى ئۇنتۇپ قاپتىكەن، قۇرۇق قەغەزنى تاپشۇرۇپتۇ.

— نەسىردىن، سىېنىڭ سىزغان رەسىمىڭ قېنى؟ — دەپ سوراپتۇ مۇئەللىم.

— مېنىڭ سىزغان رەسىمىم ئاشۇ، — دەپ مۇئەللىمنىڭ قولىدىكى ئاق قەغەزنى كۆرسىتىپتۇ ئەپەندىم.

— ئەمىسە نېمىنى سىزدىڭ؟ — دەپ سوراپتۇ يەنە مۇئەللىم.

— مەن ئوت يەۋاتقان ئېشەكنى سىزدىم، — دەپ جاۋاب بېرىپتۇ ئەپەندىم.

— ئۇنداق بولسا سىزغان ئوتۇڭ قېنى؟

— ئېشەك يەپ كەتتى، — دەپتۇ ئەپەندىم.

— ئۇنداق بولسا ئېشەك قېنى؟

— ئېشەك ئوتنى يەپ بولۇپ كېتىپ قالدى، — دەپ جاۋاب بېرىپتۇ ئەپەندىم.

(تۈرك)

# جىگدە تالقىنى

گۆدەك ئەپەندىم ئىشەك ئالدىدا ئولتۇرۇپ جىگدە تالقىنى يەۋاتسا، بوران چىقىپ كېتىپتۇ. يولدىن ئۆتۈپ كېتىۋاتقان بىر كىشى ئەپەندىمدىن سوراپتۇ:

— ئەپەندىم، يەۋاتقىنىڭىز نېمە؟

— ئەگەر بوران مۇشۇنداقلا چىقىۋەرسە، ھېچنېمە! — دەپ جاۋاب بېرىپتۇ ئەپەندىم.

(ئۇيغۇر)

# قورساقتا كىرىپ كەتكىنى

بىر بالا ئاپىسىنىڭ تاپشۇرغىنىچە، ئەپەندىمنىڭ يايمىسىدىن بىر كىلوگرام ئالما سېتىۋاپتۇ. يولدا كې-لىۋېتىپ، ئۇ يوغان ئىككى ئالمىنى يەۋاپتۇ.

— بىر كىلوگرام ئالمىمۇ ئاران شۇنچىلىك بولامدۇ؟ — دەپ سوراپتۇ ئاپىسى بالىدىن.

— مەن نەدىن بىلەي، يايمىچى ماڭا شۇنچىلىك بەرگەن تۇرسا، — دەپ يالغان ئېيتىپتۇ بالا.

ئاپىسى ئاچچىقىدا ئەپەندىمنىڭ قېشىغا كې-لىپ سوراپتۇ:

— ھېلىلا بالام كېلىپ سىزدىن بىر كىلوگرام ئال-ما ئالغانىكەن، نېمىشقا يېرىم كىلوگرام بېرىسىز؟

ئەپەندىم تارازىسىنى كۆرسىتىپ تۇرۇپ:

— مېنىڭ تارازام مۇتلەق توغرا، خاتىرجەم بو-لۇڭ. كېمىيىپ قالغان يېرىم كىلوگرام ئالما بالىنىڭ قورسىقىغا كىرىپ كەتكىنى، — دەپتۇ.

(ئۇيغۇر)

# ئىشىك بىلەن چىقىپ كېتەي

ئەپەندىم بالا چېغىدا بىر كۈنى تامدىن ئارتىلىپ بىر باغقا چۈشۈپتۇ ـ دە، تازا مەززە قىلىپ ئەنجۈر يەپتۇ. ئۇ ئەنجۈرنى يەپ بولۇپ، ئەمدىلا تامدىن ئارتىلىپ چىقىپ كېتەي دەپ تۇرۇشىغا، باغنىڭ ئىگىسى كۆرۈپ قاپتۇ.

باغنىڭ ئىگىسى ئاچچىقى كېلىپ:

— ئەپەندىم، خەقنىڭ بېغىغا تامدىن ئارتىلىپ چۈشۈپ ئوغرىلىقچە ئەنجۈر يېسىڭىز قانداق بولغىنى؟ — دەپ سوراپتۇ.

— تامدىن ئارتىلىپ چۈشكىنىمگە ئاچچىقىڭىز كەلگەن بولسا، ئىشىك بىلەن چىقىپ كېتەي ئەمىسە، — دەپتۇ ئەپەندىم.

(ئۇيغۇر)

# بىز قانداق تېپىشقان؟

— دادا، سەن نەدە تۇغۇلغان؟ — دەپ سوراپتۇ گۆدەك ئەپەندىم دادىسىدىن.

— دېڭىز ياقىسىدىكى يۇرتىمىزدا تۇغۇلغان، — دەپتۇ دادىسى.

— ئاپامچۇ؟ — دەپ سوراپتۇ يەنە ئەپەندىم.

— كونىشەھەردە، — دەپتۇ دادىسى.

— ئەمىسە مەن نەدە تۇغۇلغان؟ — دەپ سوراپتۇ يەنە ئەپەندىم.

— يېڭىشەھەردە، — دەپتۇ دادىسى.

— قىزىق - دە، ئۇنداق بولسا بىز قانداق تېپىشقان؟ — دەپ سوراپتۇ ئەپەندىم يەنە.

(تۈرك)

# ئېھتىيات قىلغان ياخشى

ئەپەندىم ئوغلىنى بازاردىن نان ئەكېلىشكە بۇيرۇپ، ئىككى تەڭگە بېرىپتۇ ـ دە، كاچىتىغا بىرنى سېلىپ:

— پۇلنى ئوغرىغا بەرمە! — دەپتۇ.

بۇنى كۆرگەن ئەپەندىمنىڭ خوتۇنى:

— ساراڭ بولدىڭىزمۇ؟ يوقاتمىغان پۇل ئۈچۈن بالىنى نېمىشقا ئۇرىسىز؟ — دەپتىكەن.

— يوقاتقاندىن كېيىن ئۇرغاننىڭ نېمە پايدىسى، ئېھتىيات قىلغان ياخشى، — دەپتۇ ئەپەندىم.

(ئۇيغۇر)

# دادام ھەممىدىن ئەقىللىق

گـۆدەك ئـەپەندىم بـاينىڭ ئـوغلى بىلەن پو ئې-
تىشىپتۇ .

— مېنىڭ دادام ھەممىدىن باي ! — دەپتۇ باينىڭ
ئوغلى .

— مېنىڭ دادام ھەممىدىن ئەقىللىق ! — دەپتۇ
گۆدەك ئەپەندىم .

— مېنىڭ دادام ساڭا بىر پارچە ئالتۇننى بىكارغا
بېرىۋېتەلەيدۇ ! — دەپتۇ باينىڭ ئوغلى .

— مېنىڭ دادام سـاڭـا بىـر تىيىننىمـۇ ئالداتـ-
مايدۇ ! — دەپتۇ گۆدەك ئەپەندىم .

( قازاق )

# مەن ئادەم ئالداشنى ياخشى كۆرمەيمەن

گۆدەك ئەپەندىم تازا تاتلىق ئۇخلاۋاتسا، ئىشىكنى بىرى قېقىپتۇ. ئەپەندىمنىڭ دادىسى ئەپەندىمنى قىچقىرىپ:

— چاقىان چىقىپ ئاۋۇ كىشىنى كەتكۈزۈۋەت، مېنى يوق دېگىن، — دەپتۇ خۇشياقمىغاندەك قىلىپ.

گۆدەك ئەپەندىم ئورنىدىن تۇرۇپ ئىشىكنى ئاچسا، دادىسىنىڭ بىر ئاغىنىسى ئىكەن. ئۇ كىشى ئەپەندىمدىن:

— داداڭ ئۆيدە بارمۇ؟ — دەپ سوراپتۇ.

— بىرنەرسە دېيىشكە ئاغزىم بارمايۋاتىدۇ، — دەپتۇ گۆدەك ئەپەندىم.

— نېمىشقا ئاغزىڭ بارمايدۇ؟ — دەپ سوراپتۇ هېلىقى كىشى.

— چۈنكى، مەن ئادەم ئالداشنى ياخشى كۆرمەيمەن، — دەپتۇ گۆدەك ئەپەندىم.

(تۈرك)

# ئالىقاچان يېرىلىپ كېتەتتى

بىر كۈنى، ئەپەندىمنىڭ ئوغلى دادىسىدىن سوراپتۇ:

— دادا، خۇدايىم ئادەمنى نېمە بىلەن ياراتقان؟

— تۇپىدىن ياراتقان، — دەپتۇ ئەپەندىم.

— قۇرۇق تۇپىدىنمۇ ياكى قۇرۇق تۇپىنى لاي قىلىپمۇ؟ — دەپ سوراپتۇ يەنە ئوغلى.

— لاي قىلىپ ياراتقان، — دەپ جاۋاب بېرىپتۇ دادىسى.

— لايغا سامان قوشۇپمۇ ياكى سامان قوشمايمۇ؟ — دەپ سوراپتۇ يەنە ئوغلى.

— ھوي ئەخمەق بالا، ئەگەر لايغا سامان قوشمىغان بولسا، بۇ دۇنيانىڭ جاپالىرىدىن داداڭ ئالىقاچان چاك - چاك يېرىلىپ كېتەتتى، — دەپتۇ دادىسى.

(تۈرك)

# يۈيمايلا يەۋېتىپتىمەن

گۆدەك ئەپەندىم بىر تال ئالمىنى يۈيمايلا يەۋېتىپ قورسىقى ئاغرىپ كېتىپتۇ، ئارقىسىدىن ھەدەپ سۇ ئىچكىلى تۇرۇپتۇ. بىر چېلەك سۇنى ئىچىپ بولغىلى ئازلا قاپتۇ.

دادىسى كۆرۈپ ھەيران قېلىپ:

— نېمىشقا سۇ ئىچىسەن؟ — دەپ سوراپتۇ.

— مەن ھازىرلا بىر تال ئالما يېگەنتىم، — دەپ جاۋاب بېرىپتۇ ئەپەندىم.

— ئۇنداق بولسا نېمىشقا سۇنى كۆپ ئىچىسەن؟ — دەپ سوراپتۇ دادىسى يەنە.

— بايا يېگىنىم يەردىكى ئالما ئىكەن، يۇيمايلا يەۋېتىپتىمەن، — دەپ جاۋاب بېرىپتۇ گۆدەك ئەپەندىم.

(ئۇيغۇر)

# سوپۇننى قانداق تازىلىغىلى بولىدۇ

بىر كۈنى، گۆدەك ئەپەندىمنىڭ ئاپىسى ئىرىق بويىدا كىر يۇيۇپتۇ. ئەپەندىم يېنىدا ئويناپتۇ. شوخ ئەپەندىم ئاۋايلىماي سوپۇن قۇتىسىنى بىر تېپىپتىكەن، ئىچىدىكى سوپۇن يەرگە چۈشۈپ لاي بولۇپ كېتىپتۇ. ئەپەندىمنىڭ ئاپىسى ئاچچىقى كېلىپ:

— هاي كەپسىز، سوپۇننى پاسكىنا قىلىۋەتتىڭغۇ، چاققان ئېرىقتىكى سۇغا ئاپىرىپ يۇيۇپ تازىلىدۇەت، — دەپ ۋارقىراپتۇ.

گۆدەك ئەپەندىم لاي بولۇپ كەتكەن سوپۇننى يەردىن ئېلىپ ئويلىنىپ قاپتۇ ۋە ئاپىسىغا قاراپ:

— ئاپا، پاسكىنا بولۇپ كەتكەن سوپۇننى نېمە بىلەن يۇيسا پاكىز بولىدۇ؟ — دەپتۇ.

(قازاق)

# نېمە ئېلىپ يەيسىز

بىر كۆنى گۆدەك ئەپەندىم بازارغا بېرىپتۇ، قەنت ـ گېزەك ساتقۇچى ئۆنىڭغا بىر تال كەمپۈت بېرىپتۇ. ئەپەندىم مۆنداق تاتلىق كەمپۈتنى يەپ باقمىغانىكەن، كەمپۈتنى يەپ بولۇپ، كەمپۈت ساتقۇچىدىن:

— هەي ئاغىنە، مۆنداق تاتلىق كەمپۈتنى سېتىۋېتىپ، ئۆنىڭ پۇلىغا نېمە ئېلىپ يەيسىز؟ — دەپ سوراپتۇ.

(ئۆزبېك)



# سەن ئۇخلاپ قالغاندا چالىمەن

گۆدەك ئەپەندىم باشقا بالىلارنىڭ كاناي چېلىپ ئويناۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ، كاناي چېلىپ ئوينىغۇسى كېلىپ قاپتۇ، شۇنىڭ بىلەن دادىسىنىڭ قېشىغا بې-رىپ:

— دادا، دادا، بالىلارنىڭ ھەممىسى كاناي چېلىپ ئوينايدىكەن، ماڭىمۇ بىر كاناي ئېلىپ بەر! — دەپتۇ.

— ياق، كاناي چالماي تۇرۇپ قىلىدىغان غەلۋەڭمۇ يېتىپ ئاشار، ئەگەر كاناي چالساڭ قۇلاقلىرىمنى پاك قىلىۋېتەرسەن! — دەپتۇ دادىسى.

— دادا، مەن ساڭا قەسەم قىلىپ بېرەي، ئەگەر ماڭا كاناي ئېلىپ بەرسەڭ، مەن چوقۇم سەن ئۇخلاپ قالغاندا چالىمەن، — دەپتۇ گۆدەك ئەپەندىم.

(ئۇيغۇر)

# كۈن ئايدىن قورقىدىكەن

ئەپەندىم دادىسىدىن:

— دادا، كۈن ئايدىن قورقامدۇ نېمە؟ — دەپ سوراپتۇ.

— نېمىشقا مۇنداق دەيسەن؟ — دەپ ئەجەبلىنىپ سوراپتۇ دادىسى ئەپەندىمدىن.

— مېنىڭچە، كۈن كۈندۈزىلا چىقىدىكەن، ئاخشىمى ئاي چىقىشى بىلەنلا، كۈن قورقۇپ يوشۇرۇنۇۋالىدىكەن.

**(ئۇيغۇر)**

# بىلىقنى قويۇپ بەردىم

بىر كۈنى، ئەپەندىم كۆلدىن ئۆزۈنلۇقى بىر گەزدىن ئوشۇق كېلىدىغان بىر بېلىق تۇتۇۋاپتۇ. ئەمما دىققەتسىزلىكىدىن بېلىق «شارتلا» قىلىپ قولىدىن چىقىپ كېتىپ كۆلگە كىرىپ كېتىپتۇ.

ئەپەندىم ئۆيگە كېلىپ ئايىسىغا دەپتۇ:

— ئاپا، مەن بۈگۈن يوغانلا بىر بېلىق تۇتۇۋالدىم، سېنىڭ بىلىكىڭدىنمۇ يوغان.

— شۇنداقمۇ؟ بېلىق قېنى؟ — دەپتۇ ئايىسى خۇشال بولۇپ.

— ھىم…، — ئەپەندىم بىردەم ئويلىنىپ، قىلچە ئەپسۇسلانماستىن دەپتۇ، — قاراپ باقسام بىزنىڭ قازىنىمىز ئۇنچىلىك يوغان ئەمەس ئىكەن، شۇنىڭ بىلەن بېلىقنى قويۇپ بەردىم.

(تۈرك)

# موللامغا ئىشەنگىلى بولمايدىكەن

بىر كۈنى، يېڭىلا مەكتەپكە كىرگەن گۆدەك ئەپەندىم ئۆيىگە قايتىپ كەلگەندىن كېيىن، دادىسى:

— موللاڭلار قانداقراقكەن؟ — دەپ سوراپتۇ.

— موللامدا گەپ يوق، ئەمما گېپىگە ئىشەنگىلى بولمايدىكەن. موللام تۇرۇپ ئۈچنى ئىككىگە قوشسا بەش بولىدۇ دەيدۇ، بىردەمدىن كېيىنلا يەنە بىرنى تۆتكە قوشسا بەش بولىدۇ دەيدۇ، — دەپ جاۋاب بېرىپتۇ گۆدەك ئەپەندىم.

(ئۇيغۇر)

**************************

# ئالته چۈجه

ئەپەندىمنىڭ دادىسى:

— بالام، بۈگۈن ساڭا ئىككى چۈجه تۇتۇپ بەر-سەم، ئەته يەنە ئۈچنى تۇتۇپ بەرسەم، جەمئىي قانچه چۈجه تۇتۇپ بەرگەن بولىمەن؟ — دەپ سوراپتۇ.

— جەمئىي ئالته چۈجه تۇتۇپ بەرگەن بولىسەن، — دەپتۇ گۆدەك ئەپەندىم.

— ۋۇي ئەخمەق، قانداقسىغا ئالته چۈجه بولىدۇ، — دەپ كايىپتۇ دادىسى.

— دادا ئۈنتۇپ قاپسەن، تۈنۈگۈن بىرنى تۇتۇپ بەرمىدىڭمۇ! — دەپتۇ گۆدەك ئەپەندىم.

(ئۇيغۇر)

# كۆپكە مۈشۈكنى سېلىپ قويدۇم

ئەپەندىمنىڭ ئۆيىدىكى كۆپنىڭ ئىچىگە يوغان بىر چاشقان چۈشۈپ كېتىپتۇ. گۆدەك ئەپەندىم دادىسىغا ۋارقىراپ:

— ۋاي دادا، كۆپنىڭ ئىچىگە يوغان بىر چاشقان چۈشۈپ كېتىپتۇ، — دەپتۇ.

— ئاپلا، چاققان چىقىرىۋال! — دەپ ۋارقىراپتۇ دادىسى.

— ھېچ ۋەقەسى يوق، دادا، ھېلىقى بىزنىڭ مۈشۈكنى كۆپكە سېلىپ قويدۇم، — دەپتۇ گۆدەك ئەپەندىم.

(ئۇيغۇر)

# رەھمەت، يەنە بىرنى بېرىڭ!

ئەپەندىمنىڭ دادىسى بىر كۈنى ئەپەندىمنى باشلاپ بىر ئاغىنىسىنىڭ ئۆيىگە ئاپىرىپتۇ. ئۆي ئىگىسى گۆدەك ئەپەندىمگە بىر تال قەنت بېرىپتۇ.

— خەق بىر نەرسە بەرسە، نېمە دېيىش كېرەك؟ — دەپ سوراپتۇ گۆدەك ئەپەندىمدىن دادىسى.

— رەھمەت، يەنە بىرنى بېرىڭ! — دەپتۇ گۆدەك ئەپەندىم.

(ئۇيغۇر)



# يەنە قانداقسىغا سېرىقماي يۇقى قالسۇن؟

دادىسى ئەپەندىمدىن:

— يەنە سېرىقماي ئوغرىلاپ يېدىڭمۇ؟ — دەپ سوراپتۇ.

— ياق، — دەپ جاۋاب بېرىپتۇ گۆدەك ئەپەندىم.

دادىسى ئاچچىقى كېلىپ يەنە سوراپتۇ:

— ياق دەيدۇ تېخى، ئاغزىڭدىكى سېرىقماي يۇقى بولماي نېمە؟

— ياق دېدىم، ياق، يېگىنىم بىلەن ئىككى قېتىم سۈرتۈۋەتتىم، يەنە قانداقسىغا سېرىقماي يۇقى قالسۇن؟ — دەپتۇ گۆدەك ئەپەندىم.

(ئۇيغۇر)

# يالغان ئېيتىش

گۆدەك ئەپەندىم ئۆيىدىكى بىر چىنىنى سۇندۇرۇپ قويۇپتۇ. ئۇ دادىسىنىڭ خاپا بولۇشىدىن قورقۇپ، چىنىنى مەن سۇندۇرمىدىم دەپ يالغان ئېيتىپتۇ.

ئەپەندىمنىڭ دادىسى ئاڭلاپ:

— بالام، يالغان ئېيتىش ياخشى ئىش ئەمەس، مەن كىچىك ۋاقتىمدا زادى يالغان ئېيتىپ باققان ئەمەس، — دەپتۇ.

— ئۇنداق بولسا سەن چوڭ بولغاندىن كېيىن قاچاندىن باشلاپ يالغان ئېيتىدىغان بولدۇڭ؟ — دەپ سوراپتۇ گۆدەك ئەپەندىم.

**(ئۇيغۇر)**

# بوۋامنىڭ چىچى قانداق ئاقارغان؟

ئەپەندىم كىچىك ۋاقتىدا بەك شوخ ئىكەن، دائىم چاتاق چىقىرىپ دادىسىنى خاپا قىلىپ قويىدىكەن.

بىر كۈنى، ئەپەندىم قوشنىسىنىڭ بىر خورىزىنى تۇتۇپ كېلىپ، خورازنىڭ چىرايلىق تۈكلىرىنى يۇلۇپ - يۇلۇپ، تەپكۈچ قىلىپ ئويناپتۇ. قوشنىسى كېلىپ ئەپەندىمنى دادىسىغا چېقىپتۇ.

دادىسى ئەپەندىمنى چاقىرىپ كېلىپ قاتتىق كايىپتۇ:

— بالام، بىلەمسەن، مېنىڭ بۇ چېچىم قانداق ئاقارغان؟ ھەممىسى سېنىڭ خاپىلىقىڭدىن بولغان، ئاچچىق يۇتۇپ ئاقىرىپ كەتكەن.

— بەللى، دادا، ئۇنداق بولسا بوۋامنىڭ چېچى قانداق ئاقارغان؟ — دەپ سوراپتۇ ئەپەندىم.

(ئۇيغۇر)

# جەمئىي ئۈچ ئەخمەق

ئەپەندىمنىڭ دادىسى ئەپەندىمدىن:

— بىرگە ئىككىنى قوشسا قانچە بولىدۇ؟ — دەپ سوراپتۇ.

ئەپەندىم جاۋاب بېرەلمەي بېشىنى چايقاپتۇ. دادىسى ئاچچىقى كېلىپ ئەپەندىمنى بىر شاپىلاق ئۇرۇپتۇ، ئارقىسىدىن:

— مەن بىلەن ئاپاڭ، ئاندىن سەن ئەخمەقنى قوشسا قانچە بولىدۇ؟ — دەپتۇ.

گۆدەك ئەپەندىم ئاغرىۋاتقان مەڭزىنى سىلاپ تۇرۇپ:

— ھە، ئەمدى بىلدىم، جەمئىي ئۈچ ئەخمەق، — دەپ جاۋاب بېرىپتۇ.

(ئۇيغۇر)

# پۇل ئۆتنە ئېلىش

ئەپەندىمنىڭ دادىسى ئېلىپ بەرگەن نۇرى قۇدۇقتا چۇشۇپ كېتىپتۇ. باشقا باللارنىڭ نۇر ئويناپ تازا قىزىپ كېتىۋاتقانلىقىنى كۆرگەن ئەپەندىمنىڭ ئىچى ئېچىشقىلى تۇرۇپتۇ، دادىسىغا يەنە بىر نۇر ئېلىپ بەر دەي دېسە تېخى، ئاخىر بولماي:

— دادا، ماڭا ئىككى تومپۇر ئۆتنە بېرىپ تۇرغىن، پۇل تاپقاندا قايتۇرىمەن، — دەپ پۇل سوراپتۇ دادىسىدىن.

— ھەي بالام، سەن كىچىككىنە تۇرۇپ نەدىن پۇل تاپىسەن؟ — دەپتۇ دادىسى.

— تاپىمەن، ئاپام قايتىپ كەلسە ئاپامدىن ئېلىپ بېرىمەن، — دەپتۇ ئەپەندىم.

(ئىران)

# چۇشۇمدە سەنمۇ بار تۇرساڭ

گۆدەك ئەپەندىم ناھايىتى قىزىق بىر چۇش كۆرۇپتۇ، ئورنىدىن تۇرۇپلا دادىسىغا دەپ بېرىپتۇ:

— دادا، كېچە ئاجايىپ قىزىقارلىق بىر چۇش كۆرۇپتىمەن.

— ھە شۇنداقمۇ، قېنى، دەپ باققىنا، قانداق چۇش كۆرۇپسەن؟ — دەپ سوراپتۇ دادىسى.

— سەن دەپ باققىنا، چۇشۇمدە سەنمۇ بار تۇرساڭ! — دەپتۇ گۆدەك ئەپەندىم.

(ئۇيغۇر)

# ئۆنىڭ بالىسى بىلەن ئوينىغان

ئەپەندىمنىڭ ئوغلى قوشنىسىنىڭ بالىسىدىن تاياق يەپتۇ. ئەپەندىم ئوغلىغا خاپا بولۇپ:

— بالام، مەن ساڭا قانچە قېتىم ئېيتتىم، ئۇ ئۇششۇقنىڭ كۆچۈكى بىلەن ئوينىما دەپ، نېمىشقا ئۇنىڭ بىلەن ئوينايسەن؟ — دەپتۇ.

— ياق، دادا، مەن ئۇلارنىڭ كۆچۈكى بىلەن ئوينىمىدىم، بالىسى بىلەن ئوينىدىم، — دەپ جاۋاب بېرىپتۇ گۆدەك ئەپەندىم.

(تۈرك)

# موزدۇز بولسام بولغۇدەك

گۆدەك ئەپەندىم بىر موزدۇزنىڭ ئوغلىدىن سوراپتۇ:

— سەن چوڭ بولساڭ نېمە بولىسەن؟

— مەن چوڭ بولسام سېنىڭ داداڭغا ئوخشاش ئادەم بولىمەن، — دەپتۇ موزدۇزنىڭ بالىسى.

— ئۇنداق بولسا مەن موزدۇز بولسام بولغۇدەك! — دەپتۇ گۆدەك ئەپەندىم.

(ئىران)

# قېرى ئىت

پادىشاھنىڭ بىر كىچىك ئوغلى بار ئىكەن، ئۇ بىرىنچى قېتىم ئەپەندىمنى كۆرۈپ دادىسىدىن:
— دادا، ئۇ كىم؟ — دەپ سوراپتۇ.
پادىشاھ ئاغزىنى بالىسىنىڭ قۇلىقىغا يېقىن ئەكېلىپ تۇرۇپ:
— ئۇ دېگەن بىر قېرى ئىت! — دەپتۇ.
شۇنىڭدىن كېيىن پادىشاھنىڭ ئوغلى ئەپەندىمنى كۆرسىلا «قېرى ئىت! قېرى ئىت!» دەپ تووۋلايدىغان بولۇۋاپتۇ.
بىر كۈنى، پادىشاھنىڭ ئوغلى توختىماستىن ئەپەندىمنى «قېرى ئىت! قېرى ئىت!» دەپ تىللىغىلى تۇرۇپتۇ. ئەپەندىم ئەمدى چىداپ تۇرالماپتۇ ـ دە، جۇدۇنى بىلەن ئېتىلىپ كېلىپ، «ھاۋ، ھاۋ، ھاۋ» دەپ ھاۋشىپ، پادىشاھنىڭ بالىسىنىڭ قۇلىقىنى تازا بىر چىشلەپتۇ. پادىشاھنىڭ بالىسى ئاغرىققا چىدىماي بولۇشىغا يىغلاپتۇ.
پادىشاھ ئاڭلاپ:
— ھەي ئەپەندىم، ساراڭ بولۇپ قالدىڭمۇ؟ نې-

مىشقا شاھزادىنىڭ قۇلىقىنى چىشلەيسەن! — دەپ
ۋارقىراپتۇ.

— ھۆرمەتلىك پادىشاھىم، مەن باللىرى دېگەن-
دەك بىر قېرى ئىت تۇرسام، ئىت دېگەن چېقىلغان
ئادەمنى چىشلەيدۇ - دە! — دەپتۇ ئەپەندىم.

(ئۇيغۇر)



# بەش ئەزاسى يوق قوي

ئەپەندىمنىڭ دادىسى ئوغلىنى بازاردىن قوينىڭ پى- شۇرۇلغان بېشىنى ئەكېلىشكە بۇيرۇپتۇ. ئاچ پاقا ئە- پەندىم ئۆيگە قايتىپ كېلىۋېتىپ، يولدا ھېلىقى باشنىڭ كۆزى، قۇلىقى، تىلى ۋە مېڭىسىنى يەۋاپتۇ.

دادىسى ئوغلىنىڭ بىر چالا - پۇچۇق باشنى ئەكەل- گەنلىكىنى كۆرۈپ ناھايىتى ئاچچىقى بىلەن:

— قانداق بىرنېمىنى ئەكەلدىڭ! — دەپتۇ.

— پىشۇرۇلغان باشنى ئەكەلدىم! — دەپتۇ ئەپەندىم.

— ئەمىسە باشنىڭ كۆزى بىلەن قۇلىقى قېنى؟ — دەپتۇ دادىسى.

— ئۇ قارىغۇ تۇرسا، كۆز نېمە ئىش قىلسۇن؟ ئۇ يەنە ساغرۇ تۇرسا، قۇلاقنىڭ نېمە كېرىكى؟ — دەپتۇ ئەپەندىم.

— ئۇنداق بولسا تىلى بىلەن مېڭىسى قېنى؟ — دەپ سوراپتۇ دادىسى.

— ئۇ گاچا تۇرسا، ئۇنىڭدا تىل بولامدۇ، ئۇ تۇغۇلۇشىدا ساراڭ تۇغۇلغان تۇرسا، ئۇنىڭدا قانداقسىغا مېڭە بولسۇن؟ — دەپ جاۋاب بېرىپتۇ ئەپەندىم.

(ئۇيغۇر)

# ئاي بىلەن يۇلتۇز

موللام بالىلاردىن:
— بالىلار، ئاي بىلەن يۇلتۇزنىڭ قايسىسى بىزگە يېقىن؟ — دەپ سوراپتۇ.
گۆدەك ئەپەندىم دەرھال ئورنىدىن تۇرۇپ:
— ئەلۋەتتە ئاي يېقىن، ئاي دېگەن يوغان، يۇلتۇز دېگەن كىچىككىنە تۇرسا، گاھىدا يۇلتۇزنى كۆرگىلىمۇ بولمايدۇ، — دەپ جاۋاب بېرىپتۇ.

(ئۇيغۇر)

# خەلپىتىم نومۇرنىڭ ھەممىسىنى
# ئوغلىغا بېرىدۇ

ئەپەندىم كىچىك ۋاقتىدا بەك ئويۇنچى بولغاچقا، ئىمتىھاندىن ھەمىشە ياخشى نومۇر ئالالمايدىكەن.

دادىسى ئاچچىقى كېلىپ سوراپتۇ:

— ئوقۇش نەتىجەڭ نېمانداق ناچار؟ ھەمىشە ئالدىغىنىڭ بىر ياكى ئىككى نومۇر!

— دادا، سەن بىلمەيسەن، خەلپىتىم ياخشى نومۇرنى ئوغلىغا بېرىۋېتىدۇ، ماڭا كەلگەندە بىر ياكى ئىككىلا نومۇر قالىدۇ، — دەپتۇ ئەپەندىم.

(ئۇيغۇر)

# شۇنداق

دۇكاندار گۆدەك ئەپەندىمدىن سوراپتۇ:

— ئۇنتۇپ قالمىغانسەن، دادىڭ بەش كىلوگرام ناۋات، يېرىم كىلوگرام ياڭيۇ ئەكەل دېگەنىدى؟

— مېنىڭچە شۇنداق، بولمىسا مەن كۆتۈرەلەمدىمەن، — دەپ جاۋاب بېرىپتۇ گۆدەك ئەپەندىم.

(ئۇيغۇر)

*****************************

# ياڭاق بۆلۈپ بەرگەننىڭ ھەققى

ئىككى بالا ئويناۋېتىپ بىر ياڭاق تېپىۋاپتۇ ۋە ئۇنى تالىشىپ سوقۇشۇپ قاپتۇ. بۇنىڭ ئۇستىگە ئەپەندىم كېلىپ قېلىپ ۋەقەنى سۈرۈشتۈرۈپ ئۇققاندىن كېيىن، ياڭاقنى ئاپتۇ ـ دە، پىچىقى بىلەن ئىككىگە ئاجرىتىپ، ئىككى بالىغا يېرىمدىن شاكالىنى بېرىپتۇ ـ دە، مېغىزىنى ئۆزى ئېلىپ:

— مانا بۇ سىلەرگە ياڭاقنى بۆلۈپ بەرگەن ھەققىم بولسۇن، ئەمدى سوقۇشماي ئويدان ئويناڭلار، — دەپ كېتىپ قاپتۇ.

(ئۇيغۇر)

# داداڭغا ئوخشاپسەن

ئەپەندىمنىڭ ئوغلى بەش ياشقا كىرىپتۇ، بىر كۈنى ئوغلى ئىشىك تۈۋىدە ئويناۋاتقاندىكەن، ئەپەندىم ئۈنىڭدىن:

— بالام، پىدىگەن دېگەن نېمە؟ — دەپ سوراپتۇ.

— كۆزىنى ئاچمىغان سۆسۈن رەڭ موزاي، — دەپتۇ ئوغلى.

بەك خۇش بولۇپ كەتكەن ئەپەندىم ئوغلىنى قۇچىقىغا ئېلىپ، ماڭلىيىغا سۆيۈپ تۇرۇپ:

— ئەقىللىق بالام، داداڭغا ئوخشاپسەن، مەن بۇنى ساڭا ھېچقاچان دەپ بەرمىگەن، پۈتۈنلەي ئۆزۈڭ تاپتىڭ! — دەپتۇ.

(ئافغان)

# ئىشىك تۈۋىدىن قىمىرلىما

ئەپەندىمنىڭ بالا چاغلىرى ئىكەن، ئانىسى ئەپەندىمنىڭ دوپپىسىغا جىگدە توشتۇرۇپ بېرىپ: «سەن ئىشىك تۈۋىدىن قىمىرلىما، مەن ھازىر كېلىمەن» دەپ مېھماندارچىلىققا كېتىپتۇ. شۇ ئارىدا يىراق يېزىدىن مېھمانلار كېلىپ قاپتۇ. گۆدەك ئەپەندىم ئۇلارنى ئۆيگە ئولتۇرغۇزۇپ قويۇپ، كوچا ئىشىكىنى ئىزىدىن چىقىرىۋاپتۇ - دە، ئىشىكنى دۈمبىسىگە ئارتىپ ئانىسىنى قىچقارغىلى كېتىپتۇ.

ئانىسى ئەپەندىمنىڭ ئىشىكنى كۆتۈرۈپ كېلىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ ھاڭ - تاڭ بولۇپ قاپتۇ.

— ھەي، بالام، ئىشىكنى نېمىشقا كۆتۈرۈپ يۈرىسەن؟

— ئانا، سەن ئىشىكنىڭ تۈۋىدىن قىمىرلىما دېمىگەنمىدىڭ؟ مېھمان كېلىپ قالغاندىن كېيىن قىمىرلىماسلىققا ئامالىم بولمىدى، قىمىرلىساممۇ ئىشىكنىڭ تېگىدە قىمىرلاپ كېلىۋاتىمەن، — دەپتۇ ئەپەندىم.

(ئۇيغۇر)

# تېۋىپ

ئەپەندىم ياش چېغىدا دادىسى ئۇنىڭغا تېۋىپلىقنى ئۆگىتىپ شۇنداق دەپتىكەن:

— ئاغرىقنى بىرىنچى قېتىم كۆرگىلى بارغىنىڭدا پەرھىز بۇيرۇغىن. ئىككىنچى قېتىم كۆرگىلى بارغىنىڭدا ئۇنىڭ ئالدىدىكى قاچا - قومۇچلارغا قاراپ: «پەرھىزنى بۇزۇپسىز!» دەپ دوق قىلغىن! ئاغرىق كىشى كۆپىنچە تېۋىپنىڭ ئېيتقىنىنى قىلمايدۇ. پەرھىزنى بۇزۇپ، كۆڭلى خالىغان غىزانى يەۋېرىدۇ. تەخمىنەن ئېيتقىنىڭ توغرا چىقسا، ساڭا ئاغرىقنىڭ ئىخلاسى ئاشىدۇ، شۇنىڭ بىلەن ئاغرىقنى سېغىپ ئىچەۋېرىسەن.

ئەپەندىم ئاتىسىنىڭ ئېيتقىنىغا ئەمەل قىلىپ، بىر ئاغرىققا ئاۋۋالقى بېرىشىدا پەرھىز بۇيرۇپتۇ، ئىككىنچى بېرىشىدا بولسا، پەرھىزنى تەكشۇرمەكچى بوپتۇ. بىراق، ئاغرىقنىڭ يېنىدا ھېچقانداق قاچا كۆرۈنمەپتۇ، پەقەت ئويۇقتا چەتلىرىنى چاشقان غاجىلىغان بىر توقۇم تۇرغۇدەك. ئەپەندىم ئۇنى كۆرۈپ ئاغرىققا دوق قىلىپ:

— سىز پەرھىزنى بۇزۇپسىز! — دەپتۇ.

— سىز كەتكەندىن بېرى تۇز تېتىغىنىم يوق، —

دەپتۇ ھالىدىن كەتكەن ئاغرىق.
— يالغان ئېيتىپسىز! — دەپتۇ ئەپەندىم دوق قىلىپ، — توقۇم يەپسىز!

(ئۆزبېك)



## ئىشان ۋە ساقال

ئەپەندىم ئىشان ئىكەن. بىر كۈنى ئوغلى:

— دادا، خۇدا ئادەمنى لايدىن ياسىغان دېيىشىدۇ، ياساپ خۇمدانغا سالغانمۇ، سالمىغانمۇ؟ — دەپ سوراپتۇ.

— ئاناڭنى خۇمدانغا سالغان، مېنى سالمىغان.

— نېمىشقا سېنى سالمىغان؟

— خۇمدانغا سالسا ساقىلىم كۆيۈپ كېتىپ ئىشانلىقتا يارىماي قالاتتىم.

(ئۆزبېك)

# ئارزۇ

گۆدەك ئەپەندىم بىر مەھەللىدىن ئۆتۈپ كېتىۋې-
تىپ، تونۇردىن گىردە سويۇۋاتقان ناۋاينىڭ ئالدىدا
توختاپ:

— ناۋاي ئاكا، بۇ گىردىمۇ؟ — دەپ سوراپتۇ.

— ھە، گىردە.

— تۇتسا قول كۆيسە كېرەك - ھە؟

— ھە، ھازىر تونۇردىن چىقتى، قول كۆيىدۇ.

— ئاۋۇ قىزىلى شىرمەننان دېيىلەمدۇ؟

— ھە، شىرمەننان دېيىلىدۇ.

— بۇنى ھازىر ئېلىپ قايماققا مىلەپ يېگەن ياخ-
شىمۇ، رىشالىغىمۇ؟

— ئىككىلىسىلا ياخشى بولىدۇ. ئېلىڭ، ئۇكا،
بىر مەززە قىلىڭ.

ئەپەندىم شۆلگىيىنى يۇتۇپ، سېۋەتتىكى نانلارنى
ئاستا سىلاپ تۇرۇپ:

— ئەتتەڭ، پۇلۇم بولسا ئالاتتىم - دە! — دەپتۇ.

(ئۇيغۇر)

# تاياق يېسەم روزام ئېچىلىپ كەتمەمدۇ؟

ئەپەندىم مەكتەپتە بالىلارغا كۈن بەرمەيتتىكەن. رامزان ئېيىدا ئەپەندىمنىڭ خەلپىتى نەشىگە خۇمار بولۇپ جېنى چىقىپ تۇرغاندا، ئەپەندىم يەنە شوخلۇق قىپتۇ.

— جىم ئولتۇرامسەن نەسىردىن، ياكى تاياق يېگۈڭ كېلىۋاتامدۇ؟

ئەپەندىم ئورنىدىن تۇرۇپ، قولىنى قوشتۇرۇپ، ئەدەپ بىلەن شۇنداق دەپتۇ:

— خەلپىتىم، تاياق يېسەم روزام ئېچىلىپ كەتمەمدۇ؟

(ئۇيغۇر)

# دادام بىلەن كېتىپ بارىمەن

ئەپەندىم كېچىسى ئېشەك مىنىپ كېتىپ بارسا، ئالدىدىن قاراقچىلار چىقىپ قاپتۇ. ئەپەندىم دەررۇ ئې-شەكتىن چۈشۈپتۇ ـ دە، ئېشەكنىڭ تېگىگە كىرىپ يوشۇرۇنۇۋاپتۇ. قاراقچىلار ئېشەك ئاستىدىكى ئەپەن-دىمنى كۆرۈپ قېلىپ:

— كىمسەن؟ — دەپ ۋارقىراپتۇ.

— ئېشەكنىڭ بالىسى بولىمەن، — دەپتۇ ئەپەندىم.

قاراقچىلاردىن بىرى:

— بۇ ھاڭگا ئېشەكقۇ! — دەپتىكەن. ئەپەندىم:

— ئانام تويغا كەتكەنىدى، شۇڭا دادام بىلەن كې-تىپ بارىمەن، — دەپتۇ.

(ئۇيغۇر)

# تۆگىنىڭ بويىنى نېمىشقا ئۇزۇن؟

ئوغلى ئەپەندىمدىن سوراپتۇ:

— دادا، تۆگىنىڭ بويىنى نېمىشقا ئۇزۇن؟

— ئوغلۇم، بۇنىڭ سەۋەبى مۇنداق، — دەپتۇ ئەپەندىم، — تۆگىنىڭ بېشى بىلەن تېنى بىر - بىرىدىن يىراق تۇرغاچقا، خۇدايىم ئۇنىڭ بېشى بىلەن تېنىنى تۇتاشتۇرۇش ئۈچۈن ئۇنىڭغا ئۇزۇن بويۇن ئاتا قىلغان!

(قازاق)



## ئالدىنىش دېگەن نېمە؟

ئەپەندىمنىڭ بالا چاغلىرىدا ناھايىتى جاھىل، تەكەببۇر ۋە ماختانچاق بىر ئاغىنىسى بار ئىكەن، ئۇ دائىم:

— مېنى ھېچكىم ئالدىيالمايدۇ! — دەپ ماختىنىدىكەن.

گۆدەك ئەپەندىم ئاغىنىسىنىڭ بۇ ھاكاۋۇرلۇقىنى ياقتۇرمايدىكەن. ئىچىدە: «بىر پۇرسىتىنى تېپىپ دەككىسىنى بېرىپ قويىمىسام» دەپ ئويلايدىكەن. بىر كۈنى گۆدەك ئەپەندىم ئۇنىڭغا:

— ھەي ئاداش، سەن تولا كۆرەڭلىمە، مەن سېنى ئالدىيالايمەن، — دەپتۇ.

— ھىم، سەن تۇگۇل، داداڭمۇ مېنى ئالدىيالمايدۇ! — دەپتۇ ئاغىنىسى مەيدىسىنى كېرىپ.

— ئۇنداق بولسا سەن مۇشۇ يەردە تۇرۇپ تۇرغىن، مېنىڭ مۇھىم بىر ئىشىم بار، تۈگىتىۋېتىپ بىردەمدە يېنىپ كېلىمەن، قايتىپ كەلگەندە سېنى ئالدايمەن، — دەپلا كېتىپ قاپتۇ گۆدەك ئەپەندىم.

بۇ تەكەببۇر ئاغىنىسى ئۆز جايىدىن مىدىرلىماي، ئەپەندىمنى ساقلاپ تۇرۇپتۇ، كەچ كىرىپ سىرتتا ئوي-

ناپ يۈرگەن باللارمۇ ئارقا ـ ئارقىدىن ئۆيلىرىگە كىرىپ كېتىپتۇ. چوڭراق بىر بالا ئۇنىڭ ئۆزى يالغۇز يولنىڭ ئوتتۇرىسىدا تۇرغانلىقىنى كۆرۈپ سوراپتۇ:

— بۇ يەردە نېمە قىلىپ تۇرىسەن؟ شۇنچە كەچتە ئۆيۈڭگە قايتماي؟

— مەن ئەپەندىمنى ساقلاپ تۇرۇۋاتىمەن، — ئۇ ئەپەندىم بىلەن دېيىشىپ قويغان ئىشنى سۆزلەپ بېرىپتۇ. ھېلىقى بالا ئاڭلاپ بولۇپ، ئۇنىڭ ئەپەندىمىنىڭ ئالدىمىغا چۈشۈپ كەتكەنلىكىنى بىلىپتۇ ـ دە، ئۇنىڭغا:

— ئالدىنىش دېگەن نېمە؟ سەن بىلەمسەن؟ ئالدىنىش دېگەن مانا مۇشۇ. سەن ئەپەندىمىنىڭ ئالدىمىغا چۈشۈپ كېتىپسەن، — دەپتۇ.

بۇ ھاكاۋۇر ئاغىنە ئالدانغانلىقىنى ئەمدى چۈشىنىپ، پېشانىسىگە ئۇرغىنىچە ئۆيىگە قايتىپتۇ.

(تۈرك)

# ئۈزۈن گىلەم

ئۈزىنى گەپدان ھېسابلايدىغان بىر كىشى «ئەپەندىم بىلەن بىر چېقىشىپ باقمايمۇ؟» دەپ ئويلاپتۇ. بىر كۈنى ئۇ ئاتقا مىنىپ، ئاتنىڭ كەينىگە بىر پارچە ئۈزۈن گىلەمنى سۆرىتىپ ئەپەندىمنىڭ ئىشىكى ئالدىغا كەپتۇ. ئىشىكنى ئاچقىنى ئەپەندىمنىڭ ئون ياشلىق ئوغلى ئىكەن.

ھېلىقى كىشى:

— سەن كىمنىڭ بالىسى؟ — دەپ سوراپتۇ.

— ئەپەندىمنىڭ ئوغلى!

— ھە، مەن سىلەرگە بىر گىلەم سوۋغا ئېلىپ كەلدىم، گىلەمنىڭ بىر ئۇچى ئاتنىڭ ئۇچىسىدا، يەنە بىر ئۇچى بەش چاقىرىم يىراقلىقتىكى يولدا، بۇنداق چوڭ گىلەم سىلەرنىڭ ئۆيۈڭلەرگە سىغامدۇ؟ — دەپ سوراپتۇ ئۇ.

— رەھمەت! بىرنەچچە كۈننىڭ ئالدىدا بىزنىڭ گىلىمىمىز كۆيۈپ قېلىپ يوغان بىر تۆشۈك ئېچىلىپ قالغاندى، بۇ گىلىمىڭىز شۇ تۆشۈكنى ياماشقا يارامدۇ-يارىمامدۇ، بىلمىدىم؟ — دەپتۇ ئەپەندىمنىڭ ئوغلى.

ھېلىقى كىشى بۇ گەپنى ئاڭلاپ، ئىچىدە: «ئەپەن-
دىمنىڭ بالىسى بۇنچىلىك گەپدان تۇرسا، ئۆزى قانچىـ
لىك ئەقىللىقتۇر!» دەپ ئويلاپ، ئاستا كەينىگە ئۆرۈ-
لۈپ كېتىپ قاپتۇ.

(قازاق)



## ھەممىدىن بەك نېمىدىن قورقىسەن؟

بىر كۈنى، ئەپەندىمنىڭ ئۆيىدە تاماق تەييار بوپ-تۇ، ئۆيىدىكىلەر داستىخانغا ئولتۇرۇپ ئەمدىلا تاماققا ئېغىز تېگەي دەپ تۇرۇشىغا، مەھەللىدىكى كىمنىڭ تۇرخۇنىدىن ئىس چىقسا شۇنىڭ ئۆيىگە كىرىپ داستىخانغا ئولتۇرۇۋالىدىغان بىر ئادەم كىرىپ كەپتۇ.

ئەپەندىمنىڭ دادىسى ئۇ كىشىنى كۆرۈپ جۇدۇنى ئۆرلەپتۇ، ئەمما ئەدەپ ـ يوسۇننى كۆزدە تۇتۇپ، يەنىلا ئاش ـ تاماق قويۇپ ئوبدان كۈتۈۋاپتۇ. قىچقارمىغان مېھمان يەپ ـ ئىچىپ راسا تويغاندىن كېيىن، دادىسى-نىڭ كۆڭلىدىكىنى بىلىپ تۇرغان گۆدەك ئەپەندىم بىر-دىنلا دادىسىدىن سوراپتۇ:

— دادا، سەن ھەممىدىن بەك قانداق تاماقنى ياخ-شى كۆرىسەن؟

— بالام، مەن ھەممىدىن بەك خەقنىڭ ئۆيىدىكى تاماقنى ياخشى كۆرىمەن! — دەپتۇ ئەپەندىم-نىڭ دادىسى.

— دادا، سەن ھەممىدىن بەك نېمىدىن قورقى-سەن؟ — دەپ سوراپتۇ يەنە گۆدەك ئەپەندىم.

— بالام، مەن ھەممىدىن بەك تاماق ئۈستىگە مېھ-
مان كېلىپ قېلىشتىن قورقىمەن، — دەپ جاۋاب
بېرىپتۇ ئەپەندىمنىڭ دادىسى.

(تۈرك)



# مۇزدەك ئاش

ئەپەندىم بۇخاراغا بېرىپ ئىلىمگە تولۇپ قايتىپتۇ. دادىسى ئۇنى ئەرەبچىدىن سىنىماقچى بولۇپ:

— ئوغلۇم، ئەرەبلەر مۇزدەك ئاشنى نېمە دەيدۇ؟ — دەپ سوراپتۇ.

— ئەرەبلەر مۇزدەك ئاشنى كۆرسە «مۇزدەك ئاش ئىكەن» دەپ ئولتۇرمايدۇ، ئۇنچىقماستىن يەۋېرىدۇ. شۇڭا مۇزدەك ئاشقا ئات قويغان ئەمەس.

(ئۆزبېك)

# تېپىشماق

ئەپەندىم قولىغا مونچاقنى يۇمۇۋېلىپ ئوغلىدىن سوراپتۇ:

— قېنى تاپقىنا، ئوغلۇم، بۇ نېمە؟ ئۆزى دۇگىلەك، ئوتتۇرىسى تۆشۈك.

ئەپەندىمنىڭ ئوغلى ئويلاپ تۇرۇپ:

— غەلۋىرنىڭ قاسقىنى! — دەپ جاۋاب بېرىپتۇ.

ئەپەندىم ئوغلىنىڭ بېشىنى سىلاپ تۇرۇپ:

— بارىكاللا، دادىسىنىڭ بالىسى! ئەقلىڭ تولۇپتۇ، ئەمدى ئوقۇمىساڭمۇ بولغۇدەك…، — دەپتۇ.

(ئۆزبېك)

# موزاينىڭ ئەرەبچىسى

ئەپەندىم مەدرىسىدە ئەرەبچە ئوقۇپ يۈرگەن كۈنلە-
رىنىڭ بىرىدە، خەلپىتىم ئىمتىھان ئاپتۇ:

— نەسىردىن، موزاينى ئەرەبچە نېمە دەيدۇ؟

— ئەرەبلەر موزاي كالا بولغۇچە سەۋر قىلىدۇ، موزاي كالا بولغاندىن كېيىن، ئۇنى بەقەر* دەيدۇ، — دەپ جاۋاب بېرىپتۇ ئەپەندىم.

(ئۇيغۇر)

* بەقەر — ئەرەبچە كالا دېگەن سۆز.

# بىرلا سوئال

ئەپەندىم مەكتەپتە ئوقۇۋاتقاندا، خەلپىتىم ئۇنى سىناق قىلىپ سوراپتۇ:

— نەسىردىن، ساڭا قىيىن سوئالدىن بىرنى بېرەيمۇ، يا ئاسان سوئالدىن ئىككىنىمۇ؟

— قىيىن سوئالدىن بىرنى بېرىڭ، — دەپتۇ ئەپەندىم.

— خوپ، ئۇنداق بولسا جاۋاب بەر، — دەپتۇ خەلپىتىم، — ئادەم قانداق پەيدا بولغان؟

— ئادەمنى ئانىسى تۇغقان، — دەپ جاۋاب بېرىپتۇ ئەپەندىم.

— ئۇنىڭدىن ئاۋۋالچۇ؟

— خەلپىتىم، بۇ ئەمدى ئىككىنچى سوئال بولۇپ كەتتى، — دەپتۇ ئەپەندىم.

(ئۇيغۇر)

## ئەخمەق ئىكەنسەن

ئەپەندىمنىڭ ئوغلى چۈش كۆرۈپتۇ. ئەتىسى دادىسىغا:

— دادا، ئاخشام بىر چۈش كۆرۈپتىمەن، چۈشۈمدە بىر ئاتقا مىنىپ چىپىپ كېتىپ بارغۇدەكمەن، — دېيىشىگە، ئەپەندىم ئوغلىنىڭ سۆزىنى بۆلۈپ:

— ئەخمەق ئىكەنسەن، ھامىنى مىنگەندىن كېيىن بىراقلا دۇلدۇلغا مىنىپ ئۇچساڭ بولمامدۇ! — دەپتۇ.

(ئۇيغۇر)



# دادامنىڭ ساقىلى چىچىدىن
# كېيىن چىققان

ئەپەندىمنىڭ مۇئەللىمى ئەپەندىمدىن:

— نېمىشقا داداڭنىڭ چىچى ساقىلىدىن بۇرۇن چىققان؟ — دەپ سوراپتۇ.

— ئۇنىڭ سەۋەبى شۇكى، دادامنىڭ ساقىلى چې-چىدىن كېيىن چىققان، — دەپ جاۋاب بېرىپتۇ گۆدەك ئەپەندىم.

(ئۇيغۇر)

# دادام بىلەن ئاپام

موللام بىر كۈنى گۆدەك ئەپەندىمدىن:

— تەتۈر مەنىلىك سۆزدىن بىرنەچچىنى ئېيتىپ بېرەلەمسەن؟ — دەپ سوراپتۇ.

ئەپەندىم:

— مەسىلەن، كۈندۈز بىلەن كېچە، ئاستا بىلەن چاققان، ئۆلۈك بىلەن تىرىك دېگەنگە ئوخشاشلا، — دەپ جاۋاب بېرىپتۇ.

— يەنچۇ؟ — دەپ سوراپتۇ مولىلام.

— ھە يەنە دادام بىلەن ئاپام، ئۆكام بىلەن ئاكام...، — دەپ جاۋاب بېرىپتۇ گۆدەك ئەپەندىم.

(ئۆزبېك)

# سىنىڭ ئاچاڭ يوقمۇ؟

مەھەللىدىكى بىر ياش يىگىت ھويلىسىدا ئويناۋاتقان گۆدەك ئەپەندىمنى كۆرۈپ چاقىرىپتۇ ۋە ئۇنىڭغا:

— ئەپەندىم، ساڭا ناۋات بېرەي، ئاچاڭنى چاقىرىپ بېرەمسەن؟ — دەپتۇ.

گۆدەك ئەپەندىم ناۋاتنى يەۋېتىپ، ھېلىقى يىگىتكە:

— نېمىشقا كۇندە كېلىپ مېنىڭ ئاچامنى ئىزدەيسەن، سىنىڭ ئاچاڭ يوقمۇ؟ — دەپتۇ.

(ئۇيغۇر)

# كۈن تۇتۇلغان كۈنى

بىر كۈنى ئاسماندا كۈن تۇتۇلۇپتۇ. گۆدەك ئەپەندىم جېدەل قىلىپ:

— دادا، دادا، ھەممە باللار كۈن تۇتۇلغاننى كۆرگىلى كەتتى، مەنمۇ بېرىپ كۆرۈپ كېلىمەن، — دەپتۇ.

— بارغىن، بارغىن، كۈنگە يېقىن تۇرمىساڭلا بولىدۇ، — دەپتۇ دادىسى.

**(ئۆزبېك)**

# مېنىڭ دادام

ئىمام ئاخۇنۇم گۆدەك ئەپەندىمدىن سوراپتۇ:
— سەن دەپ باق، ھەممىنى كۆرەلەيدىغان كىم؟ ھەممىنى ئاڭلىيالايدىغان كىم؟ ھەممىنى بىلەلەيدىغان كىم؟
— پەيغەمبەردىن قالسا، مېنىڭ دادام، — دەپ جاۋاب بېرىپتۇ گۆدەك ئەپەندىم.

(ئۇيغۇر)

# نان

گۆدەك ئەپەندىم يېنىدا پۇلى يوق، قورسىقى ئاچ هالدا بازارنى ئايلىنىپ يۈرۈپ بىر ناۋايخانىنىڭ ئالدىدىن چىقىپ قاپتۇ. ئەپەندىم قىزىرىپ پىشقان نانلارنى كۆرۈپ ناۋايدىن:

— ئاتا، بۇ نانلار سىزنىڭكىمۇ؟ — دەپ سوراپتۇ.

— ھە، مېنىڭكى، — دەپتۇ ناۋاي.

— سىزنىڭكى بولسا نېمىشقا يېمەي قاراپ تۇرىسىز، يەۋەرسىڭىز بولمامدۇ؟ — دەپتۇ ئەپەندىم.

**(ئۇيغۇر)**

# خۇداغا ھەمراھ بولۇش

ئەپەندىم بالا چېغىدا دادىسى بىلەن سەپەرگە چىقىپ-تۇ. ئۇلار چەت بىر يېزىغا بارغاندا شۇ يەردە قونۇپتۇ. ئۇخلاش ئالدىدا دادىسى ئەپەندىمگە تاپىلاپ:

— بالام، سەن قوپۇپ ئېشەكنى ئارغامچا بىلەن ئوتلاققا باغلاپ قوي، كۆك ئوت يېسۇن، ئەتە ئەتىگەندە يولغا چىقىمىز، — دەپتۇ.

— دادا، بىز بىر ئۇخلاپ، بىرىمىز ئېشەككە قا-رىساق بولارمىكىن، بولمىسا بۆرە يەپ كەتسە ياكى ئوغرى ئالسا قانداق قىلىمىز؟ — دەپتۇ ئەپەندىم.

— خاتىرجەم بول، خۇدايىم بار، خۇدا ساقلايدۇ! — دەپتۇ دادىسى.

ئەتىسى ئەتىگەندە دادىسى ئەپەندىمنى ئويغىتىپ، ئېشەكنى توقۇشقا بۇيرۇپتۇ. ئەپەندىم چىقىپ كېتىپ بىرھازادىن كېيىن قايتىپ كىرىپ دادىسىغا:

— دادا، بىزنىڭ ئېشەك خۇداغا ھەمراھ بولغىلى كېتىپ قالغان ئوخشايدۇ، ئۆزۈڭ بېرىپ يېتىلەپ كەل-سەڭ بولغۇدەك! — دەپتۇ.

(تۈرك)

# دادىسىنىڭ بالىسى

بىرى كېلىپ ئەپەندىمگە خەۋەر يەتكۈزۈپتۇ:

— ئەپەندىم، ئوغلىڭىز بىرىنىڭ زىياپىتىدە تويـ
ماسلىق قىلىپ، تاماقنى بەك جىق يەۋېتىپتۇ، بۇ چاغـ
قىچە ئېشى ئارتىپ كېتىپ ئۆلۈپ قالدىمىكىن؟

ئەپەندىم ئوغلىنىڭ ئۇنداق قىلغانلىقىغا ئىشەنـ
مەي، ھېلىقى خەۋەر ئەكەلگۈچىگە قىلچە پەرۋا قىلماسـ
تىن شۇنداق دەپتۇ:

— مېنىڭ ئوغلۇم ھەرگىز ئاش ئۈچۈن ئۆلمەيدۇ،
ئەگەر ئاش ئۈچۈن ئۆلگەن بولسا، مەن ئۇنىڭ نامىزىغىـ
مۇ قاتناشمايمەن.

(ئۆزبېك)

# دانا

بىر كۈنى ئەپەندىمنىڭ كىچىك ئوغلى دادىسىغا ئەركىلەپ تۇرۇپ:

— دادا، دادا، سېنىڭ قاچان تۇغۇلغانلىقىڭ مېنىڭمۇ ئېسىمدە بار! — دەپتۇ.

ئەپەندىم ئاڭلاپ، خۇشاللىقىدا خوتۇنىغا:

— خوتۇن، ئاڭلىدىڭمۇ، مېنىڭ بالام راستتىنلا دانا ئىكەن، ئۇ ئۆزى تۇغۇلمىغان ۋاقىتتىكى ئىشنى بىلىدىكەن! — دەپتۇ.

(ئافغان)




# يىقىلىپ چۈشىدۇ ـ دە!

ئەپەندىمنىڭ بەش ياشلىق ئوغلى يۈگۈرۈپ كىرىپ:

— دادا، بىزنىڭ ھېلىقى چوڭ چار خورىزىمىز نېمىشقا بىر پۇتىدا يەرنى دەسسەپ، بىر پۇتىنى ئىچىگە تىقىۋېلىپ تۇرىدۇ؟ — دەپ سوراپتۇ.

— ھەي ئەخمەق بالام، — دەپتۇ ئەپەندىم بالىسىنى قۇچىقىغا ئېلىپ، — ئەگەر خوراز ئىككى پۇتىنى ئىچىدىگە تىقىۋالسا يىقىلىپ چۈشىدۇ ـ دە!

(ئۇيغۇر)



# ئەگەر يول چىقىپ قالسا

چوڭ بىر دەرەخنىڭ يېنىدا ئوينىۋاتقان بىر توپ بالا يولدىن ئۆتۈپ كېتىۋاتقان ئەپەندىمنى ئالداپ كەشىنى ئېلىپ قاچماقچى بوپتۇ.

— ئەپەندىم، مۇشۇ دەرەخنىڭ بېشىدا قاغىنىڭ بالىسى بار ئىكەن، ھېچقايسىمىز چىقالمىدۇق، شۇنى بىر ئېلىپ بەرسىڭىز بوپتىكەن، — دەپتۇ بالىلار.

ئەپەندىم ماقۇل بولۇپ، كەشىنى سېلىپ پوتىسىغا قىستۇرۇپتۇ - دە، دەرەخكە يامىشىپتۇ.

بالىلار:

— ئەپەندىم، دەرەخنىڭ بېشىدا كەشىنىڭ نېمە ھاجىتى، كەشىڭىزنى قويۇپ قويۇڭ، ساقلاپ بېرەيمىز، — دەپتۇ.

— دەرەخنىڭ بېشىدىن يول چىقىپ قالسا، چۈشۈپ ئاۋارە بولغۇچە، شۇ ياقتىنلا ئۆيۈمگە كېتىۋالارمەن، — دەپ جاۋاب بېرىپتۇ ئەپەندىم.

(ئۇيغۇر)

# ۋايۋايلىشنى ئاڭلىمىسۇن دەپ

بىر كۈنى، ئەپەندىم مەكتەپكە كەلمەپتۇ. ئەتىسى مۇئەللىم:

— تۈنۈگۈن مەكتەپكە نېمىشقا كەلمىدىڭ؟ — دەپ سوراپتۇ.

— تېۋىپقا باردىم، — دەپ جاۋاب بېرىپتۇ ئەپەندىم.

— ئاغرىپ قالغانمىدىڭ؟

— ياق، ئاكام چىشىنى تارتقۇزغانىدى. ئاكامنىڭ ۋايۋايلىشنى كىشىلەر ئاڭلىمىسۇن دەپ ئىشىك ئالدىدا ناخشا ئېيتىپ تۇردۇم، — دەپتۇ ئەپەندىم.

(ئۇيغۇر)

# ئىتتىن پەرقى يوق

مەكتەپتە موللام گۆدەك ئەپەندىمدىن سوراپتۇ:

— سەن بىر خىل ھايۋاننىڭ ئىتىنى دەپ بېرەلەمسەن؟

— ئىت، — دەپ جاۋاب بېرىپتۇ گۆدەك ئەپەندىم.

— يەنە بىر ھايۋاننى دەپ بېرەلەمسەن؟ — دەپ قايتا سوراپتۇ موللام.

گۆدەك ئەپەندىم ئويلاپ كېتىپ مۇنداق دەپ جاۋاب بېرىپتۇ:

— ئامبال، چۈنكى ئۇنىڭ ئىتتىن پەرقى يوق. بىر كۈنى ئامبال ئۆزىنىڭ ئادىمىنى ئەۋەتىپ، بىزنىڭ ئەمدىلا سويغان بىر قويىمىزنى ئەكەتتى.

موللامنىڭ ئاچچىقى كېلىپ كېتىپ، گۆدەك ئەپەندىمنى بىرنى تېپىپ شۇنداق دەپتۇ:

— ھە، سەن ئەجەب ئامبال بېگىمنى ھاقارەتلەيسەنا؟ ئۇنداق بولسا يەنە بىر ھايۋاننىڭ ئىتىنى ئېيتىپ باق!

— موللام، — دەپتۇ گۆدەك ئەپەندىم يىغلاپ تۇرۇپ، — بىزنىڭ ئىشەك ئادەملەر مىنىۋالسىمۇ تەپمەيدۇ.

(ئۇيغۇر)

# داداڭغا ئوخشاش ئەقىللىق بوپسەن

ئەپەندىم بالىسىنىڭ ئەقلىنى سىناپ كۆرۈش ئۈ-
چۈن، بىر كۈنى ئۇنىڭغا ئون تەڭگە تۇتقۇزۇپ:
— مە، بالام، بۇ پۇلنى ئېلىپ، بازاردىن بىر
نەرسىلەرنى ئالغىن، ئالغان نەرسىلىرىڭدە پۈتۈن ئۆي
لىق توشسۇن! — دەپتۇ.
ئەپەندىمنىڭ ئوغلى ئون تەڭگىنىڭ بىر تەڭگىسىگە
بىر تال شام سېتىۋېلىپ، قالغان توققۇز تەڭگىنى ياذ-
چۇقىغا ساپتۇ. كەچ كىرگەندە شامنى يېقىپ ئۆينى نۇر
بىلەن توشتۇرۇپ يورۇتۇۋېتىپتۇ.
بۇنى كۆرگەن ئەپەندىم:
— ئوغلۇم، داداڭغا ئوخشاش ئەقىللىق ئادەم بوپ-
سەن! — دەپ سۆيۈنۈپ كېتىپتۇ.

(تۈركمەن)

# ھەممىدىن نىمە چىرايلىق؟

بىرنەچچە بالا دۇنيادا ھەممىدىن نىمە چىرايلىق دەپ تالىشىپ قاپتۇ.

بىر بالا دەپتۇ:

— ھەممىدىن گۈل چىرايلىق.

— ياق، ھەممىدىن ئاسماندىكى ھەسەن ـ ھۈسەن چىرايلىق، — دەپتۇ يەنە بىر بالا.

ئەپەندىم سەل ئويلانغاندىن كېيىن:

— ھەممىدىن ئاپامنىڭ «دادامنىڭ قولىدىن پۇل ئالغاندىكى» كۈلكىسى چىرايلىق، — دەپ جاۋاب بېرىپتۇ.

(تۈركمەن)

# دادامنىڭ چاپىنىنى كىيىۋاپتىمەن

ئەپەندىم ئوقۇۋاتقان چاغلىرىدا، ھېسابقا كاللىسى ئانچە ئۆتمەيدىكەن. بىر كۈنى موللام ئۇنىڭدىن سوئال سوراپ:

— ئەپەندىم، ئەگەر ماۋۇ يانچۇقۇڭدا ئۈچ يېرىم تەڭگە بولسا، ئاۋۇ يانچۇقۇڭدا بەش يېرىم تەڭگە بولسا، ئىككى يانچۇقۇڭدىكى تەڭگە جەمئىي قانچە بولىدۇ؟ — دەپتۇ.

ئەپەندىم سەل ئويلىنىۋېلىپ:

— موللام، يانچۇقۇمدا يېرىم تەڭگىمۇ يوق تۇرسا، ئۇنداق بولغاندا دادامنىڭ چاپىنىنى كىيىۋالغان بولمامدىمەن! — دەپ جاۋاب بېرىپتۇ.

(ئەزەربەيجان)

# ئىككى بولاتتى ئەمەسمۇ؟

ئەپەندىم كىچىك ۋاقتىدا كوچىدا كېتىۋېتىپ يان-چۇقىدىكى بىر تەڭگىسىنى يىتتۇرۇپ قويۇپ، قاتتىق يىغلاپ كېتىپتۇ. بۇنى كۆرگەن بىر بوۋاي:

— ئوغلۇم، نېمانچە يىغلايسەن؟ — دەپ سوراپتۇ.

— يانچۇقۇمدا ئاران بىر تەڭگە بار ئىدى، چۈشۈپ قاپتۇ! — دەپ تېخىمۇ ئۈن سېلىپ يىغلاپتۇ ئەپەندىم.

بوۋاينىڭ ئەپەندىمگە ئىچى ئاغرىپ، يانچۇقىدىن بىر تەڭگىنى چىقىرىپ:

— مە، ئوغلۇم، ماۋۇنى ئېلىپ چاققان ئۆي-ۈڭگە كەت! — دەپ كېتىپ قاپتۇ.

بوۋاي نەچچە قەدەم ماڭمايلا، ئەپەندىم تېخىمۇ ھۆ-كىرەپ يىغلاپتۇ، بوۋاي قايتىپ بېرىپ:

— ھەي ئوغلۇم، يەنە نېمىگە يىغلايسەن؟ — دەپ سوراپتۇ.

— ئابايىقى تەڭگەم يىتمىگەن بولسا، ھازىر تەڭگەم ئىككى بولاتتى ئەمەسمۇ؟ — دەپتۇ ئەپەندىم.

(تۈركمەن)

# ئىسمىم خوجا نەسىردىن موللا ئەپەندىم

بىر كۈنى ساۋاق ئىلىنىۋاتقاندا، ئەپەندىم ئەلى ئىسىملىك بىر بالا بىلەن تولا شوخلۇق قىلىپ، موللامنىڭ ئاچچىقىنى كەلتۈرۈپ قويۇپتۇ. ساۋاقتىن يانغاندا موللام ئىككىيلەننى ئىلىپ قىلىپ:

— ھەر ئىككىڭ ئىسمىڭلارنى يۈز قېتىمدىن يازىسىلەر! — دەپ جازالاپتۇ.

ئەلى ئىسىملىك بالا «ئەلى، ئەلى، ئەلى» دەپ بىردەمدىلا ئىسمىنى يۈز قېتىم يېزىپ بوپتۇ.

ئەپەندىم قەلىمىنى چىشلەپ ئولتۇرۇپ، خېلىغىچە يېزىپ بولالماپتۇ.

— ۋۇي، سەن نېمانچە قاشاڭ، تېخىچە يېزىپ بولالمايسەنغۇ! — دەپ ۋارقىراپتۇ موللام.

— موللام، ئۇنىڭ ئىسمى ئەلى، يازماق ئاسان، مېنىڭ ئىسمىم خوجا نەسىردىن موللا ئەپەندىم تۇرسا، ئەلۋەتتە يېزىپ بولماق تەس ـ دە! — دەپتۇ ئەپەندىم.

(تۈركمەن)

# چاپسان ـ چاپسان ئۇخلاپ قالىمەن

ئەپەندىمنىڭ ئوغلى ناھايىتى ئەزمە ئىكەن. بىر ئىش قىلسا دادىسىنىڭ ئىچىنى پۇشۇرۇۋېتىدىكەن. بىر كۈنى ئەپەندىم ئۇنىڭ ئەزمىلىك بىلەن ئىش قىلىۋاتقىنىنى كۆرۈپ:

— ھەي بالام، بىر ئىشنى قىلساڭ تېز ـ تېز، چاپسان ـ چاپسان قىلساڭ بولمامدۇ؟ تېز ـ تېز، چاپسان ـ چاپسان قىلالايدىغان بىرەر ئىشىڭ بارمىدۇر؟ — دەپ ئاچچىقلاپتۇ.

— بولمامدىغان، دادا، بىر ئىش قىلسام تېز ـ تېزلا چارچاپ قالىمەن، ئۇخلىغاندا چاپسان ـ چاپسانلا ئۇخلاپ قالىمەن! — دەپ جاۋاب بېرىپتۇ ئوغلى.

(ئەزەربەيجان)

# بىر كەمبەغەلنىڭ ھېكايىسى

بىر كۈنى مۇئەللىم بالىلارغا: «‹بىر كەمبەغەلنىڭ ھېكايىسى› دېگەن تېمىدا بىر پارچە ماقالە يېزىپ كېلىڭلار!» دەپ بۇيرۇپتۇ.

ئەپەندىم ماقالىنى قانداق يېزىشنى بىلەلمەي، مۇنداق يېزىپتۇ:

«بۇرۇن بىر ئائىلە بار ئىكەن. ئۇلار بەكمۇ كەمبەغەل ئىكەن، دادىسىمۇ كەمبەغەل ئىكەن، ئاپىسىمۇ كەمبەغەل ئىكەن، بالىسىمۇ كەمبەغەل ئىكەن. ئۆيلىرىمۇ كەمبەغەل ئىكەن، قورۇلىرىمۇ كەمبەغەل ئىكەن. باغلىرىمۇ كەمبەغەل ئىكەن، ئات ـ ئۇلاغلىرىمۇ كەمبەغەل ئىكەن، مالايلىرىمۇ كەمبەغەل ئىكەن، ئات باقفۇچىلىرىمۇ كەمبەغەل ئىكەن…»

(تۈركمەن)

# بوپتۇ، بالام

بىر كۈنى، ئەپەندىمنىڭ ئوغلى ئۆيگە يۈگۈرۈپ كىرىپ:

— دادا، دادا، قارا ساغلىقىمىز ئىككى قارا قوزا تۇغدى! — دەپتۇ.

— ئوبدان بوپتۇ، بالام، قارا ساغلىقىمىز ھەر يىلى ئىككىدىن تۇغىدۇ! — دەپتۇ ئەپەندىم.

— ياق، دادا، بىرى ئۆلۈپ قالدى، — دەپتۇ ئوغلى.

— بوپتۇ، بالام، بىرى قالغان بولسا ئانىسىنىڭ سۈتىنى جىقراق ئېمىۋالار! — دەپتۇ ئەپەندىم.

— ياق، دادا، يەنە بىرىمۇ ئۆلۈپ قالدى! — دەپتۇ ئوغلى.

— بوپتۇ، بالام، قارا ساغلىقنىڭ يۈكى ئازلاپتۇ. سۈتىنى بىز جىقراق ئىچەرمىز! — دەپتۇ ئەپەندىم.

— ياق، دادا، قارا ساغلىق قوزىلاپ بولغاندىن كېيىن ئۆزىمۇ ئۆلۈپ قالدى! — دەپتۇ ئوغلى.

— بوپتۇ، بالام، قارا ساغلىق بەك چارچاپ كەتكەنتى، قېرىپمۇ قالغانتى، ئوبدانراق دەم ئالسۇن! — دەپتۇ ئەپەندىم.

(تۈركمەن)

# دادام ئۆخلاپ قالدى

بىر كۈنى، ئەپەندىم خوتۇنىنىڭ ھەم بالا بېقىپ، ھەم ئۆي ئىشلىرىنى قىلىپ بەك ئاۋارە بولۇپ كەتكەنـ لىكىنى كۆرۈپ، خوتۇنىغا ئىچى ئاغرىپتۇ، ئەپەندىم خوتۇنىنىڭ قۇچىقىدىن بالىنى ئېلىپ:

— خوتۇن، بالىنى مەن بېقىپ تۇراي، سەن خاتىرجەم ئىشىڭنى قىلىۋەر! — دەپتۇ.

خوتۇنى خۇشال بولۇپ، ئىشنى قىلغىلى باشلاپـ تۇ. ئەپەندىم سۇپىدا ئولتۇرۇپ بالا بېقىپتۇ. ئۇزۇن ئۆتمەي، ئەپەندىمنى ئۇيقۇ بېسىپتۇ. بالا ئاستا ئەپەنـ دىمنىڭ قۇچىقىدىن سىيرىلىپ چۈشۈپ، ئاپىسىنىڭ قېشىغا بېرىپ:

— ئاپا، دادام ئۇخلاپ قالدى! — دەپتۇ.

(ئەزەربەيجان)

# تاشلىۋەتكەن ئوخشايدۇ دەپتىمەن

ئەپەندىم ئوغلىنى بازارغا ئاپىرىپ ئوينىتىپ ئەكې-لىپ، ئۆيگە قايتىپ كىتاب كۆرمەكچى بوپتۇ. قارىسا يانچۇقىدا كۆزەينىكى يوق. «ئاپلا، كۆزەينىكىم چۈ-شۈپ قالغان ئوخشايدۇ!» دەپ ئۆز - ئۆزىگە پىچىرلاپتۇ.

بۇنى ئاڭلىغان ئوغلى:

— دادا، كۆزەينىكىڭىز بازاردا قالدى، — دەپتۇ.

بۇنى ئاڭلىغان ئەپەندىمنىڭ ئاچچىقى كېلىپ:

— ۋاي ئەخمەق، كۆزەينەكنىڭ چۈشۈپ قالغانلى-قىنى كۆرۈپ تۇرۇپ، نېمىشقا ماڭا دېمەيسەن! — دەپ ۋارقىراپتۇ.

— مەن تېخى سىزنى تاشلىۋەتكەن ئوخشايدۇ دەپ-تىمەن! — دەپ جاۋاب بېرىپتۇ ئەپەندىمنىڭ ئوغلى.

(تۈركمەن)

# سۇ چىقىدىغان نەرسىنىڭ ئىسمى

بىر كۈنى، گۆدەك ئەپەندىم ئالدىراپ - تېنەپ ئۆيگە كىرىپ:

— دادا، ھېلىقى بىزنىڭ قورۇدىكى سۇ چىقىدىغان كامارنىڭ ئىسمى نېمە ئىدى؟ — دەپ دادىسىدىن سوراپتۇ.

ئالدىراش ئىش قىلىۋاتقان ئەپەندىم پىسەنت قىلماي:

— ماڭ، ماڭ، تالاغا چىقىپ ئويۇنۇڭنى ئوينا، مېنى ئېلەشتۈرمە! — دەپ ۋارقىراپتۇ.

ئەپەندىم تالاغا چىقىپ كېتىپ، بىرئاز ۋاقىتتىن كېيىن يەنە ئۆيگە كىرىپ:

— دادا، سەندىن ئۆتۈنۈپ كېتەي، ھېلىقى قورۇدىكى سۇ چىقىدىغان نەرسىنىڭ ئىسمىنى دەپ بەرگىنە! — دەپ يالۋۇرۇپتۇ.

— نېمە بولاتتى، قۇدۇق بولامدۇ! — دەپ ۋارقىراپتۇ ئەپەندىم.

— دادا، دادا، ئۇكام قۇدۇققا چۈشۈپ كەتتى! — دەپتۇ گۆدەك ئەپەندىم.

(تۈركمەن)

# ئۆز كۆزۈم بىلەن كۆرگىنىم يوق

بىر كۈنى، ئەپەندىم كوچىدا ۋەز ئېيتىپتۇ، ئارقىدىن نۇرغۇن پاكىتلارنى كۆرسىتىپ، بەگنىڭ جىنايەتلىرى ئۈستىدىن شىكايەت قىپتۇ.

— ئەپەندىم، سىز دەۋاتقان بەگ كىم؟ ئۇنىڭ ئىسمىنىمۇ ئوچۇق دەۋەتسىڭىز قانداق؟ — دەپ سوراپتۇ ئەپەندىمنىڭ سۆزىنى ئاڭلىغاندىن كېيىن كىشىلەر ئارىسىدا تۇرغان بەگ ئۆزۈپ.

— قايسى بەگ ئىكەنلىكىنى ئېنىق بىلمەيدىكەنمەن، ئۆز كۆزۈم بىلەن كۆرگىنىم يوق، باشقىلارنىڭ ئاغزىدىن ئاڭلىغان، — دەپ جاۋاب بېرىپتۇ ئەپەندىم.

(ئۇيغۇر)

## بەش چاقا*

ئەپەندىمنىڭ بىر كىشىگە ئەللىك ئوچ چاقا بېرىشى بار ئىكەن. بىر كونى ئەپەندىم ئاغىنىلىرى بىلەن كو-چىدا پاراڭلىشىپ تۇرسا، ئالارمەن: «ئېلىشىمنى بەر!» دېگەندەك قىلىپ، ساقىلىنى تۇتۇملاپ، كۆزلى-رىنى چەكچەيتكىنىچە ئەپەندىمگە قاراپ كەپتۇ. ئەپەندىم كۆرمەسكە سېلىپ، باشقا يەرگە قارىۋاپتۇ. ئالارمەن يەنە: «ئېلىشىمنى بەرمەمسەن!» دېگەندەك قىلىپ، ئەپەندىم قاراپ تۇرغان تەرەپكە مېڭىپتۇ. ئەپەندىم ناھا-يىتى ئوڭايسىزلانغان بىر ھالدا ئالارمەننى چاقىرىپ سوراپتۇ:

— مېنىڭ سىزگە زادى قانچە بېرىشىم بار؟

— كۆپمۇ ئەمەس، ئازمۇ ئەمەس، ئەللىك ئوچ چاقا! — دەپتۇ ئالارمەن.

— خوپ، ئەتە مېنىڭكىگە بېرىپ يىگىرمە سەككىز چاقىنى ئېلىڭ، ئۆگۈنلۈككە بېرىپ يىگىرمە چاقىنى ئېلىڭ، يەنە بەش چاقىڭىز قالدى، توغرىمۇ؟

— توغرا، ئەپەندىم، — دەپتۇ ئالارمەن.

* چاقا — پۇل، ئاقچا، تەڭگە، كويچەن.

— خوش، سىززە قىلچە يۈز ـ خاتىر قىلمىدى. ڭىز، بەش چاقا ئۈچۈن شۇنچە كۆپ ئادەم ئالدىدا يۈ. زۈمنى تۆكتىڭىز، — دەپتۇ ئەپەندىم خاپا بولغاندەك قىلىپ.

(ئۆزبېك)



# تۆت پۇتلۇق هايۋان

بىر كۈنى، چوڭ بىر يەر ئىگىسى مال بازىرىدىكى ئېشەك، ئات ـ كالا، قېچىر قاتارلىق جىمى تۆت پۇت-لۇق هايۋانلارنى سېتىۋېلىپ هەيدەپ مېڭىپتۇ. ئۇ يەنە: «بۇ تېخى يەتمەيدۇ، قانچە بولسا شۇنچە ئالىمەن» دەپتۇ.

ئەپەندىم كېلىپ ئۇنىڭدىن سوراپتۇ:

— تەقسىر، بۇنچە كۆپ هايۋاننى نېمە قىلىسىز؟

— مېنىڭ مىليون مو تېرىلغۇ يېرىم بار، بۇ يەرلەرنى تېرىشقا ناهايىتى كۆپ تۆت پۇتلۇق هايۋان كېتىدۇ، — دەپ جاۋاب بېرىپتۇ يەر ئىگىسى.

— تۆت پۇتلۇقلا بولسا ئالامسىز؟ — دەپ سوراپتۇ ئەپەندىم.

— ئالىمەن، قانچە بولسا شۇنچىنى ئالىمەن! — دەپتۇ يەر ئىگىسى.

— ياخشى، مېنىڭ يۈز دانە تۆت پۇتلۇق هايۋىنىم بار، هەممىسىنى سېتىپ بېرەي، ئەمما يېنىۋالسىڭىز بولمايدۇ، گېپىمىز گەپ بولسۇن، — دەپتۇ ئەپەندىم.

— گېپىم گەپ، قازىنى كېپىل قىلىمىز، — دەپتۇ يەر ئىگىسى خۇشاللىقىدا.

— ئەگەر سىز ھەممىسىنى ئالسىڭىز ئەرزانراق بېرىشىم مۇمكىن، ھەربىرىگە بەش تەڭگىدىنلا ئالىمەن، — دەپتۇ ئەپەندىم قوشۇمچە قىلىپ.

— بەك ياخشى، چوقۇم ھەممىنى ئالىمەن، خاتىرجەم بولۇڭ! — دەپتۇ يەر ئىگىسى تەقەززالىق بىلەن.

ئەپەندىم قايتىپ كېتىپ، يۈز توشقان ئەكەپتۇ. يەر ئىگىسى توشقانلارغا شۇنداق بىر قارىۋېتىپ، جۇدۇنى بىلەن دەپتۇ:

— ئەپەندىم، توشقان بىلەن يەر تېرىغىلى بولامدۇ؟

— ئۇنداق بولسا، توشقان تۆت پۇتلۇقق كىرەمدۇ، يوقمۇ؟ — دەپتۇ ئەپەندىم.

— تۆت پۇتلۇقق كىرىدۇ، — دەپتۇ يەر ئىگىسى.

— توغرا ئېيتتىڭىز، بايا سىز تۆت پۇتلۇقلا بولسا ھەممىسىنى ئالىمەن دەپ ئۆز ئاغزىڭىز بىلەن دېدىڭىز، يا ئۇنىدقىنى، يا بۇندقىنى دەپ ئېنىق ئايرىپ ئېيتمىدىڭىز - دە! ئەمدى قازى ئۆزى كېپىل بولىدۇ، ئەگەر يېنىۋالسىڭىز سىزنى ئەر دېگىلى بولمايدۇ، — دەپتۇ ئەپەندىم.

يەر ئىگىسى لام - جىم دېيەلمەپتۇ - دە، ئىلاجسىز ئەپەندىمنىڭ يۈز توشقىنىنى ئاپتۇ.

(ئافغان)

# ئىش ئىزدەش

راست گەپ قىلىدىغان ئەپەندىمنى خوجايىنى پات - پاتلا ئىشتىن ھەيدىۋېتىدىكەن، ئەپەندىم تولا چاغلاردا ئىشسىز قالىدىكەن، شۇنىڭ بىلەن ئەپەندىم ئاستا - ئاستا مۇغەمبەرلىشىشكە باشلاپتۇ.

بىر كۈنى، ئەپەندىم ئىش ئىزدەپ بىر قاسساپنىڭ دۇكىنىغا كەپتۇ. قاسساپ ئورۇق بىر ئۆچكىنىڭ گۆشىنى كۆرسىتىپ تۇرۇپ:

— بۇ نېمىنىڭ گۆشى؟ — دەپ سوراپتۇ ئەپەندىمدىن. ئەپەندىم:

— يېڭىلا سويغان پاقلان گۆشى ئىكەن، — دەپ جاۋاب بېرىپتۇ.

— ئۇنداق بولسا بىر كىلوگرام دېگەن قانچە گرام بولىدۇ؟ — دەپ سوراپتۇ يەنە قاسساپ ئۇستام.

— تېرىسىدىن باشقا سەككىز يۈز ئەللىك گرام بولىدۇ - دە، — دەپ جاۋاب بېرىپتۇ ئەپەندىم قاشلىرىنى ھىمىرىپ.

— يارايسىز، ئەتىدىن باشلاپ مېنىڭ دۇكىنىمدا ئىشلەڭ، — دەپتۇ ئۇستام رازىمەنلىك بىلەن.

(ئۇيغۇر)

# كۆزۈم تورلىشىپ قاپتۇ

ئەپەندىم يەر ئاغدۇرۇۋېتىپ، توپىنىڭ ئارىسىدىن بىر قۇتا تېپىۋاپتۇ. قۇتىنى ئېچىپ قارىسا، ئىچىدە لىق تىللا بار ئىكەن. ئەپەندىم ئىچىدە: «تىللا توپىنىڭ ئارىسىدىن چىقتى، ھۆكۈمەتكە تاپشۇرۇلۇشى كېرەك» دەپ ئويلاپتۇ.

ئەپەندىم ئۆيىگە قايتىپ كەلگەندىن كېيىن، ئەھۋالنى خوتۇنىغا دەپ بېرىپتۇ، ئاندىن يەنە:

— قۇتىنى دەرھال بىر تاغارغا قاچىلاپ بەر، مەن قازىغا ئاپىرىپ تاپشۇرۇۋېتەي، — دەپتۇ.

خوتۇنى قۇتىدىكى لىق تىللانى كۆرۈپ كۆزى قىزىرىپ قاپتۇ. شۇنىڭ بىلەن تالادىن يوغان بىر تاشنى ئەكىرىپ تاغارغا قاچىلاپ، قۇتىدىكى تىللانى ئېلىۋېلىپ يوشۇرۇپ قويۇپتۇ.


ئەپەندىم تاغارنى كۆتۈرۈپ، ئۇدۇل قازىخانىغا بېرىپتۇ، ئۇ ھېچ نەرسە دېمەستىن، ئىشىكتىن كىرىپلا تاغارنى تۆكۈپتۇ. تاغاردىن يوغان بىر تاش دومىلاپ چۈشۈپتۇ.

— بۇ نېمە ئىش؟ — دەپ سوراپتۇ قازى.

ئەپەندىم دەسلەپتە ھەيران بولۇپ، ئارقىدىن دۇدۇقلاپ:

— كۆزۈم تورلىشىپ قالغان ئوخشايدۇ، تاشنى تىللا قاچىلىغان قۇتىمىكىن دەپتىمەن، — دەپتۇ.

(ئىران)



# مۇتتەھەم باي

بىر كۈنى، ئەپەندىم تۇرمۇشتىن قىسىلىپ خۇداغا يالۋۇرۇپتۇ:

— ئەي خۇدا، راستتىنلا كەمبەغەلگە رەھمىڭ كې-لىدىغان بولسا، قېنى ماڭا يۈز تىللا ئاتا قىلغىن، بىر تىللا كەم بولسىمۇ ئالمايمەن.

ئەپەندىمنىڭ گېپىنى ئاڭلاپ تۇرغان باي قوشنىسى ئەپەندىمنى سىنىماق بولۇپ تۈڭلۈكتىن توقسان توققۇز تىللا تاشلاپتۇ. ئەپەندىم تىللانى ساناپ كۆرۈپ:

— خەير، توقسان توققۇزنى بەرگەن خۇدايىم بىر-نىمۇ بېرىپ قالار، — دەپ تىللانى ساندۇققا «موكلا» ساپتۇ. باينىڭ ئاچچىقى كېلىپ ئەپەندىمنىڭ ئىشىكىنى ئۇرۇپتۇ.

— ئەپەندىم، تىللالارنى سىزنى سىنىماق ئۈچۈن مەن تاشلىغانىدىم، گېپىڭىزدە تۇرۇڭ، تىللانى بېرىۋې-تىڭ، — دەپتۇ.

— خۇدانىڭ شەپقىتىگە شېرىك بولماقچىمىدىڭ، سېنىڭ تىللايىڭنى كۆرگىنىم يوق، — دەپ چىڭ تۇ-رۇۋاپتۇ ئەپەندىم. باي ئەپەندىمنى قازىخانىغا سۆرەپتۇ.

— كونا چاپان بىلەن قازىخانىغا بارمايمەن، —

دەپتۇ ئەپەندىم. باي ئەپەندىمگە يېڭى پەرىجىسىنى ئاچقىپ بېرىپتۇ. ئەپەندىم يەنە:
— قازىنىڭ ئالدىغا ياياق بارمايمەن، بارغۇلۇك كەلسە، ئۆزۈك بار، — دەپ تۇرۇۋاپتۇ. باي ئىلاجسىز قېچىرىنى توقۇپ ئاچىقىپ بېرىپتۇ.
قازىخانىغا بارغاندىن كېيىن، باي بولغان ۋەقەنى بايان قىپتۇ.
— بىرى كەم يۈز تىللا ئالغىنىڭىز راستمۇ؟ — دەپ سوراپتۇ قازى ئەپەندىمدىن.
— تۆھمەت! — دەپ جاۋاب بېرىپتۇ ئەپەندىم، — بۇنداق مۇتتەھەم باينى ئۆمرۈمدە بىرىنچى قېتىم كۆرۈشۈم، قويۇپ بەرسىڭىز ئۇستۈمدىكى چاپان بىلەن ئاستىمدىكى قېچىرىنىمۇ مېنىڭ دېيىشتىن يانمايدۇ.
باي پەرياد كۆتۈرۈپتۇ ۋە پەرىجە بىلەن قېچىرىنىڭمۇ ئۆزىنىڭ ئىكەنلىكىنى ئېيتىپ دەۋا قىپتۇ. قازى بولسا بۇ مۇتتەھەملىكتىن رەنجىپ، تىللانى ئەپەندىمگە بۇيىرۇپتۇ.

(ئۇيغۇر)

# سىڭگمۇ راست

بىر كۈنى، ئەپەندىمگە قوشنىسى ئەرز ئېيتىپ كىرىپ ئۆز خوتۇنىنى يامانلاپ بېرىپتۇ، ئەپەندىم گەپنى ئاڭلاپ بولۇپ:

— راست، گېپىڭىز راست، خوتۇنىڭىزنىڭ مىجەزى ئوسال ئىكەن، — دەپتۇ.

ئەتىسى دەل شۇ قوشنىسىنىڭ خوتۇنى كىرىپ ئېرىنى يامانلاپ دادلاپ بېرىپتۇ. ئەپەندىم ئۇنىڭغىمۇ «گېپىڭىز راست» دەپ جاۋاب بېرىپتۇ. قوشنا خوتۇن چىقىپ كەتكەندىن كېيىن، ئەپەندىمنىڭ خوتۇنى ئەپەندىمگە كايىپ:

— ئەر بولماي ئۆلۈڭ، ئۇ كىرسە ئۇنىڭغىمۇ راست، بۇ كىرسە بۇنىڭغىمۇ راست دېگىنىڭىز نېمىسى، — دەپتىكەن. ئەپەندىم بىرپەس ئويلاپ تۇرۇپ:

— دەرۋەقە، ئويلاپ كۆرسەم سىنىڭ گېپىڭمۇ راست ئىكەن، خوتۇن، — دەپتۇ.

(ئۇيغۇر)

# سىزمۇ ئۇيالماسىز!

ئەپەندىمدىن بىر كىشى ئېشەك سوراپ كەپتۇ. ئەپەندىم ئېشىكىنى بەرگۈسى كەلمەي:

— ئېشىكىم ئۆيدە يوق ئىدى، — دەپ جاۋاب بېرىپتۇ. دەل شۇ چاغدا ئەپەندىمنىڭ ئېشىكى ھاڭراپتۇ. ھېلىقى كىشى ئەپەندىمنىڭ يالغان ئېيتقىنىدىن رەنجىپ:

— ئەپەندىم، ئاپئاق ساقىلىڭىز بىلەن يالغان ئېيتىشتىن ئۇيالماسىز! — دەپتىكەن.

ئەپەندىممۇ دەرھال:

— ئاپئاق ساقىلىم بىلەن ئېيتقان مېنىڭ گېپىمگە ئىشەنمەيسىزۇ، ئېشەكنىڭ گېپىگە ئىشىنىشكە سىزمۇ ئۇيالماسىز! — دەپ جاۋاب بېرىپتۇ.

(ئۇيغۇر)

# ئەزرائىل ۋە ئەپەندىم

ئەپەندىمنىڭ خوتۇنى ئاغرىپ ئورۇن تۇتۇپ يېتىپ قاپتۇ. ئەپەندىم خوتۇنىنىڭ كۆڭلىنى ياساش ئۈچۈن: «خۇدايا، خوتۇنۇمغا بەرگەن ئاغرىقنى ماڭا بەرسەڭچۇ، خوتۇنۇم تارتقان ئازابنى مەن تارتسامچۇ» دەپ خۇداغا يالۋۇرۇشقا باشلاپتۇ. دەل شۇ پەيتتە، بوغۇز سېۋىتىنى بېشىغا كىيىۋالغان كالا ئۆيگە كىرىپ كەپتۇ. ئەپەندىم بۇنى ئەزرائىلمىكىن دەپ دەررۇ ياقىسىنى تۇتۇپتۇ ـ دە:

— يا ئەزرائىل، كىمنىڭ ئاغرىق، كىمنىڭ ساقلىقىنى ئۆزۈڭ كۆرۈپ تۇرۇپسەن، جان ئېلىشتىمۇ شۇنىڭغا قاراپ ئىش كۆرەرسەن، — دەپتۇ.

(ئۇيغۇر)

# ئۇخلاۋاتىمەن

بىر كۈنى، ئەپەندىم بازارغا كىرىپ ئاغىنىسى بىلەن بىر سارايدا قونۇپ قاپتۇ. كېچىسى ئاغىنىسى سوراپتۇ:

— ئەپەندىم ئۇخلاپ قالدىڭىزمۇ؟

— ھە، نېمە گەپ؟

— بىرئاز پۇل قەرز سوراي دېۋىدىم، — دەپتۇ ئاغىنىسى.

ئەپەندىم دەررۇ خورەك تارتىپ:

— مەن ئۇخلاۋاتىمەن! — دەپتۇ.

**(ئۇيغۇر)**

# موللا شەيتان

ئەپەندىم ئىماملىق قىلىپ يۈرگەن كۈنلەرنىڭ بىد-
رىدە، نامازدىن كېيىن كىشىلەرگە ۋەز ئېيتىپتۇ:
— ئەزىز بەندىلەر، ھەرگىز شەيتاننىڭ سۆزىگە
كىرمەڭلار، شەيتان ئېزىقتۇرىدۇ، يامان يولغا
باشلايدۇ...
مەسچىتتە ئولتۇرغانلاردىن بىرى:
— ئەپەندىم، ھازىرلا مېنى شەيتان ئېزىقتۇرۇۋا-
تىدۇ، قانداق قىلاي؟ — دەپ سوراپتۇ.
— نېمىدەپ ئېزىقتۇرۇۋاتىدۇ؟ — دەپ سوراپتۇ
ئەپەندىم.
— ئىككى چاپىنىڭنىڭ بىرىنى ئىمامغا بەرگىن
دەۋاتىدۇ، — دەپتۇ ھېلىقى كىشى.
— ئۇنداق بولسا ئۇ موللا شەيتان ئىكەن، ئۇنىڭ
گېپىگە كىرسىڭىز بولىدۇ، چاپاننى بۈگۈندىن قالدۇر-
ماي ئەكېلىپ بېرىڭ! — دەپتۇ ئەپەندىم.

(ئۇيغۇر)

# نىمە چارە

ئەپەندىم تۇيۇقسىز مېھمان باشلاپ كەپتۇ - دە، مېھمانلارنى ئىشىك ئالدىدا قويۇپ، ئۆيدىن خەۋەر ئې-لىش ئۇچۇن ئۆيىگە كىرىپتۇ. خوتۇنى ئاچچىقلاپ:
— ئۆيدە مېھمانغا قويغۇدەك ھېچنېمە بولمىسا، نېمىشقا مېھمان باشلاپ كېلىسىز؟ — دەپ كايىپتۇ.
— ئەمىسە، سەن چىقىپ «ئەپەندىم ئۆيدە يوق» دەپ قويغىن، قالغىنىنى ئۆزۈم جايلايمەن، — دەپتۇ ئەپەندىم. ئەپەندىمنىڭ خوتۇنى ھويلىغا چىقىپ:
— مېھمانلار، ئەپەندىم ئۆيدە يوق ئىدى، ئۆزى بار ۋاقىتتا كېلەرسىلەر، — دەپتۇ.
— ھاي، يالغان گەپ قىلماڭ، — دەپتۇ مېھمان-لار، — ئەپەندىم بىزنى باشلاپ كېلىپ ھازىرلا ئۆيگە كىرىپ كەتكەنىدىغۇ!
بۇ گەپنى ئاڭلاپ تۇرغان ئەپەندىم خوتۇنىنى خىجا-لەتچىلىكتىن قۇتۇلدۇرماق بولۇپ:
— جاھىل مېھمان ئىكەنسىلەر، يوق دېگەندىكىن يوق - دە! ئەپەندىم ئالدى ئىشىكتىن كىرىپ كەتكەن بولسا، خوتۇنىدىن قورقۇپ كەينى ئىشىكتىن چىقىپ كەتكەندۇ، ئۇنىڭغا نىمە چارە! — دەپتۇ.

(ئۇيغۇر)

# ئىشەك ئېتىك ئىدىغۇ

ئەپەندىم ئىشەك بازىرىدىن ئۆتۈپ كېتىۋېتىپ ئىككى قاناتلىق بىر ئىشەكنى كۆتۈرۈپ مېڭىپتۇ. ئىشەك ئىگىسى كۆرۈپ قېلىپ، ئەپەندىمنىڭ كەينىدىن يۈگۈرۈپتۇ. ئەپەندىم بۇنى سېزىپ، ئىشەكنى كوچىنىڭ ئوتتۇرىغا تىكلەپتۇ ـ دە، زەنجىرلەپ قويۇپتۇ. ئىشەك ئىگىسى ئەپەندىمنىڭ ئالدىغا ئۆتۈپ، ئۇنىڭ يۈزىگە بىر شاپىلاق سېپتۇ. ئەپەندىم ھەيران بولۇپ:

— ھەي بۇرادەر، ئىشەك ئېتىك ئىدىغۇ، سىز قەيەردىن كىردىڭىز؟ — دەپتۇ.

(ئۇيغۇر)

## ئۆزۈمۈ بىلەلمەي تۇرىمەن

ئەپەندىم بىر باغقا ئوغرىلىققا كىرىپ ئالمىلارنى قاپقا توشتۇرۇۋاتقىنىدا باغۋەن كىرىپ قېلىپ:

— ھەي ئەپەندىم، باغدا نېمە قىلىپ يۈرىسىز؟ — دەپ سوراپتۇ.

— بىر قاتتىق شامال چىقىپ ئۇچۇرغىنىچە مۇشۇ يەرگە چۈشۈرۈپ قويىدى، — دەپ جاۋاب بېرىپتۇ ئەپەندىم.

— ئۇنداق بولسا ئالمىلارنى نېمىشقا ئۈزدىڭىز؟ — دەپ سوراپتۇ باغۋەن.

— شامالدىن قورقۇپ شاخلارغا ئېسىلىۋالغانىدىم، ئالمىلار تۆكۈلۈپ كەتتى، — دەپتۇ ئەپەندىم.

— بۇغۇ مەيلى، ئەمىسە ئالمىنى قاپقا كىم سالدى؟ — دەپ سوراپتۇ يەنە باغۋەن.

— ھەي ئەخمەق، — دەپتۇ ئەپەندىم، — مېنىڭ ئەقلىم يەتمەي تۇرغان نەرسىنى سەن نەدىن بىلىسەن. قاپنىڭ ئىچىگە سالغىنىمغا نېمىدەپ جاۋاب بېرىشىمنى ئۆزۈممۇ بىلەلمەي تۇرىمەن.

(ئۇيغۇر)

# كونا كېپەن، كونا گۆر

بىر كونى، ئەپەندىم ئوغلىغا ۋەسىيەت قىلىپ:

— ئەي ئوغلۇم، ئەگەر مەن ئۆلسەم، كونا ماتادىن كېپەن قىلىپ، كونا گۆرگە كۆمۈڭلار، — دەپتۇ.

ئوغلى ھەيران قېلىپ:

— نېمە ئۇچۇن ئۇنداق قىلىمىز؟ — دەپ سوراپتۇ.

ئەپەندىم:

— ھەي نادان بالا، كېپەنمۇ كونا، گۆرمۇ كونا بولسا، مۇنكىر - نەكىرلەر بۇ سوراق سورالغان جەسەت ئىكەن، دەپ كېتىپ قالسا ئەجەب ئەمەس، — دەپ جاۋاب بېرىپتۇ.

(تۈركمەن)

*****************************

# يېزىلمىغان خەت

مەھەللىدىكى بىر باي توي قىلىپ ئەپەندىمنى چا-
قىرماپتۇ. ئەپەندىم ئىككىلىنىپ ئولتۇرمايلا، بىر ئاق
قەغەزنى تۆت پۈكلەپ كونۋېرتقا ساپتۇ ـ دە، توي بولۇ-
ۋاتقان ئۆيگە بېرىپتۇ ۋە ئۆي ئىگىسىنى چاقىرىپ كونۋ-
ېرتنى سۇنۇپ:

— سىزگە قازى بېگىم خەت ئەۋەتكەنىدى، —
دەپتۇ. ساھىبخانا خۇشال بولۇپ، ئەپەندىمنى ئۆيگە
باشلاپتۇ. ئەپەندىم داستىخاندىكى تۈرلۈك نازۇنېمەتلەر
بىلەن قورسىقىنى تويدۇرۇپتۇ.

ئۆي ئىگىسى كونۋېرتنى ئېچىپ قارىسا، ئىچىدە
بىر پارچە ئاق قەغەزدىن باشقا ھېچ نەرسە يوق
تۇرغۇدەك.

— ئەپەندىم، بۇ قەغەزگە ھېچنېمە يېزىل-
ماپتىغۇ؟ — دەپ سوراپتۇ ھەيران بولۇپ ئۆي
ئىگىسى.

— بەلكىم قازى بېگىمنىڭ ئىشى ئالدىراش، بىر
نېمە يېزىشقا ۋاقتى يەتمىگەن بولسا كېرەك، —
دەپتۇ ئەپەندىم.

(ئەزەربەيجان)

# يەلپۈگۈچ

ئەپەندىم تۆرمۆشتا قىسىلىپ قېلىپ، توخۇ پەيلىرىدىن يەلپۈگۈچ ياساپ سېتىپتۇ. خېرىدارلار يەلپۈگۈچنى يەلپۈپ كۆرسە، پەيلەر بىر - بىردىن سۇغۇرۇلۇپ چىقىشقا باشلاپتۇ.

— بۇ قانداق يەلپۈگۈچ؟ يەلپۈ - يەلپۈمەيلا چۇۋۇلۇپ كېتىۋاتىدىغۇ! — دەپتۇ خېرىدارلار.

— يەلپۈگۈچنى ئىشلىتىشنى بىلىش كېرەك - دە، — دەپتۇ ئەپەندىم، — يەلپۈگۈچنى چىڭ تۇتۇپ، بېشىڭىزنى ئۇ ياق - بۇ ياققا قىمىرلىتىپ بېرىڭ.

**(ئۇيغۇر)**

# قىرى روزا

ئەپەندىم بالا ئوقۇتاتتىكەن. روزا ئىسسىق ھەمدە ئۇزۇن كۈنلەرگە توغرا كېلىپ، ئەپەندىم ناھايىتى قىيىنىلىپتۇ، ئۇ بالىلارغا دەرس بېرىۋېتىپ يېنىدا تۇرغان كوزىدىكى مۇزدەك سۇدىن ئىككى يۇتۇم ئىچىپتۇ. بۇنى كۆرۈپ قالغان بالىلار ھەر تەرەپتىن:

— ۋاي خەلپىتىم!... خەلپىتىم!... «سۇ ئىچسە روزا ئېچىلىدۇ» دېگەنىدىڭىز، ئىچىۋاتىسىزغۇ! — دەپ چۇقان سېپتۇ.

ئەپەندىم باھانە كۆرسىتىپتۇ:

— مەن سىلەرگە ياش روزا توغرىسىدا گەپ قىلغانىدىم. ياش روزا يېڭى سۇۋالغان بولۇپ، ھەرقانچە ئىسسىقتىمۇ يېرىلمايدۇ. مەن تۇتقان روزا قېرى روزا، ئىسسىققا چىدىمايدۇ، چۇرۇك بولىدۇ، سۇ سېپىپ تۇرۇلمىسا قاغجىراپ كېتىدۇ.

(ئەزەربەيجان)

# ئاخىرى خەيرلىك بولسۇن

ئەپەندىم باغلىق كوچىدىن ئۆتۈپ كېتىۋېتىپ، بىر باغ ئىگىسىنىڭ كۆكتاتلىقىغا كۆزى چۈشۈپتۇ. ئۇ قاپ ئەكېلىپ ئوغرىلىققا كىرىپتۇ. قارىسا، بىر تەرەپتە كاللىدەك ـ كاللىدەك چامغۇر تۇرغان. ئەپەندىم ئاۋۋال چامغۇردىن ئون نەچچە تالنى يۇلۇۋېلىپ قاپقا سالىپتۇ، كېيىن سەۋزە يۇلۇشقا باشلاپتىكەن، كۆكتاتلىقنىڭ ئىگىسى كېلىپ قېلىپ ئەپەندىمنىڭ ياقىسىدىن ئاپتۇ. ئەپەندىم يېلىنىپتۇ، يالۋۇرۇپتۇ، ئاخىرى كۆكتاتلىقنىڭ ئىگىسى يۇلۇۋېلىنغان سەۋزىلەر بىلەن ئەپەندىمنىڭ دۈمبىسىگە ئۇرۇش شەرتى بىلەن، ئۇنى مەھەللىگە سۆرەپ ئاپىرىپ شەرمەندە قىلمايدىغان بوپتۇ.


ئەپەندىم ياۋاشلىق بىلەن دۈمبىسىنى تۇتۇپ بېرىپتۇ، كۆكتاتلىقنىڭ ئىگىسى سەۋزە بىلەن ئەپەندىمنى ئۇرۇشقا باشلاپتۇ. ئەپەندىمنىڭ ئۈستى يالاڭ، سەۋزە قاتتىق بولغاچقا، ھەربىر سەۋزە تەگكىنىدە سەنتۈرۈلۈپ، ئارقىسىدىن «ئاخىرى خەيرلىك بولسۇن» دەپ قويغۇدەك.

كۆكتاتلىقنىڭ ئىگىسى ئەجەبلىنىپ سوراپتۇ:

— سەۋزە تەگكىنىدە «ئاخىرى خەيرلىك بولسۇن» دېگىنىڭىز نېمىسى؟

— ھەي بۇرادەر! — دەپتۇ ئەپەندىم، — قاپتىكىنىڭ ھەممىسى سەۋزە بولغان بولسا، مەن بۇ گەپنى دېمەي، چىشىمنى چىشلەپ، جىم تۇرۇۋېرەتتىم. تېخى قاپ تېگىدىكى چامغۇرلارغا نۆۋەت كەلگەندە ئۆپكەمنى چۇشۇ- رۇپ قويارسىزمىكىن...

(ئۇيغۇر)



# ماڭا باب جامائەت ئىكەنسىلەر

ئەپەندىم تەرەت ئالماي ئىمامىلىق قىلدى دەپ ئەيىب-
لىنىپ، شەھەردىكى بىر مەسچىتتىن قوغلانغاندىن كې-
يىن، يىراقتىكى بىر يېزىغا ئىمام بولۇپ كېتىپتۇ.
بۇ يېزىدا ناماز ئوقۇيدىغانلار بەكمۇ ئاز ئىكەن، ئەپەندىم
ئادەم جىق توپلانغان بىر تويدا ئوتتۇرىغا چىقىپ يېزا
ئەھلىنى نامازغا تەرغىب قىپتۇ. بىر كىشى ئورنىدىن
تۇرۇپ ئەپەندىمگە سوئال قويۇپتۇ:

— بىز بۇ يېزىنىڭ ئادەملىرى تەرەت ئېلىشنى
بىلمەيمىز، تەرەت ئالماي ناماز ئوقۇسىمۇ بولامدۇ؟

ئەپەندىم خۇشال بولۇپ كېتىپ:

— مەنمۇ تەرەت ئېلىشنى بىلمەيدىغان جامائەتنى
تاپالماي قايغۇرۇپ يۈرەتتىم، ئاپىرىن، ماڭا باب جاما-
ئەت ئىكەنسىلەر، — دەپتۇ.

(قىرغىز)

# قاراڭغۇدا ئوڭ بىلەن سولنى نەدىن بىلەي…

ئەپەندىمنىڭ خوتۇنى يېرىم كېچىدە تۇرۇپ:

— تۇرۇڭ، دادىسى، ئوغرى كەلگەن ئوخشايدۇ، ئوڭ تەرىپىڭىزدىكى ئويۇقتا شام بار، ئېلىڭ، ياقايلىچۇ، — دەپتۇ

ئەپەندىم ياتقان جايىدا غودۇڭشىپ:

— ئوغرىغا جان كېرەك بولسا ئۆزى كېتىدۇ. قاراڭغۇدا ئوڭ بىلەن سولنى نەدىن بىلەي، — دەپتۇ

(ئۇيغۇر)

# نەق ئاش

— خوتۇن! تونۇش تالىپلار كېلىشتى، ئاشنى جىقراق قىل، — دەپتۇ ئەپەندىم.

خوتۇنى تېرىكىپ:

— ئۆيىمىزدە چاشقانلار ھاسا تايىنىپ يۈرۈپتۇ، نېمىگە مېھمان باشلاپ كەلدىڭىز! — دەپتۇ.

ئەپەندىم دەرھال كەينىگە ئۆرۈلۈپ مېھمانلارغا خىتاب قىپتۇ:

— خوتۇنۇم «بېھىسىز ئاش، ئاش بولمايدۇ» دەۋاتىدۇ. ئامان - ئېسەن كۆزگە يېتىۋالساق، خوتۇنۇم دادىسىنىڭكىگە بېرىپ بېھى ئەكېلىدۇ. ئاش دەم يېگۈچە بىر ئايلىنىپ كېلىڭلار!

(ئۇيغۇر)

## ئەپەندىم ۋە ئەزرائىل

ئەپەندىم بامدات نامىزىغا كېتىۋېتىپ، ئەرمەك ئۆ-چۈن قولىدىكى ئون بەش تىيىنلىك تەڭگىنى ئويناپ مېڭىپتۇ، تەڭگە جاراڭلاپ يەرگە چۈشۈپ كۆزدىن غا-يىب بوپتۇ.

ئەپەندىم: «بۈنى كىم ئالاتتى، نامازدىن قايتىشىمـ-دا ئالارمەن، ناماز قازا بولمىسۇن» دەپ مەسچىتكە كىرىپ كېتىپتۇ. ناماز ئوقۇۋېتىپمۇ پىكىر - خىيالى ئاشۇ تەڭگىدە بوپتۇ، نامازدىن كېيىن چىقىپ راسا ئىزدەپتۇ.

تەڭگە يوق!

ئەپەندىم يەردە ئولتۇرۇۋېلىپ، ھەربىر ئۇششاق تاشنى كۆز غەلۋىرىدىن ئۆتكۈزۈۋاتاتتىكەن، سۈت سې-تىپ شەھەردىن كېلىۋاتقان بىر بالا سالام بېرىپتۇ.

— ئوغلۇم، سەن شەھەرگە قايسى ۋاقىتتا سۈت ئېلىپ ئۆتكەنىدىڭ؟

— ھەممە ئادەملەر ناماز ئوقۇۋاتقاندا.

— ئۇنداق بولسا مۇشۇ يەرگە مېنىڭ تەڭگەم چۈ-شۈپ كەتكەنىدى، سەن ئالغان بولساڭ كېرەك.

— ئالغان بولسام بەرمەيتتىممۇ.

— ئالغان بولساڭ بېرىۋەت، ئوغلۇم.

سۈت ساتقۇچى بالا ئەپەندىمنى خۇشال قىلىش ئۇ-چۇن ئون بەش تىيىن بېرىپ ئۆز يولىغا كېتىپتۇ. بالا تېخى ئۇزاقتا بارمايلا، ئەپەندىم ئۆز تەڭگىسىنى تېپىۋاپ-تۇ، پۇلى ئەمدى ئوتتۇز تىيىن بوپتۇ.

شۇنىڭدىن كېيىن ئەپەندىم ھەر بامدات نامىزىدىن كېيىن سۈت ساتقۇچى بالىلارنى توختىتىپ:

— ھە بالا! مەن يوقاتقان ئون بەش تىيىننى سەن ئالغاندۇرسەن! — دەپ سورايدىغان بوپتۇ.

سۈت ساتقۇچى بالىلار ئەپەندىمدىن بېزىپ، ئاستا-ئاستا باشقا يول بىلەن ئۆتىدىغان بوپتۇ. ئەپەن-دىمنىڭ بۇ قىلمىشىنى كۆزىتىپ تۇرغان خۇدا ئەزرا-ئىلغا:

— يەرگە چۈشۈپ، موللا نەسىردىنگە تۇزۇكرەك، جاپاسى ئاز، كىرىمى كۆپ بىر ئىش تېپىپ بەر! — دەپتۇ.

ئەزرائىل خىزىر قىياپىتىدە يەرگە چۈشۈپتۇ. ئە-پەندىم مەسچىت ئالدىدا بىر سۈت ساتقۇچى بالىدىن تەڭگە ئېلىۋاتقاندا سالام بېرىپتۇ، ئاندىن ئۇنىڭ قولىغا پىچىرلاپ:

— ئەپەندىم، سىز سۈت ساتقۇچى بالىلارغا خار بولماڭ... مەن خۇدانىڭ ئەمرى بىلەن سىزگە ھۈنەر ئۆگەتكىلى چۈشتۇم، — دەپتۇ.

ئەپەندىم ئەزرائىلنىڭ ئاۋازىنى ئاڭلاپ قورقۇپ كېتىپتۇ.

— قۇللۇق، قۇللۇق، — دەپتۇ ئەپەندىم، — مەن يېقىندا ياماقچىلىقنى ئۆگەنمەكچىمەن، بولىدۇ دېسىڭىز بىللە ئۆگىنەيلى. ھازىرقى ھۈنىرىڭىز بەكمۇ رەزىل ھۈنەر. ئادەمنىڭ جېنىنى سىز ئالىسىزۇ، مەن ئىزا تارتىمەن...

(ئۇيغۇر)



# مايماق نان

ئەپەندىم ناۋايلىققا قىزىقىپ، هويلىسىغا يوغان بىر تونۇر سالدۇرۇپتۇ. ئۆزى نان يېقىپ، ئۆزى بازارغا ئاچىقىپ سېتىپتۇ، ھەممە نېنى مايماق ئىكەن.

خېرىدارلاردىن بىرى ئەپەندىمنى زاڭلىق قىلىپ:

— ئەپەندىم، ياققان نانلىرىڭىز مايماققۇ؟ — دەپتۇ.

نانىنىڭ كاساتلىقى ئۈستىگە خېرىدارنىڭ بۇ سۆزى ئەپەندىمگە ئېغىر كەپتۇ:

— قۇرۇق گەپنى قويۇپ ئېلىڭا، ئېلىڭ! ئۇنىڭ ئۆزى شۇنداق تۇرسا، مەن قانداق قىلاي!

— ئۇنمۇ مايماق بولامدىكەن؟

— ئەلۋەتتە! مەن ئۇن بازىرىدا ئۇننى ئالىقىنىمغا ئېلىپ قارىسام، مايماق كۆرۈندى. ئاچچىقىم كېلىپ: «بۇ مايماق ئۇنىڭ بۇغدىيىنى قانداق دېھقان تېرىغاندۇر؟» دەپ سوراشتۇرسام، دان ساتقۇچىلار: «بۇغدايىنى قىرغا چاچقان دېھقانىنىڭ كالپۇكى يېرىق ئىدى» دېيىشتى. كىم بىلىدۇ، ئۇ كالپۇكى يېرىق دېھقانىنىڭ دادىسى قانداق ئادەم! ئېلىۋېرىڭ، نانىنىڭ ئۆزى مايماق ئەمەس.

(ئۇيغۇر)

# مەن يىغلىماي كىم يىغلىسۇن

بىر ئاي ئىچىدە ئەپەندىمنىڭ خوتۇنى بىلەن ئېشىدىكى ئۆلۈپ قاپتۇ. خوتۇنى ئۆلگەندە ئەپەندىم بىر ـ ئىككى كۈن يىغلاپ توختاپ قاپتۇ. ئېشىكى ئۆلگەندە بولسا، يىغىدىن زادى باش كۆتۈرمەپتۇ. بۇنى بايقىغان قوشنىسى سوراپتۇ:

— ئەپەندىم، خوتۇنىڭىز ئۆلگەندە ئانچىۋالا يىغلىمىغانتىڭىز، ئېشىكىڭىز ئۆلگەندىن بېرى يىغىدىن توختىمايسىزغۇ؟

ئەپەندىم جاۋاب بېرىپ:

— خوتۇنۇم ئۆلگەندە مەھەللە يىغىلىپ: «سەۋر قىلىڭ، قايغۇرماڭ، ئۆيلەپ قويىمىز» دېگەنىدى. ئېشىكىم ئۆلگەندە، «ئېشەك ئېلىپ بېرىمىز» دېگەن گەپ ھېچكىمنىڭ ئاغزىدىن چىقمىدى، مەن يىغلىماي كىم يىغلىسۇن! ...، — دەپتۇ.

(ئۇيغۇر)

## گەپ بىر...

بىر مېھماندارچىلىقتا ياش سوروشتۇروش بولۇپ قاپتۇ. نۆۋەت ئەپەندىمگە كەلگەندە بىرى:

— ئەپەندىم، سىز نەچچە ياشقا كىردىڭىز؟ — دەپ سوراپتۇ.

— بۇ يىل قىرىق ياشقا كىردىم، — دەپتۇ ئەپەندىم.

— بەللى، — دەپتۇ ھېلىقى ئادەم، — بۇنىڭدىن ئون يىل بۇرۇنمۇ قىرىق ياشقا كىردىم دېگەنىدىڭىزغۇ؟

ئەپەندىم جاۋاب بېرىپتۇ:

— گەپ بىر، خۇدا بىر.

(ئۇيغۇر)

# خىجىللىقىمدىن يەيمەن

بىر كۈنى، ئەپەندىم ئاغىنىسى بىلەن بىللە پولۇ ئېتىپ يېمەكچى بوپتۇ. ئاغىنىسى ئەپەندىمدىن:

— ئەپەندىم، سەۋزە قەلەم قىلىشنى بىلەمسىز؟ — دەپ سوراپتۇ.

— ياق، — دەپتۇ ئەپەندىم.

— سەۋزە، پىياز قورۇشنىچۇ؟

— ياق، ئۇنىمۇ بىلمەيمەن.

— ئۇنداقتا ئاش دەملەشنىچۇ؟

— دەملەشنىمۇ بىلمەيتتىم، — دەپتۇ ئەپەندىم.

ئاغىنىسى ئاشنى پىشۇرۇپ، تاۋاقا ئۇسۇپ ئەكەپتۇ ۋە:

— ئەپەندىم، ئاش يېيىشنىمۇ بىلمەمسىز؟ — دەپ سوراپتۇ.

ئەپەندىم:

— ئاش يېيىشنىمۇ بىلمەيتتىم، بىراق سىزدىن خىجىل بولغانلىقىمدىن يەيمەن - دە، — دەپتۇ - دە، ئاشنى كاپاملاپ - كاپاملاپ يېيىشكە باشلاپتۇ.

(ئۆزبېك)

# ئىشىم ئالدىراش

ئەپەندىم خوتۇنى ئاغرىپ قالغاندا: «ۋاي ياخشى ھەمراھىم، مېنى داغدا قويدۇڭغۇ ھەمراھىم!» دەپ ئۇن سېلىپ يىغلاشقا باشلاپتۇ. بۇنى ئاڭلىغان قوشنىلىرى كىرىپ:

— ئەپەندىم، ئۆلمىگەن كىشىگىمۇ بۇنداق يىغلامدىلا؟ — دەپتۇ.

— ئىشىم ئالدىراش ئادەممەن. ناۋادا خوتۇنۇم ئۆلۈپ - تارتىپ قالسا، چولام تەگمەي قالمىسۇن دەپ ئالدىن يىغلاۋاتىمەن، — دەپتۇ ئەپەندىم.

(ئۇيغۇر)

# مەن كۆكتاتنىڭ مالىيى ئەمەس

بىر كۈنى پادىشاھنىڭ قورسىقى ئېچىپ، تۇيۇق-سىزلا بېشى قېيىپ كېتىپتۇ. ناھايىتى مەززىلىك پى-شۇرۇلغان پىدىگەن قورۇمىسىنى يېگەندىن كېيىن ئاغ-رىغا تېتىپ كېتىپ، ئوردا ئاشپىزىگە: «ھەر كۈنى ماڭا مۇشۇنداق پىدىگەن قورۇمىسىنى ئەكىرىپ بەر!» دەپ تاپشۇرۇپتۇ.

— پىدىگەن دۇنيادا ئەڭ مەززىلىك كۆك-تات - ھە؟ — دەپ سوراپتۇ ئەپەندىمدىن پادىشاھ.

— شۇنداق، پادىشاھىم، پىدىگەن دۇنيادا ئەڭ مەززىلىك كۆكتات، — دەپتۇ ئەپەندىم.

ئاشپەز ئۇستام پادىشاھقا ھەر كۈنى پىدىگەن قورۇ-مىسىنى ئەكىرىپ بېرىپتۇ. بىر ھەپتە ئۆتكەندىن كې-يىن يەنە شۇنى ئەكىرىپتىكەن، پادىشاھ:

— بۇ ئەڭ تېتىقسىز كۆكتاتنى ئاچچىقىپ كېتىش، تولا يەۋېرىپ زېرىكتىم! — دەپ ۋارقىراپتۇ.

— شۇنداق، پادىشاھىم، پىدىگەن دۇنيادا ئەڭ تېتىقسىز كۆكتات، — دەپتۇ ئەپەندىم پادىشاھقا بولۇ-شۇپ.

— ئەپەندىم، سىز تېخى بىر ھەپتىنىڭ ئالدىدىلا

پىدىگەن دۇنيادا ئەڭ مەززىلىك كۆكتات دېمىگەنمىدى-
ڭىز؟ — دەپتۇ پادىشاھ ئەجەبلىنىپ.
— توغرا، مەن شۇنداق دېگەنىدىم، ئەمما مەن
پادىشاھ ھەزرەتلىرىنىڭ مالىيى، كۆكتاتنىڭ مالىيى
ئەمەس، — دەپ جاۋاب بېرىپتۇ ئەپەندىم.

(ئافغان)



# تاشنى بىكارغا بەردىم

ئەپەندىمنىڭ خوتۇنى تۆگە يۇڭىدا جىقلا يىپ ئېگىرىپ تەييار قىپتۇ. ئەپەندىم ئۇلارنى سېتىش ئۈچۈن بازارغا ئەكىرىپتۇ. ئالغۇچىلار ئەسلىي يۇڭنىڭمۇ پۇلىنى بەرمەپتۇ، ئەپەندىمنىڭ زادىلا ساتقۇسى كەلمەپتۇ.

ئەپەندىم ئۆيگە قايتىپ كەلگەندىن كېيىن كالىلىسغا بىر ئوي كېلىپ، يۇگۇرۇپ چىقىپ تالادىن بىر تال تاشنى تېپىپ ئەكىرىپتۇ، ئاندىن ئۇنى يۇڭ يىپنىڭ ئىچىگە ئوراپ، يەنە بازارغا ئەكىرىپتۇ. بۇ قېتىم بۇرۇنقى باھاسىغا بىردەمدە سېتىلىپ كېتىپتۇ.

ئەتىسى يىپنى ئالغۇچى كېلىپ ئەپەندىمگە دوق قىلىپ:

— ھەي ئەپەندىم، سىز ماڭا يىپ ساتتىڭىزمۇ ياكى تاش ساتتىڭىزمۇ؟ — دەپتۇ.

— سىز ماڭا يىپنىڭلا پۇلىنى بەردىڭىز، تاشنى بىكارغا بەردىم، سىزدىن ئارتۇق پۇل ئالغىنىم يوق، — دەپتۇ ئەپەندىم.

(ئىران)

# خانىشنىڭ «يىپىنچىسى»

بىر كۈنى، ئەپەندىمنىڭ قورۇسىدىكى مېۋە كۆچە-
تىگە چىرايلىق بىر توز كېلىپ قونۇپتۇ. توزنىڭ چى-
رايلىق رەڭدار قانات - قۇيرۇقلىرى خۇددى خانىشنىڭ
يىپىنچىسىغا ئوخشايدىكەن. تۇيۇقسىز ئەپەندىمنىڭ
كاللىسىغا باينى ئەخمەق قىلىش خىيالى كەپتۇ - دە،
باينىڭ قېشىغا بېرىپتۇ.

— تەقسىر، مەن تۇنۇگۈن خانىشنىڭ يىپىن-
چىسىنى ئاستاغىنا ئوغرىلاپ چىقتىم، يىپىنچا ئىپار-
دىنمۇ ئىللىق پۇرايدىكەن، ئۇنى بىر پۇرىۋالسىڭىز
خۇددى خانىشنىڭ بەدىنىدىكى خۇش پۇراقنى پۇرىغاندەك
بولۇپ قالىسىز، — دەپتۇ ئەپەندىم.

— ئەپەندىم، خانىشنىڭ يىپىنچىسىنى ماڭا سې-
تىپ بەرسىڭىز قانداق؟ — دەپتۇ ھېشىق* باي
ئالدىراپ.

ئەپەندىم «يىپىنچا» نى بايغا سېتىپ بېرىپتۇ. يې-
پىنچىنىڭ پۇلىنى ئېلىپ، بايغا:

— يىپىنچىنى ھويلىدىكى كۆچەتكە ئېسىپ قوي-
دۇم، ئۆزىڭىز بېرىپ ئېلىۋېلىڭ! — دەپتۇ - دە،
ئىتتىك كېتىپ قاپتۇ.

---

* ھېشىق — شەھۋەتپەرەس، خوتۇنپەرەس.

نەپسى تاقىلداپ كەتكەن باي ئالدىراپ ـ تېنەپ كۆچەت تۈۋىگە كېلىپ قارىسا، باينىڭ كۆزىگە ھېلىقى چىرايلىق توز بەئەينى خانىشنىڭ يېپىنچىسىدەك كۆرۈ- نۈپتۇ. باي كۆچەتكە ئېسىلىپ قولىنى سوزۇپتىكەن، «يېپىنچا» پۇررىدە ئۇچۇپ كېتىپتۇ. شۇ چاغدىلا، باي ئۆزىنىڭ ئالدانغانلىقىنى بىلىپتۇ.

(ئىران)



# سەۋەبى ئىككى

ئەپەندىم پادىشاھقا مەسلىھەتچى بولۇپ يۈرگەن كۈنلىرىدە پادىشاھ ئەپەندىمدىن سوراپتۇ:

— ئەپەندىم، سىزنىڭچە بەگلىككە كىمنى تەيىنلىسەك مۇۋاپىق بولۇر؟

ئەپەندىم ھېچ ئىككىلەنمەستىن:

— پالانچىنى تەيىنلىسەك ھەممىدىن مۇۋاپىق بولىدۇ! ئۇ بارسا چوقۇم خەلق ئۇچۇن باش قاتۇرىدۇ، — دەپ جاۋاب بېرىپتۇ ئەپەندىم.

— توغرا ئېيتتىڭىز، بىراق، ئۇ سىزنىڭ ئەشەددىي دۈشمىنىڭىز تۇرسا؟ نېمىشقا ئۇنى كۆرسەتىسىز؟ — دەپتۇ پادىشاھ ئەجەبلىنىپ.

— تەقسىر، ئۇنىڭ سەۋەبى ئىككى. بىرىنچى، سىز مەندىن كىمنى تەيىنلىسەك بولىدۇ دەپ سورىدىڭىز، كىم سىزنىڭ كۆڭلىڭىزگە ياقىدۇ دەپ سورىمىدىڭىز؛ ئىككىنچى، ئۇ كىشى بۇ يەردىن كەتسە مەندىن يىراق تۇرىدىكەن. بۇنداق بولسا مەن ئۇچۇن تېخىمۇ ياخشى ئەمەسمۇ؟ — دەپ جاۋاب بېرىپتۇ ئەپەندىم.

(ئۇيغۇر)

## ھېسابنى تۈگىتىش

ئەپەندىم بىر دۇكاندارنىڭ ئىشىكىنىڭ ئالدىدىن ئۆتۈپ كېتىۋاتسا، دۇكاندار چاقىرىپتۇ.

— ئەپەندىم، بىز ھېسابىمىزنى تۈگىتىۋالايلى، سىزدە قالغان ئون تىللانى قاچان قايتۇرىسىز؟ — دەپ سوراپتۇ دۇكاندار.

— توغرا، سىزنىڭ مەندە ئون تىللايىڭىز قالغاندى، ئەمما يېقىندا سىزگە ئۈچ تىللانى قايتۇرغاندەك ئېسىمدە بار، توغرىمۇ؟

— توغرا، — دەپ جاۋاب بېرىپتۇ دۇكاندار يادىدا بار - يوقتەك قىياپەتتە.

— خوپ، ئۇنداق بولسا مەن ئەتە بازارغا بارغاندا ئۈچ تىللايىڭىزنى قايتۇراي، — دەپتۇ ئەپەندىم.

— بولىدۇ، — دەپتۇ دۇكاندار.

— خوپ، ئۇنداق بولسا ئەتە بازاردىن قايتقاندا يەنە ئۈچ تىللايىڭىزنى قايتۇراي، — دەپتۇ ئەپەندىم يەنە.

— بولىدۇ!

— شۇنداق بولسا، يەنە قانچە تىللايىڭىز قالىدۇ؟ — دەپتۇ ئەپەندىم.

— يەنە بىر تىللايىم قالىدۇ! — دەپتۇ دۇكاندار.

— خوپ، ئەمىسە مەن سىزگە ھازىرلا بىر تىللايدى-ڭىزنى بېرىۋېتەي! — ئەپەندىم يانچۇقىدىن بىر تىللانى چىقىرىپ دۇكاندارغا بېرىپتۇ، ئاندىن، — ئەمدى ھې-سابىمىز تۈگىگەندۇر! — دەپ كېتىپ قاپتۇ.

(قازاق)



# ئاغرىق ياتقاندا جۆيلۈگىنىم
# بولسا كېرەك

ئەپەندىم تېۋىپلىق قىلىپ يۈرگەن كۈنلىرىدە ئاغ-رىپ قاپتۇ. ئاغرىقنىڭ دەستىدىن چىدىماي، باشقا بىر تېۋىپقا يېلىنىپتۇ:

— ئاغرىقىمنى ساقايتىپلا قويسىڭىز، ئاتا - بو-ۋامدىن قالغان مەخپىي ئۈدۈمنى* سىزگە تامامەن ئېيىتىپ بېرىمەن.

نەچچە ئاي ئۆتكەندىن كېيىن، ساقىيىپ قالغان ئەپەندىمنى كۆرگەن ھېلىقى تېۋىپ:

— مەن ئاغرىقىڭىزنى ساقايتالىغىنىمغا بەك خۇ-شالمەن. سىز ئاتا - بوۋىڭىزدىن قالغان مەخپىي ئۈ-دۈمنى تامامەن ئېيتىپ بېرىمەن دېگەنىدىڭىز، ئەمدىغۇ ئېيتىپ بېرەرسىز؟ — دەپتۇ.

— مەن شۇنداق ۋەدە بەرگەنمىدىم؟ — دەپتۇ ئەپەن-دىم ھەيران قېلىپ، — ئۇ بەلكىم ئاغرىپ ياتقاندا جۆيلۈگىنىم بولسا كېرەك...

(تۈرك)

---

* ئۈدۈم — رېتسىپ، دورا قەغىزى، ئەنئەنە، ئادەت.

********************************

# چېچىگىز دەك كۆپ

بىر باي مەسچىتتىن چىقىپ كېلىۋاتقان ئەپەندىمنى كۆرۈپ چاقچاق قىپتۇ:

— ئەپەندىم، سىز بىر كۈندە بەش ۋاخ ناماز ئوقۇپ، خۇدانى مەدھىيىلەيسىز، سىز بۇنداق قىلىپ، خۇدادىن بىر يېڭى چاپان ۋە پۇل - مال تىلىمەكچىمۇ؟

— ۋاي تەقسىر، تۈزۈككىنە بىرەر چاپىنىم ۋە مال - دۇنيايىم بولمىسىمۇ، لېكىن خۇدايىم ماڭا چېچىگىزدەك كۆپ ئەقىل بېرىپتىكەن، — دەپ جاۋاب بېرىپتۇ ئەپەندىم.

— راست شۇنداقمۇ، — دەپتۇ باي بېشىدىكى بۆكىنى ئېلىپ، — قاراڭ، مەن بولسام بىر تاز!

ئەپەندىم ئۆزىنىڭ كەتكۈزۈپ قويغانلىقىنى سېزىپ بىردەم ئويلىنىۋېلىپ:

— توغرا، مەن خاتا ئېيتىمدىم، خۇدا ئاخىرى سىزنىڭ چېچىڭىزنىمۇ ماڭا بېرىۋەتكەن، قاراڭ، چېچىمغا، — دەپتۇ.

(ئۇيغۇر)

# ئاغىنىسىدىن پۇل سوراش

ئەپەندىمنىڭ قولى سەل قىس بولۇپ قاپتۇ، نان ئالغۇچىلىكمۇ پۇلى قالماپتۇ. شۇنىڭ بىلەن ئۇزۇن يىللىق بىر ئاغىنىسىنىڭ قېشىغا كېلىپ:

— ئاغىنە، ماڭا ئەللىك تەڭگە بېرىپ تۇرغىن، يېرىمدىكى بۇغدىيىمنى ساتقاندىن كېيىن تۆلەي، — دەپتۇ.

— ئەپەندىم، نېمە دەۋاتىسىز؟ بىز بولساق ئۇزۇن يىللىق كونا دوست، ئوتتۇرىمىزدىكى دوستلۇق ئەللىك تەڭگىگە يارىمامدۇ؟ بۇنداق قىلساق ئارىمىزدىكى دوستلۇق نەگە كېتىدۇ؟ — دەپتۇ ئاغىنىسى ئاغرىنغاندەك قىلىپ.

— ئۇنداق بولسا ماڭا يۈز تىللا بېرىپ تۇرغىن! — دەپتۇ ئەپەندىم.

(ئۇيغۇر)

# ئۆيدە گۆش قالماپتۇ

بىر توپ ياش موللىلار ئەپەندىمنى تۇتۇۋېلىپ، بىزنى مېھمان قىلىڭ دەپ تۇرۇۋاپتۇ. ئەپەندىم ئىلاجسىز ئۇلارنى ئۆيىگە باشلاپ مېڭىپتۇ. ئىشىك ئالدىغا كەلگەندە ئۇلارغا:

— سىلەر ئىشىك ئالدىدا كىچىككىنە ساقلاپ تۇرۇڭلار، مەن ئۆيگە كىرىپ قاراپ باقاي، ئۆيدە گۆش بارمۇ، يوق؟ — دەپتۇ.

بىر دەمدىن كېيىن ئەپەندىم يوغان بىر قازاننى كۆتۈرۈپ چىقىپ:

— كەچۈرۈڭلار، ئۆيدە بىرئازمۇ گۆش قالماپتۇ، ئەگەر گۆش بولغان بولسا، مەن چوقۇم مۇشۇ قازاندا راسا كېلىشتۈرۈپ شورپا سېلىپ بېرەتتىم، — دەپتۇ.

(ئۆزبېك)

# ئوغرىنى تۇتقىلى بارسەن

بىر بازار كۈنى ئادەم تىقما - تىقماق بولۇپ، ئەپەندىم كۆڭۈلدىكىدەك بىر نەرسە ئالالماپتۇ، ئۇ بىر-پەس ئويلىنىپ، ئېگىز بىر سۇپىنىڭ بېشىغا چىقىپ كۆپچىلىككە جار سالپتۇ:

— خالايىق، سىلەر قىينالماي بىلىم ئېلىشنى، يالغىنى يوق ھەقىقەتكە ئېرىشىشنى، كۈچ چىقارماي ھوسۇل ئېلىشنى ۋە ھېچقانداق جاپا تارتماي نەتىجە قازىنىشنى خالامسىلەر؟

بىردەمدىن كېيىن بىر توپ ئادەم «گۈررىدە» يو-پۇرۇلۇپ كېلىپ، ھەممىسى بىر ئېغىزدىن:

— خالايمىز! خالايمىز! — دەپ ۋارقىراپتۇ.

— ئۇنداق بولسا سىلەر مۇشۇ يەردە تاقەت قىلىپ كۈتۈپ تۇرۇڭلار، مەن ئۆيگە بېرىپ ئەكېلىپ بېرەي، — دەپتۇ ئەپەندىم ۋە سۇپىدىن ئالدىراش چۈشۈپتۇ.

ئەپەندىم بازاردىن ئالىدىغان نەرسىسىنى تاللاپ يو-رۇپ ئاپتۇ. ئاندىن ئۆزىنى ساقلاپ تۇرغان ئادەملەر ئارىسىدىن يوگۇرگەن پېتى كېسىپ ئۆتۈپتۇ. ئارىدىن بىرى تۇتۇۋېلىپ:

— ئەكېلىدىغان نەرسىنى ئەكەلدىڭىزمۇ؟ — دەپ سوراپتۇ.

— بۇ كېلىشمەسلىكنى كۆرمەمدىغان، ئۇ نەرسىلەرنى ھېلىلا ئوغرى ئەكېتىپتۇ، ھازىر ئوغرىنى تۇتقىلى بارىمەن، — دەپتۇ ئەپەندىم يولىغا مېڭىپ.

**(ئافغان)**



## ئىش ھەققى

ئەپەندىم قېرىپ قالغان كۈنلىرىدە بىرنەچچە ئادەمـ-
نى ياللاپ، ئۆزىگە يېڭى بىر گۆر كولىتىپتۇ.
ئەپەندىم گۆرنى كۆرۈپ رازى بوپتۇ ـ دە، كۈلۈپ
ئارقىغا بۇرۇلۇپ مېڭىپتۇ.
— ئەپەندىم، ئىش ھەققىمىزنى بېرىۋېتىڭ! —
دەپتۇ گۆر كولىغانلار.
— ئىش تېخى تۈگىمىدى، ھەممە ئىش تۈگىگەنـ-
دىن كېيىن ئاندىن بارلىق ئىش ھەققىڭلارنى بىرلىكتە
بېرىمەن، — دەپتۇ ئەپەندىم كەينىگە ئۆرۈلۈپ.
— يەنە نېمە ئىش بار ئىدى؟ — دەپتۇ گۆر كولىـ-
غۇچىلار.
— مەن جەسەتنى ئۆتكۈزگەندىن كېيىن، تەرەت
ئالدۇرۇش، كېپەنگە ئېلىش، تاۋۇتقا سېلىپ نامىزىنى
چۈشۈرۈشكە ئوخشاش ئىشلار ھەممىسى تۈگىسە، ئانـ-
دىن ئىش تۈگىگەن بولىدۇ، — دەپتۇ ئەپەندىم.

(ئافغان)

# كۈن ۋە ئاي

بىر كىشى ئەپەندىمدىن:

— ئەپەندىم، كۈن ياخشىمۇ، ئايمۇ؟ — دەپ سوراپتۇ.

— ئاي ياخشى، — دەپ جاۋاب بېرىپتۇ ئەپەندىم، — نېمىشقا دېسىڭىز، كۈن دېگەن كۈندۈزى چىقىدۇ، ئاي بولسا قاراڭغۇ كېچىنى يورۇتىدۇ.

(ئۇيغۇر)

# ئاغىنەم بولغىنىڭ ئۈچۈن

بىر كۈنى، ئەپەندىمنىڭ بىر ئاغىنىسى ئۇنىڭدىن پۇل قەرز سوراپتۇ:

— ئەپەندىم، ئاغىنەمسىز، خىجىل بولۇپ قالدىم، پۇلىڭىز بولسا بېرىپ تۇرسىڭىز.

— پۇل بېرەلمەيمەن، — دەپتۇ ئەپەندىم، — ئاغىنەم بولغىنىڭ ئۈچۈن قانچە سورىساڭ مەن ۋەدە بېرەي.

(ئەزەربەيجان)

# مەسچىت ۋە جامە

ئەپەندىم چوڭ جامەدە ناماز ئوقۇشنىڭ ساۋابى چوڭراق دەپ، مەھەللىدىكى كىچىك مەسچىتكە زادى كىرمەيدىكەن. بىر كۈنى نېمە بولغان، جامەگە بارالماي كىچىك مەسچىتكە كىرىپتۇ ۋە نامازدىن چىقىشىغا ئىشىك ئالدىدىن ئىچىدە لىق تىللا بار بىر قاپچۇق تېپىۋاپتۇ.

— ۋاھ! — دەپتۇ مەسچىتكە قاراپ ئەپەندىم، — نامازنى دەررۇ خۇداغا يوللاپ بېرىدىكەنسەن، بۇرۇنراق دېسەڭچۇ، چوڭ جامەگە ئاياغ باسماستىم!

(ئۆزبېك)

**********************************

# قاپىيە

بىر شائىر مەستىنىڭ ئالجىشىغا قارىتا بىر شېئىر يېزىپ ئەپەندىمگە كۆرسىتىپتۇ.

— ھەممىسىنى كېلىشتۈردۈم، لېكىن «سەئىد» دېگەن سۆزگە قاپىيە تاپالماي تۇرىمەن.

ئەپەندىم ئويلاپمۇ تۇرماي جاۋاب بېرىپتۇ:

— «سەئىد» كە «پادىشاھ» دىن دۇرۇس قاپىيە يوق.

شائىر ھەيران بولۇپ:

— «سەئىد» كە «پادىشاھ» قاپىيە بولمايدىغۇ! — دەپتۇ.

— سەن پادىشاھنى قاپىيە قىلىۋەرگىن. بىرەر جىنىدىن تويغان ئادەم «بولمايدۇ» دېسە ئۇنى پادىشاھقا مەلۇم قىل. قاپىيىنى شۇ ئادەمنىڭ جىنازىسىدىن تاپىسەن.

(ئۆزبېك)

# ئەپەندىم بىلەن ئالداركوسا

بىر كۈنى، ئەپەندىم بىلەن ئالداركوسا پۇل چىقد-
رىشىپ پولۇ ئېتىپتۇ. ئالداركوسا ئەپەندىمنى ئالدىماق-
چى بولۇپ:

— ئاش دەم يېگۈچە ئازراق كۆزىمىزنى يۇمۇشۇ-
ۋالمايمىزمۇ؟ — دەپتۇ.

ئەپەندىم ماقۇل بوپتۇ. ئىككىسى يېتىشىپتۇ. ئال-
داركوسا ئەپەندىمنى ئۇخلاتماقچى بولۇپ ئۆزى ئۇخلاپ
قاپتۇ. ئەپەندىم ئاستا تۇرۇپ ئاشنى ئاپتۇ ۋە پاك -
پاكىز يەپ، قازانغا سۇ قۇيۇپ قويۇپتۇ. ئالداركوسا
ئۇيقۇدىن كۆزىنى ئېچىپلا ماختىنىشقا باشلاپتۇ:

— قىزتالاق پادىشاھ چۈشۈمدىمۇ مېنى تىنچ قوي-
مايدۇ. چۈش كۆرۈپتىمەن: پادىشاھ ئۇنىمغىنىمغا ئۇ-
نىماي، ئوردىغا سۆرەپ باردى. زىياپەت ئۈستىگە زىيا-
پەت...

— ھە، — دەپتۇ ئەپەندىم، — شۇ چۈشىڭىزگە
مەنمۇ كىرگەنىدىم، قارىسام، ئىغىز - بۇرنىڭىزدىن
تاماق تىقىشىۋېتىپتۇ. ماڭا ھېچكىم قارىمىدى. قايتىپ
كەلدىمىيۇ، ئاشنى غېرىبچىسىگە ئۇسۇپ، غېرىبچىسىگە

يېدىم. قورسىقىڭىزنى تومۇلاپ كېلەر دەپ سىزگە ئاچ-
چىق چاي دەملەپ قويغانىدىم، ئەكىرەيمۇ؟

(ئۆزبېك)



# قوي يوقاتقاندىن سورا

ئەپەندىم بازار كۆنى تېنەپ يۈرگەن بىر قوينىڭ بوينىدىن باغلاپ ئۆيىگە ئەكېتىپ باراتتىكەن، يولدا كىشىلەر «قوي نەچچە پۇل بولدى؟» دەپ سوراۋېرىپ تويدۇرۇۋېتىپتۇ. ئاخىر ئەپەندىم ۋارقىراپ:

— قوينىڭ باھاسىنى قوي يوقاتقاندىن سورا، خۇدا-پەر! — دەپتۇ.

(ئۆزبېك)

# نامازدىن قېچىپ...

ئەپەندىم مەسچىتكە چىقمۇۋېرىشتىن زېرىكىپ، بىر كۈنى قازناقتا كىرىۋېلىپ يوشۇرۇنۇپ يېتىپتۇ. ئەپەندىمنىڭ ئوغلى قازناقتا كىرىپ دادىسىنى كۆرۈپ قاپتۇ.

— دادا، كىمدىن قېچىپ ياتىسەن؟

— مەزىننىڭ ئەزىنىدىن، ئىشىكنى ياپ، ئوغلۇم! — دەپتۇ ئەپەندىم.

(ئۆزبېك)

# ئالتۇن ئۈزۈك

ئەپەندىمنىڭ بىر سودىگەر ئاغىنىسى ئۇنىڭ ئالتۇن ئۈزۈكىگە زوقلىنىپ يۈرەتتىكەن، بىر كۈنى كېلىپ:
— ئەپەندىم، مەن سىزنى پات - پات كۆرۈپ تۇرمىسام تۇرالمايمەن، ئۇزاق سەپەرگە كېتىۋاتىمەن، سىزنى قاتتىق سېغىنىشىم مۇمكىن، قولىڭىزدىكى ئۈ-زۈكىڭىزنى بەرسىڭىز. ئۈزۈكنى كۆرگەندە سىزنى كۆرگەندەك بولۇپ يۈرىمەن.
ئەپەندىم ئۈزۈكنى بېرىشكە كۆزى قىيماي:
— جان بۇرادەر! مەنمۇ سىزنى پات - پات كۆرۈپ تۇرمىسام تۇرالمايمەن. قويۇڭ، ئۈزۈك مېنىڭدە تۇر-سۇن. قاچان ئۈزۈككە كۆزۈم چۈشسە: «دوستۇم سو-رىغاندا بەرمىگەنىدىم» دەپ سىزنى ئەسلەپ يۈرىمەن، — دەپ جاۋاب بېرىپتۇ.

(ئۆزبېك)

# تېتىماي ساقلىدىم

ئەپەندىمنىڭ بىر تونۇشى سوراپتۇ:

— ئەپەندىم، سىزدە قىرىق يىللىق مۇسەللەس بار دەپ ئاڭلايمىز، قانداق ساقلىدىڭىز؟ قېنى بىر تېتىپ باقايلى.

— تېتىپ باقايلى دېگەنلەرگە تېتىتماي ساقلىدىم، بولمىسا مۇسەللەسنى قىرىق يىل ئەمەس، قىرىق كۈنمۇ ساقلىغىلى بولمايدۇ! — دەپ جاۋاب بېرىپتۇ ئەپەندىم.

(ئۆزبېك)

# تەڭشەلمىگەن جاھان

بىر كۈنى، ئەپەندىم يوغان بىر تۈپ ياڭاقنىڭ سايىسىدە سايىداپ يېتىپ ئويلاپتۇ:

«خۇدانىڭ ئەقلىنىمۇ كامىل دەپ بولمايدىكەن - دە، شۇنچە يوغان، شۇنچە بەستلىك دەرەخكە تۈگمىنىڭ مايىقىدەك ياڭاقنى يارىتىپتۇ. ئىنچىكە، ئاجىز پىلەككە بولسا ھەر يوغان قوغۇن، ھەر يوغان تاۋۇز يارىتىپتىمىسى! ھەي تەڭشەلمىگەن جاھان!»

دەل شۇ پەيتتە شىخىدىن ئۈزۈلگەن بىر ياڭاق ئەپەندىمنىڭ بېشىغا چۈشۈپ، بېشىنى يېرىۋېتىپتۇ.

«خۇدانىڭ ئەقلىگە قايىلمەن! — دەپتۇ ئەپەندىم بېشىنى سىلاپ تۇرۇپ، — خۇدايىم بىلىپ ياقىغا قويۇرۇق بەرمىگەنىكەن - دە، ئەگەر ياڭاقنىڭ ئورنىدا قوغۇن - تاۋۇز بولغان بولسا، جېنىمىز ئامان قالمايدىكەن!»

(ئۇيغۇر)

# قەرز بولۇپ قالماسلىق ئۈچۈن

بىر كۈنى ئەپەندىم ئاشپۇزۇلغا كىرىپتۇ. ئوخشىمىغان لەڭمەندىن بىر تەخسە يەپ، بىكار بولغان تەخسىنى كۆتۈرۈپ تالاغا مېڭىپتۇ.

ئاشپۇزۇلنىڭ ئىگىسى:

— ئەپەندىم، تەخسىنى نەگە ئاپىرىسىز؟ — دەپ سوراپتۇ.

ئەپەندىم دەرھال:

— سىلەرگە قەرز بولۇپ قالماسلىق ئۈچۈن تەخسىنى سېتىپ، يېگەن ئېشىمنىڭ پۇلىنى بېرىۋېتەي دەيمەن، — دەپتۇ.

(ئۇيغۇر)

# تەخلىشىپ كەتمەمدۇ؟

ئەپەندىم بازارغا كىرىپ ئىشتان ئالماقچى بوپتۇ. بىر ئىشتاننى قولىغا ئېلىپ نەرخىنى پۇتۇشۇپ بولۇپ:

— ئىشتىنىمغۇ خېلى يېقى تۇرۇپتۇ. ئىشتاننىڭ ئورنىغا چاپان ئالايمىكىن، — دەپ ئىشتاننى قايتۇرۇپ بېرىپ، چاپاندىن بىرنى ئالدۇرۇپتۇ. ئەپەندىم چاپاننى كىيىپ كۆرۈپ، — تازىمۇ دەل ئىكەن، بەكمۇ ياراشتى، — دېگىنىچە پۇل تۆلىمەيلا كېتىشكە تەمشىلىپتۇ. سودىگەر ئەپەندىمنى تۇتۇۋېلىپ:

— چاپاننىڭ پۇلىنى بەرمەمسىز؟ — دەپ سوراپتۇ.

— هوي، هېلىلا قايتۇرۇپ بەرگەن ئىشتاننىڭ پۇلى بىلەن تەخلىشىپ كەتمەمدۇ؟ — دەپتۇ ئەپەندىم.

(ئۇيغۇر)

# مەنمۇ ئۆلگەن بولاتتىم

ئەپەندىم بىر كۈنى ناھايىتى ئاچ قېلىپ قورساق تويدۇرۇش كويىدا ئۆزىنى تېۋىپ دەپ جاكارلاپتۇ. بىر كىشى ناھايىتى ئېغىر ئاغرىپ قالغان خوتۇنىنى كۆرسىتىش ئۈچۈن ئەپەندىمنى ئۆيىگە باشلاپ بېرىپتۇ. ئەپەندىم ئاغرىقنىڭ تومۇرىنى تۇتۇپ كۆرۈپ، دەرھال بىر چىنە خام قايماق بىلەن ئىسسىق ناندىن ئىككىنى ئەكېلىشنى بۇيرۇپتۇ، ناننى قايماققا چىلاپ قورساقنى تويدۇرغاندىن كېيىن: «خۇدايىم ئاغرىققا شىپالىق بەرسۇن» دەپ دۇئا قىلىپ چىقىپ كېتىپتۇ.

ئاغرىق شۇ كۈنىلا جان ئۈزۈپتۇ. ھېلىقى كىشى ئەپەندىمنى تېپىپ:

— قانداق تېۋىپسىز، ئاغرىق ئۆلۈپ قالدى! — دەپ كايىپتۇ. ئەپەندىم:

— ئۆلگەن بولسا خۇدايىم جايىنى جەننەت قىلغاي! ئەگەر تۈنۈگۈنكى قايماق بىلەن ناننى يېمىگەن بولسام، مەنمۇ بۇ چاغقىچە ئۆلگەن بولاتتىم! — دەپتۇ.

(ئۇيغۇر)

# باشقىلارمۇ كۆرسۇن

ئەپەندىمنىڭ خۇيى يامان بىر ئېشىكى بار ئىكەن، ئۇنى بازارغا ئاچىقىپ سېتىپ بېرىش ئۇچۇن بىر بېدىك-كە بېرىپتۇ.

ئېشەك چىشىنى كۆرمەكچى بولغانلارنى چىشلەپ، ساغرىسىنى سىلىغانلارنى تېپىپ، ھېچكىمنى يېنىغا يولاتماپتۇ. ئاخىرى بېدىك ئېشەكنى ئەپەندىمگە قايتۇ-رۇپ بېرىپ:

— ئېشىكىڭىزنىڭ خۇيى يامان ئىكەن، ئالغۇچى-لارنى ئۈركۈتۈۋەتتى، ئېشىكىڭىزنى ھېچكىم ئالمىغۇ-دەك، — دەپتۇ.

— مەنمۇ ساتاي دەپ تۇرغىنىم يوق، — دەپتۇ ئەپەندىم بېدىككە، — بۇ ئېشەكنىڭ ماڭا سالغان زۇلۇ-مىنى باشقىلارمۇ كۆرۈپ باقسۇن دەپ ئاچىقتىم.

(ئۇيغۇر)

****************************

# شوتا ساتىمەن

ئەپەندىم شوتا كۆتۈرۈپ كېتىۋېتىپ بىر باغقا دۈچ كەپتۇ. باغدا مېۋىلەر راسا مەي بولۇپ پىشىپ كېتىپتىكەن، ئەپەندىمنىڭ ئاغزىغا سېرىقسۇ كەپتۇ ـ دە، شوتىنى تامغا قويۇپ باغقا چۈشۈپتۇ. باغنىڭ ئىگىسى شوتا كۆتۈرۈپ يۈرگەن ئەپەندىمنى كۆرۈپ:

— ئەپەندىم، باغدا نېمە قىلىپ يۈرىسىز؟ — دەپ سوراپتۇ.

— شوتا ساتاي دېۋىدىم، — دەپتۇ ئەپەندىم.

— شوتا ساتسىڭىز بازارغا بارمامسىز؟ — دەپتۇ باغۋەن.

— بازاردا شوتا ساتىدىغان يەر بەلگىلەنمىگەنىكەن، شۇڭا خالىغان يەردە سېتىپ يۈرىمەن، — دەپتۇ ئەپەندىم.

**(ئۇيغۇر)**

# نېمە قىلىشنى ئۆزۈم بىلىمەن

ئەپەندىم قولۋاققا چۈشۈپ دەريادىن ئۆتۈۋاتقاندا بوران چىقىپ، دولقۇن كۆتۈرۈلۈپتۇ. ئەپەندىم دەرھال خۇداغا يالۋۇرۇشقا باشلاپتۇ: «ئەي پەرۋەردىگارىم، ئۆزۈڭ ساقلىغايسەن، ئەگەر ساق - سالامەت قىرغاققا يەتكۈزسەڭ، نەزىر - چىراغ ئۆتكۈزۈپ، مازارلارغا شام ياقىمەن!»

ئەپەندىمنىڭ يېنىدا ئولتۇرغان بالىسى:

— دادا، ئۆزىمىز ئاران قارا چىراغياندۇرۇۋاتساق، مازارغا نەدىكى شامنى ياقىمىز؟ — دەپتۇ.

— ئاقساقاللىق قىلماي تىنچ ئولتۇر، — دەپتۇ ئەپەندىم ئوغلىغا، — ئاۋۋال سالامەت قىرغاققا يېتىۋالايلۇق، كېيىن نېمە قىلىشنى ئۆزۈم بىلىمەن.

(تۈرك)

# چاشقان دورىسى

ئەپەندىم تۇرمۇشتىن قىينىلىپ، ئۇششاق شېغىل تاشلارنى يىغىپ بازارغا ئاچىقىپ ئالدىغا يېيىپ ئولتۇرغاندا بىر كىشى كېلىپ سوراپتۇ:

— ئەپەندىم، سېتىپ ئولتۇرغىنىڭىز نېمە ئۇ؟

— ئېلىڭ، چاشقان دورىسى، — دەپتۇ ئەپەندىم.

— بۇنى قانداق ئىشلىتىدۇ؟ — دەپ سوراپتۇ ھېلىقى كىشى.

— چاشقاننى تۇتىسىز-دە، ئاغزىغا شۇ تاشتىن بىر تالنى تىقىسىز. ئاندىن بېشىڭىزدىن ئايلاندۇرۇپ يەرگە ئۇرىسىز، ھەرقانداق چاشقان تىنىن تارتماي ئۆلىدۇ.

— چاشقاننى تۇتقان ئادەم تاشنى ئاغزىغا تىقماستىن ئۇرسىمۇ ئۆلمەمدۇ؟ — دەپتۇ ھېلىقى كىشى.

— ئۇنداق قىلسىڭىزغۇ ئۆلىدۇ، بىراق، دورا سېتىلماي قالىدۇ-دە، — دەپتۇ ئەپەندىم.

(ئۇيغۇر)

## ئۇ كېيىنكى ئىش

ئەپەندىم بىر باي ئاغىنىسىدىن:

— ماڭا بىرئاز پۇل بېرىپ تۇرۇڭ! — دەپ سوراپتۇ.

— پۇلنى نېمە قىلىسىز؟ — دەپ سوراپتۇ ئاغىنىسى.

— مەن بىر... بىر پىل ئالماقچى، — دەپتۇ ئەپەندىم.

— سىزدە بىرەر پىل ئالغۇچىلىك پۇل بولمىسا، پىلنى ئالغاندىن كېيىن قانداق باقىسىز؟ — دەپ سوراپتۇ ئاغىنىسى.

— ئاغىنە، مەن سىزدىن پۇل سوراپ كەلدىم، نەسىھەت ئاڭلىغىلى كەلمىدىم، ئۇ بولسا كېيىنكى ئىش! — دەپتۇ ئەپەندىم.

**(ئافغان)**

## قىممەت تۇخۇم

پادىشاھ تۇساتتىن ئەپەندىمنىڭ ئاشخانىسىغا كىر-
رىپ قاپتۇ - دە، بەش ھەمراھى بىلەن بىردىن تۇخۇم
پوشكىلى يەپتۇ.

— ئەپەندىم، بىز ئۇۋغا كېتىۋاتىمىز، پوشكىلى-
ڭىزغا قانچە پۇل تۆلەيمىز؟ — دەپتۇ پادىشاھ
ئەپەندىمگە.

— تەقسىر، جەمئىي مىڭ تىللا بەرسىڭىز بولى-
دۇ، — دەپتۇ ئەپەندىم.

— نېمە، بۇ تۇخۇمىڭىز خىسلىتى بار تۇخۇمۇ؟
نېمىشقا مۇنداق قىممەت؟ — دەپ سوراپتۇ پادىشاھ قو-
شۇمىسىنى تۈرۈپ.

— تەقسىر، تۇخۇمىمىز قىممەت ئەمەس، جانابى-
ڭىزنىڭ ئۆزى قىممەت، ئەگەر ئەرزان باھالىق تۇخۇم
پوشكىلى يېسىڭىز ئۆزىڭىزنىڭ باھاسى چۈشۈپ كەتمەم-
دۇ؟ — دەپ جاۋاب بېرىپتۇ ئەپەندىم.

**(ئافغان)**

# پادىشاھنىڭ ئاجىزلىق تەرىپى

ئەپەندىم بىر كۈنى ناھايىتى چىرايلىق ۋە ھەيۋەتلىك بىر سەللىنى بېشىغا ئوراپ ئوردىغا كىرىپتۇ. ئۇ كۆڭلىدە: «پادىشاھنىڭ چوقۇم بۇ سەللىگە كۆزى چۈشىدۇ، يۇقىرى باھا بېرىپ سېتىۋالسا ئەجەب ئەمەس» دەپ ئويلاپتۇ.

— ئەپەندىم، بۇ سەللىڭىزنى قانچە پۇلغا ئالدىڭىز؟ — دەپ سوراپتۇ پادىشاھ قىزىقىپ.

— تەقسىر، مەن بۇ قىممەت پۇللۇق سەللىنى مىڭ تىللا بېرىپ ئالدىم، — دەپتۇ ئەپەندىم.

پادىشاھنىڭ ۋەزىرى ئەپەندىمنىڭ قەستىنى بىلىپ قېلىپ، پادىشاھقا پىچىرلاپ:

— ئەخمەقتىن باشقا ھېچقانداق كىشى بۇ سەللىنى مىڭ تىللاغا ئالمايدۇ، — دەپتۇ.

— ئەپەندىم، مەن بىر سەللىنى مىڭ تىللاغا ئالغاننى زادى ئاڭلاپ باقماپتىكەنمەن، قانداق بولۇپ ئۇنى شۇنچە قىممەتكە ئالدىڭىز؟

— ئىززەتلىك پادىشاھىم، دۇنيادا بىرلا پادىشاھ ئۇنىڭ قىممىتىنى بىلىدۇ ۋە ئۇنى قىممەت باھاغا ئالىدۇ، — دەپتۇ ئەپەندىم سىرلىق قىلىپ.

پادىشاھ ئۆزىنىڭ ئۇلۇغلۇقىنى كۆرسىتىش ئۈچۈن مىڭ تىللا بېرىپ بۇ سەللىنى ئېلىپ قاپتۇ ۋە ماختاش ھەم قۇتلۇقلاش سادالىرى ئىچىگە غەرق بوپتۇ.

ئەپەندىم مىڭ تىللانى ئېلىپ ۋەزىرنىڭ قېشىغا كەپتۇ ۋە ئۇنىڭغا پىچىرلاپ:

— سىز بۇ سەللىنىڭ باھاسىنى راستتىنلا بىلىدىكەنسىز، ئەمما مەن پادىشاھنىڭ ئاجىزلىق تەرىپىنى بىلىدىكەنمەن، — دەپتۇ.

(ئافغان)



# ئامانەتكە خىيانەت

ئەپەندىمنىڭ خوتۇن - بالىلىرى يېزىدىكى تۇغقاندىلىرىنىڭ ئۆيىگە كېتىپ قالغاندىن كېيىن، ئەپەندىم ئىككى - ئۈچ كۈن ئاش - تاماقسىز قاپتۇ. بۇ ئەھۋالنى ئۇققان مەھەللە مەزىنى ئەپەندىمگە:

— ئەپەندىم، بالا - چاقىڭىزنى قايتۇرۇپ ئەكېلىۋالسىڭىز بولمامدۇ، قىينىلىپ قاپسىز! — دەپ مەسلىھەت بېرىپتۇ.

— يېزىغا چىقىپ كېلەي دېۋىدىم، بىراق ئۆي يالغۇز قالىدىكەن، — دەپتۇ ئەپەندىم.

— بىرەر كۈنگە ئۆينى خۇداغا ئامانەت قويىمامسىز! — دەپتۇ مەزىن.

ئەپەندىم مەزىننىڭ مەسلىھەتىگە ماقۇل بوپتۇ ۋە ئۆينى خۇداغا ئامانەت قويۇپ يېزىغا چىقىپ كېتىپتۇ. ئەپەندىم قايتىپ كەلسە، ھويلىنىڭ ئىشىكىنى بىرى قومۇرۇپ ئەكېتىپتۇ. ئەپەندىم شۇ ئاخشىمىلا مەسچىتنىڭ ئىشىكىنى قومۇرۇپ ئەكېلىپ ھويلىسىغا ئورنىتىۋاپتۇ.

بۇ ئىشنى ئاڭلىغان مەزىن باشلىق بىرمۇنچە جامائەت ئەپەندىمنى قازىخانىغا ئېلىپ بېرىپتۇ. قازى:

— ئەپەندىم، مەسچىت دېگەن خۇدانىڭ ئۆيى، مەسچىتنىڭ ئىشىكىنى قومۇرۇپ كېتىشكە ئۇيالمىدى-ڭىزمۇ؟ — دەپتۇ.

— مەنمۇ ئۆيۈمنى خۇداغا ئامانەت قويغانىدىم، خۇدايىم ئامانەتكە خىيانەت قىپتۇ. شۇڭا خۇدانىڭ ئى-شىكىنى ئەكېلىپ ئورنىتىپ قويدۇم، خۇدايىم ئىشى-كىمنى تېپىپ بەرسە، مەسچىتنىڭ ئىشىكىنى شۇ زا-مات قايتۇرۇپ بېرىمەن، — دەپتۇ ئەپەندىم.

(ئۇيغۇر)



# ئۇستىدىكىسى ۋە ئاستىدىكىسى

ئەپەندىم بىر كىشىگە قەرزدار بولۇپ قاپتۇ، قەرز ئىگىسى ئەپەندىمنى قازىغا ئەرز قىپتۇ. قازى ئەپەندىمنى تېرىغان زىرائىتىنىڭ يېرىمىنى قەرزگە بېرىشنى بۇيرۇپتۇ.

— ئەمىسە سىز زىرائەتنىڭ قايسى قىسمىنى ئالىسىز؟ — دەپ سوراپتۇ ئەپەندىم قەرز ئىگىسىدىن.

— ئۇستىدىكىسىنى مەن ئالاي، ئاستىدىكىسىنى سىز ئېلىڭ، — دەپتۇ قەرز ئىگىسى.

شۇنداق قىلىپ، ئۇلار تىلخەت يېزىشىپتۇ. ئەپەندىم شۇ يىلى يېرىگە تۇرۇپ تېرىپتىكەن، تۇرۇپنىڭ كۆكىنى قەرز ئىگىسىگە ئاپىرىپ بېرىپتۇ ـ دە:

— بۇ يىلچە شۇنداق بولسۇن، كېلەر يىلى مەن يەنە بىر نەرسە تېرىسام، ئۇنىڭ قايسى قىسمىنى ئالىسىز؟ — دەپتۇ.

— خوپ، كېلەر يىلى ئاستىدىكىسىنى ئالاي، — دەپتۇ قەرز ئىگىسى.

ئىككىنچى يىلى ئەپەندىم بۇغداي تېرىپتۇ، ئەپەندىم بۇغداينى ئۆزى ئېلىپ يىلتىزىنى قەرز ئىگىسىگە ئاپىرىپ بېرىپتۇ. قەرز ئىگىسى ھېچ نەرسە دېيەلمەپتۇ.

(ئافغان)

# باشقىلارنىڭ قەرزىنى تۆلەپ قويۇش

— ئاغىنە، — دەپتۇ ئەپەندىم بىر ئاغىنىسىگە، — مەن قەرزىنى تۆلىيەلمەيدىغان بىر كەمبەغەل كىشىنىڭ قەرزىنى تۆلەپ قويۇش ئۈچۈن پۇل توپلاۋاتىمەن.

— ئەجەبمۇ ساۋابلىق ئىش قىلغۇدەكسىز، ئەپەن-دىم، — دەپتۇ ئاغىنىسى بىر كۈمۈش تەڭگىنى ئۇنىڭغا بېرىپ، — ئۇ قانداق ئادەم ئىكەن؟

— ماڭا ئوخشاش ئادەم ئىكەن، — دەپلا ئىتتىك كېتىپ قاپتۇ ئەپەندىم.

ئىككى ھەپتە ئۆتكەندىن كېيىن، ئەپەندىم يەنە ھېلىقى ئاغىنىسىنىڭ ئىشىكى ئالدىغا كېلىپ تۇرۇپتۇ. ئاغىنىسى:

— ئەپەندىم، يەنە كىمگە سېخىيلىق قىلاي دەپ كەلدىڭىز؟ — دەپ سوراپتۇ ئۇنىڭدىن.

— بۇ قېتىم مۇتلەق بىر قەرزدارنىڭ قەرزىنى تۆلەپ قوياي دەپ كەلدىم، — دەپتۇ ئەپەندىم.

ئاغىنىسى خۇشال بولۇپ يەنە بىر كۈمۈش تەڭگىنى بېرىپتۇ ـ دە:

— ئۇ قەرزدار كىشى كىم ئىكەن، مەن بىر ئاڭلاپ باقاي؟ — دەپ سوراپتۇ.

— ئۇ خوتۇنۇمغا ئوخشاش بىر مەزلۇم ئىكەن، — دەپتۇ ئەپەندىم.

(ئافغان)

# بىچارە ئېشىكىم

بىر يىلى قىش ناھايىتى ئۇزۇنغا سوزۇلۇپتۇ. ئېشىكىگە جىقراق يەم غەملەپ قويمىغان ئەپەندىم ئۇنى يەمدىن قىسىۋېرىپتۇ. ئېشەك ئاچلىقتا ئۆلۈپ قاپتۇ. ئېغىلغا كىرىپ ئېشەكنىڭ ئۆلۈك ياتقىنىنى كۆرگەن ئەپەندىم:

— بىچارە ئېشىكىم، ئاچلىق بىلەن تازا ئېلىشتىڭىۋ، ئەپسۇس، ئۆمرۈڭ ۋاپا قىلمىدى - دە! — دەپتۇ.

(ئۆزبېك)



# كېسەل

ئەپەندىم سېۋەت كۆتۈرۈپ باغقا ئۈزۈم ئوغرىلاشقا چۈشۈپتۇ، سېۋەتنى تولدۇراي دېگەندە باغۋەن كېلىپ قاپتۇ.

— بىراۋنىڭ بېغىغا چۈش دەپ كىم ئېيتتى سىزگە؟

— ئۆزۈم چۈشكىنىم يوق، — دەپتۇ ئەپەندىم، — بۈرگىگە ئوخشاش سەكرەيدىغان كېسىلىم بار، كوچىدا كېتىپ بېرىپ بىر سەكرىگەنىدىم، باغقا چۈشۈپ قالدىم.

— سېۋەتكە ئۈزۈمنى كىم تولدۇردى؟

— بۇنىڭغا ئۆزۈممۇ ھەيرانمەن، لېكىن بۇمۇ بىر كېسەل. قېنى، پۈتۈمنى كۆتۈرۈپ تامدىن ئارتىلدۇرۇۋەتكىنە! — دەپتۇ ئەپەندىم.

**(ئۆزبېك)**

# بىتاقەت بولۇش

ئەپەندىم ئېشىكىنى يىتتۈرۈپ قويۇپتۇ. كۆپچە-لىك ئۇنىڭغا ياردەملىشىپ تەرەپ - تەرەپكە ئىزدەپ مېڭىپتۇ. ئەپەندىم بولسا ئانچە بىتاقەت بولماپتۇ.

— ئەپەندىم، ئېشىكىڭىز يىتىپ كەتسىمۇ بىتاقەت بولمايسىزغۇ؟ — دەپتۇ بىرى.

ئەپەندىم قولى بىلەن يىراقتىكى تاغنى كۆرسىتىپ:

— ئاۋۇ يىراقتىكى تاغنى كۆردىڭىزمۇ؟ تېخى ھېچكىم ئۇ يەرگە ئىزدىگىلى بارمىدى. ئەگەر ئۇلار ئۇ يەردىنمۇ تاپالمىسا، ئەنە شۇ چاغدا بىتاقەت بولۇشۇم كېرەك، — دەپتۇ.

**(ئافغان)**

# تەكىيە قىلاتتىم

ئەپەندىم شەھەردىن قايتىشىدا كەچ قېلىپ، بىر ئاغىنىسىنىڭكىگە كەپتۇ. ئاغىنىسى ئەپەندىمنىڭ قورسىقىدىن خەۋەر ئالمايلا، ئورۇن سېلىپ بېرىپ، ئۆز ھۇجرىسىغا كىرىپ كېتىپتۇ. ئەپەندىم قورسىقىنىڭ ئاچلىقىدىن ئۇياقتا ئۆرۈلۈپمۇ، بۇياقتا ئۆرۈلۈپمۇ ئۇخلىيالماپتۇ، ئاخىر ئىچكىرىكى ھۇجرىنىڭ ئىشىكىنى چېكىپتۇ.

— خوش، نېمە گەپ؟ — دەپ سوراپتۇ ئاغىنىسى.

— ئىككى نان ئۇزىتىۋەتسىڭىز! — دەپتۇ ئەپەندىم.

— كېچىدە نان نېمىگە كېرەك بولۇپ قالغان؟

— بېشىم پاكار بولۇپ قاپتىكەن، ئۇيقۇم كەلمەيۋاتىدۇ، ناننى تەكىيە قىلاتتىم، — دەپتۇ ئەپەندىم.

(ئۇيغۇر)

# باش كۆتۈرۈشكە دەرمان يوق

بىر سودىگەر مەھەللىسىنىڭ ئىمامى ئۆلۈپ قالغان-لىقتىن، «نەسىردىن ئەپەندىمنى ئىمام قىلايلۇق، بەش ۋاخ نامازدا ئىمام بولىدۇ، باشقا ۋاقىتتا سۆھبىتىمىزنى قىزىتىپ يۈرىدۇ» دېگەن مەسلىھەت بىلەن، ئەپەندىمنى تىنچ، دارامىتى كۆپ بىر مەسچىتتىن ئايىنتىپ، كۆپ ۋەدىلەر بىلەن ئەكەپتۇ.

بىر يىل ئۆتۈپتۇ، يا ۋەخپىدىن، يا خەير - ئېھ-ساندىن ۋە يا خەتمىقۇرئاندىن دېرەك بولماپتۇ.

ئەپەندىم بىر كۈنى ئىككى رەكەت پېشىن نامىزىنى ئوقۇغاندىن كېيىن سەجدىدىن باش كۆتۈرمەي دوڭغىيىپ ئولتۇرۇۋېرىپتۇ. ئىمام باش كۆتۈرمىگەندىن كې-يىن، نامـاز ئـوقـۇۋاتقـانلاردىـن بىرىنىـڭ تاقىتى تۈگەپ:

— ئەپەندىم، بېشىڭىزنى كۆتۈرمەمسىز؟ دۇكان ئوچۇق قالغاندى! — دەپتۇ.

— سىلەرگە ئىمام بولۇپ كۈچۈم قالمىدى، — دەپ جاۋاب بېرىپتۇ ئەپەندىم دوڭغايغان پېتى قاتتىق ۋارقىراپ، — بېشىمنى كۆتۈرگىچىلىك ھالىم يوق.

ئىچىڭلاردىن بىرىڭلار سېنى ئەكەلگەندە بەرگەن ۋەدى-
مىزنىڭ ئۈستىدىن چىقىمىز دەپ قەسەم ئىچسۇن،
بەلكىم شۇ ۋەدەڭلارنىڭ كۈچى بىلەن بېشىمنى
كۆتۈرەرمەن.

(تۈركمەن)



# ئىككى ساماۋار

بۇرنى يوغان، ئۆزى سېرىق بىر كىشى ئەپەندىمنى زاڭلىق قىلماقچى بولۇپ:

— ئەپەندىم، ئاڭلىسام ئوقۇر ياسىماقچىكەنسىز، مۇشۇ بۇرنۇمنىلا ساتاي، ئوقۇر قىلىۋېلىڭ! — دەپتۇ.

— ئۇنىڭدا زىيان تارتىپ قالىسىز، — دەپتۇ ئەپەندىم ھېلىقى كىشىگە، — ئوقۇر دېگەن ئەرزان نەرسە، ئۇنىڭدىن كۆرە بۇرنىڭىزنى مىسكەرچىگە ئاپارسىڭىز، ئىككى ساماۋار سوقۇپ بېرىدۇ. بىرىنى سېتىپ ئوغلىڭىزنى ئۆيلەيسىز، بىرىنى كېلىنىڭىزگە سالامغا قويۇپ بېرىسىز.

(ئۇيغۇر)

# تارتىنچاق نان

ئەپەندىم بىر باينىڭ ئۆيىگە بارسا، باي ئۇنىڭغا زاغرا بىلەن ئەتكەنچاي بېرىپتۇ. ئەپەندىم چىنىسىگە زاغرىدىن بىرنەچچە پارچە سالسا، زاغرا چىنىنىڭ ئاس-تىغا چۆكۈپ كېتىپتۇ. باي ئەپەندىمنىڭ چىنىسىگە قاراپ:

— ئەپەندىم، چىنىگە نان سېلىڭ، تارتىنماڭ، — دەپتۇ.

— نانغۇ سالغاندىم، بىراق، نېنىڭىز تارتىنچاق نان ئىكەن، ئىزا تارتىپ چىنىنىڭ ئاستىغا چۆكۈۋال-دى، — دەپ جاۋاب بېرىپتۇ ئەپەندىم.

(ئۇيغۇر)

# ئىنچىكە ھېساب

ئەپەندىم ئۆيلىنىپتىكەن، خوتۇنى ئۈچ ئايدىلا تۇغۇپ قويۇپتۇ. ئەپەندىم ھەيران بولۇپ:

— خوتۇن، باشقىلارنىڭ خوتۇنى توققۇز ئايدا تۇغسا، ئەجەب سەن ئۈچ ئايدىلا تۇغدۇڭغۇ؟ — دەپ سوراپتۇ.

— قىزىق ئىكەنلا، — دەپتۇ خوتۇنى، — سىلى مېنى ئالغىلى ئۈچ ئاي بولدى، مەن سىلىگە تەگكىلىچۇ؟

— ئۈچ ئاي، — دەپ جاۋاب بېرىپتۇ ئەپەندىم.

— خوش، ئۇنداق بولسا، — دەپتۇ خوتۇنى، — ئۈچكە ئۈچنى قوشساق ئالتە، ئۇنىڭغا ئۈچ ئاي قورساق كۆتۈرگىنىمنى قوشساق توققۇز ئاي دېگەن شۇ ئەمەسمۇ؟

— بەللى، خوتۇن، — دەپتۇ ئەپەندىم، — بۇنداق ئىنچىكە ھېسابنى ئۆگەنمىگەنىكەنمەن.

(ئۇيغۇر)

# قانداق ياتسا ئوبدان ئۇخلايدۇ؟

ئەپەندىمدىن بىر بۇرادىرى سوراپتۇ:
— ئەپەندىم، ئادەم قانداق ياتسا ئوبدان ئۇخلايدۇ؟
— قانداق يېتىش ئەپلىك بولسا، شۇنداق يېتىڭ، — دەپ جاۋاب بېرىپتۇ ئەپەندىم.
— مەن ھەرقانداق ياتساممۇ ئوبدان ئۇخلىيالمايمەن، — دەپتۇ ھېلىقى بۇرادىرى.
— ئەمىسە سەۋر قىلىڭ، — دەپتۇ ئەپەندىم، — گۆرگە كىرگەندە تازا ئوبدان ئۇخلايسىز.

(تۈركمەن)

# تايغاننىڭ ئۆزى بولدۇ

شەھەرنىڭ بىر بېخىل بېيى ئەپەندىمگە: «ماڭا بىر تايغان سېتىپ ئەكېلىپ بېرىڭ» دەپ بۇيرۇپتۇ. ئەپەندىم ئۇنىڭغا سېمىز، يوغان بىر ئىت ئەكېلىپ بېرىپتۇ. باينىڭ ئاچچىقى كېلىپ:

— ئەپەندىم، مەن سىزگە تايغان ئەكېلىپ بېرىڭ دېگەنىدىمغۇ! — دەپتۇ.

— رەنجىمىسىلە، باي، بۇ ئىت ئۆيلىرىدە بىر ھەپتىلا تۇرسا، ئورۇقلاپ، تايغاننىڭ ئۆزى بولىدۇ، — دەپ جاۋاب بېرىپتۇ ئەپەندىم.

(ئەزەربەيجان)

# بالىلارنىڭ تەلىپى

بىر كۈنى مەدرىسىنىڭ خەلىپىتى بالىلارنى باشلاپ يامغۇر تىلەشكە كېتىپ بارغىنىدا ئەپەندىم يولۇقۇپ قاپتۇ.

— خەلپىتىم، بالىلارنى نەگە ئېلىپ ماڭدىڭىز؟ — دەپ سوراپتۇ ئەپەندىم.

— بالىلارنىڭ تەلىپى ئىجاۋەت بولىدۇ دەيدۇ، يامغۇر تىلەشكە ماڭدۇق، — دەپ جاۋاب بېرىپتۇ خەلپەت.

— سادда ئىكەنسىز، ئەگەر بالىلارنىڭ تەلىپى ئىجاۋەت بولسا، ئاللىقاچان ئۆلۈپ كەتكەن بولاتتىڭىز! — دەپتۇ ئەپەندىم.

(تۈركمەن)

## سائەت ئۈندا ئۈيغىنىدىغان بولسا...

بازاردا توخۇ ساتقۇچى قولىغا يوغان بىر خورازنى كۆتۈرۈۋېلىپ:

— ھاي، خوراز ساتىمەن، خوراز، بۇ خوراز ھەر كۈنى ئەتىگەندە چىلىلاپ ئىگىسىنى ئويغىتىۋېتىدۇ! — دەپ ۋارقىرىغىلى تۇرۇۋېتۇ.

ئەپەندىم كېلىپ خورازنى كۆرۈپ شۇنداق دەپتۇ:

— ئەگەر سىزنىڭ خورىزىڭىز ھەر كۈنى ئەتىگەندە سائەت ئۈندا ئويغىتىدىغان بولسا، مەن ئالىمەن.

(ئۇيغۇر)

# بۇقا ۋە بېلىق

ھېلىلا ئۆيىدىن كالا گۆشى يەپ چىققان باي ئەپەندىگە ماختىنىپ:

— ئەپەندىم، كۆردىڭىزمۇ مېنى، بۇقىدەك تۇرغىنىمنى، ھەر كۈنى بۇقا گۆشى يەپ تۇرىمەن ئەمەسمۇ، — دەپتۇ.

— شۇنداقمۇ، تەقسىر، ئەمما مەن كۈندە بېلىق يەيمەنۇ، نېمىشقا سۇ ئۈزۈشنى بىلمەيمەن؟ — دەپتۇ ئەپەندىم ياندۇرۇپ.

(ئەزەربەيجان)

# بەرمەسنىڭ باھانىسى

بىر كىشى ئەپەندىمدىن غەلۋىر سوراپ كەپتۇ. ئەپەندىم:

— بۇرادەر، جېنىم بىلەن بېرەتتىم، بىكار ئەمەس، ئۆيدىكىلەر غەلۋىرگە سۇ قۇيۇپ قويۇپتۇ، — دەپ جاۋاب بېرىپتۇ.

ھېلىقى كىشى ھەيران بولۇپ:

— ئەپەندىم، غەلۋىرگىمۇ سۇ قۇيامدۇ؟ — دەپ سوراپتۇ.

— ھەي ئەخمەق، بەرمەسلىككە باھانە ئىزدىگەندە غەلۋىرگە سۇ قۇيۇش بۇياقتا تۇرسۇن، ئارغامچىنىمۇ ئۇن قاچىلاپ قويىدۇ، — دەپ جاۋاب بېرىپتۇ ئەپەندىم.

(تۈرك)

# گۆش ۋە پالتا

ئەپەندىم بىر كۇنى بازاردىن گۆش ئەكەلسە، خوتۇنى ئۇنى پىشۇرۇپ يەۋىلىپ، ئەپەندىمگە: «ئىت يەپ كەتتى» دەپتۇ. ئەپەندىم بازاردىن پالتا ئەكىلىپ ساندۇقتا سىلىپ قويۇپتۇ.

خوتۇنى:

— پالتىنىمۇ ساندۇقتا سىلىپ قويغان بارمۇ؟ — دەپتىكەن.

ئەپەندىم:

— بىر تەڭگىلىك گۆشنى ئىلىپ قاچقان ئىت بەش تەڭگىلىك پالتىنى ئالماي قويىدۇ دەمسەن، ياخشىسى، ساندۇق تىنچ، — دەپ جاۋاب بىرىپتۇ.

(ئۇيغۇر)

## قىزىلئۆڭگەچكە ئوت كەتكەندە…

ئەپەندىمنىڭ ئۆيىگە بىر سودىگەر دوستى كەپتۇ. ئەپەندىم دوستىنى چۆچۈرە بىلەن مېھمان قىپتۇ. قورسىقى ئاچقان سودىگەر ئىسسىق چۆچۈرىنى ئىتتىك ئاغزىغا ئاپتۇ ـ دە، ئاغزى كۆيگەنلىكىنى چاندۇرماسلىق ئۈچۈن تورۇسقا قارىۋاپتۇ. بىر ھازادىن كېيىن چاندۇرماي:

— ئەپەندىم، بۇ تورۇسنى قاچان ياپقان؟ — دەپ سوراپتۇ.

ئەپەندىم دەرھال:

— قىزىلئۆڭگەچكە ئوت كەتكەندە، — دەپ جاۋاب بېرىپتۇ.

(ئۇيغۇر)

# ناخشچى

ئەپەندىم بىر ناخشچىنىڭ ئاۋازىنى زادىلا ياقتۇر-مايدىكەن، ئۇ قەيەردە ناخشا ئېيتسا، ئەپەندىم ئاستاغىنا ئورنىدىن تۇرۇپ كېتىپ قالىدىكەن.

بىر كۈنى ئەپەندىم شۇ ناخشچىنىڭ بىر بالىنى يېتىلەپ كېتىۋاتقىنىنى كۆرۈپ سوراپتۇ:

— بۇ بالا كىمىڭىز بولىدۇ؟

— ئوغلۇم، — دەپ جاۋاب بېرىپتۇ ناخشچى.

ئەپەندىم پېشانىسىگە ئۇرۇپ:

— بىزغۇ مەيلى، ئەمدى بالا ـ چاقىلارنىڭمۇ شورى قورۇيدىكەن ـ دە، — دەپتۇ.

(قىرغىز)

# بات

قازى پارىخورلۇققا بەكمۇ ئۆگەنگەنىكەن، قازىلىق- تىن چۈشكەندىن كېيىنمۇ كىمنى كۆرسە ئۇنىڭ ئالىقى- نىنى تاتىلايدىغان بولۇپ قاپتۇ.

ئۇ بىر كۈنى ئەپەندىمنىڭ ئالدىدا ئىختىيارسىز ئالىقىنىنى تاتىلاپتۇ ـ دە، خىجالەت بولۇپ ئەپەندىمدىن سوراپتۇ:

— ئەپەندىم، ئالىقاننىڭ قىچىشىشى هارام قاندىن بولغۇدەكمىش، شۇ راستمۇ؟

ئەپەندىم ئۇنىڭ ئالىقىنىغا قاراپ تۇرۇپ كېتىپ شۇنداق جاۋاب بېرىپتۇ:

— پارىخورلۇق بات كېسىلىنى پەيدا قىلغان بولسا ئەجەب ئەمەس، لېكىن پارىخورلۇقمۇ هارام قاندىن بولىدۇ...

(ئەزەربەيجان)

## ئەتە قىيامەت بولسا...

ئەپەندىمنىڭ قوي بورداۋاتقانلىقىدىن خەۋەر تاپقان مەھەللە بايلىرىنىڭ بالىلىرى ئەپەندىمنى ئالداپ قويىنى يەۋېلىشنى مەسلىھەتلىشىپتۇ. ئۇلار ئەپەندىمنىڭ ئۆيىگە كېلىپ:

— ئەپەندىم، ئاخۇنۇملار ئەتە قىيامەت بولىدىكەن دەيدۇ. قويىنى بېقىپ نېمە قىلىسىز. بۈگۈنلا دەريا بويىغا چىقىپ ئولاش - چولاش يەۋېتەيلى، — دەپتۇ.

ئەپەندىم ماقۇل بوپتۇ - دە، دەريا بويىغا بېرىپ، قويىنى سويۇپ قازانغا سېپتۇ. باي بالىلىرى گۆش پىشقۇچە ئىشتىھا راسلىماقچى بولۇپ، بەقەسەم چاپان، شايى يەكتەكلىرىنى ئەپەندىمگە ساقلىتىپ قويۇپ سۇغا چۈمۈلگىلى كېتىپتۇ. ئەپەندىم ئوتنى ئۇلغايتىپ، ھەممە كىيىملەرنى ئوچاققا تىقىپ گۆشنى راسا قايناتقىلى تۇرۇپتۇ. باي بالىلىرى قايتىپ كەلسە كىيىملىرى يوق تۇرغۇدەك.

— ئەپەندىم، چاقچاق قىلماي كىيىملەرنى بېرىۋېتىڭ، نەگە تىقىپ قويدىڭىز؟ — دەپ سوراپتۇ بالىلار.

— چاقچاق قىلمىدىم، ئوتقا قالىۋەتتىم، — دەپتۇ ئەپەندىم.

— بۇ نېمە قىلغىنىڭىز، ئەمدى نېمە كىيدە-
مىز؟ — دەپتۇ باللار:

— ئەخمەق ئىكەنسىلەر، ئەتە قىيامەت تۇرسا،
كىيىمنىڭ نېمە كېرىكى بار، — دەپ جاۋاب بېرىپتۇ
ئەپەندىم.

(ئۇيغۇر)



# گۇۋاھلىق بىرىش

بىر كىشى ئەپەندىمنىڭ قېشىغا كېلىپ:
— ئەپەندىم، مېنىڭ پالانچىدا بۇغداي ئېلىشىم بار ئىدى، ئەتە قازىخانىغا بىرىپ گۇۋاھلىقتىن ئۆتۈپ بەرسىڭىز، — دەپ ئۆتۈنۈپتۇ. ئەپەندىم ماقۇل دەپ قازىخانىغا بىرىپتۇ.
— دەۋاگەرنىڭ بۇ ئادەمدە ئارپا ئېلىشى بارلىقىغا گۇۋاھلىق بىرىمەن، — دەپتۇ ئەپەندىم.
قازى ھەيران بولۇپ:
— دەۋاگەر بۇغداي ئېلىشىم بار دېيىدىغۇ، — دەپ سوراپتۇ.
ئەپەندىم:
— يالغان دەۋا ئۈچۈن ئارپا بىلەن بۇغداينىڭ نېمە پەرقى بار. بۇغداي ئەمەس، ئارپا ئۈندۈرۈۋالسىمۇ چوڭ گەپ، قالغىنىنى ئۆزىڭىز بىلىڭ، — دەپ كېتىپ قاپتۇ.

(ئۇيغۇر)

# دادىڭىزنى دوراپسىز

پادىشاھ چوڭ مەدرىسىدە ئوقۇپ كەلگەن ئوغلىنى ئەپەندىمگە ماختاپ:
— شاھزادەم شۇنچىلىك كامالەتكە يەتتىكى، كۆڭ-لىڭىزگە پۈككەننىمۇ بىلەلەيدۇ، — دەپتۇ.
— پادىشاھىئالەم، شاھزادىنى كۆڭۈلگە پۈككەن-دىن ئەمەس، ئاۋۋال مۇشتۇمغا پۈككەندىن بىر سىناپ كۆرەيلى، — دەپتۇ ئەپەندىم ئۇزۇكنى مەھكەم سىقىملاپ تۇرۇپ، — قېنى، شاھزادەم، قولۇمدىكى نېمە؟ — دەپ مۇشتۇمنى كۆرسىتىپ سوراپتۇ.
شاھزادە نېمە دېيىشىنى بىلمەي گاڭگىراپ قاپتۇ.
ئەپەندىم:
— بەلگىسىنى ئېيتىپ بېرەي، ئۆزى دۈگىلەك، ئوتتۇرىسى تۆشۈك، ئۇ نېمە؟ — دەپ سوراپتۇ.
— ھە، بىلدىم، — دەپتۇ شاھزادە، — قولىڭىزدىكى تۈگمەن تېشى.
ئەپەندىم دەرھال:
— ئەقلىڭىزگە بارىكاللا، شاھزادەم، خۇددى دادى-ڭىزنى دوراپسىز، — دەپ چىقىپ كېتىپتۇ.

(تۈركمەن)

# خۇدانىڭ ئۆزى بىلىدۇ

ئەپەندىم بىر پىخسىق تونۇشىنىڭ ئۆيىگە بارسا، ئەپەندىمگە قاتتىق نان بىلەن بىر چىنە ھەسەل قويۇپتۇ. ئەپەندىمنىڭ نانغا چىشى ئۆتمەي، ھەسەلنى قوشۇق بىلەن يېيىشكە باشلاپتۇ. ئۆي ئىگىسى ئالاق - جالاق بولۇپ:

— ئەپەندىم، ھەسەل دېگەننى نان بىلەن يېمىسە، كىشىنىڭ ئىچىنى ئېچىشتۇرىدۇ، — دەپتۇ.

ئەپەندىم ئۇنچىقماي ئولتۇرۇپ، ھەسەلنى يەپ بولغاندىن كېيىن:

— كىمنىڭ ئىچى ئېچىشىۋاتقانلىقىنى خۇدانىڭ ئۆزى بىلىدۇ، ئامىن! — دەپ دۇئا قىلىپ چىقىپ كېتىپتۇ.

(تۈرك)

## تەنە

ئەپەندىم بىر كۈنى ئوغلىنى ئېشەككە مىندۈرۈپ، ئۆزى ياياق مېڭىپتۇ. ئادەملەر كۆرۈپ زاڭلىق قىلىپ:

— ماۋۇ ئەخمەقنى كۆرۈڭلار! تورپاقتەك ئوغلىنى ئېشەككە مىندۈرۈپ، ئۆزى ياياق كېتىۋاتقىنىنى! — دېيىشىپتۇ.

ئەپەندىم ئوغلىنى چۈشۈرۈپ ئۆزى مىنىۋاپتۇ. بىراق، يولدا ئادەملەر يەنە زاڭلىق قىلىشىپتۇ:

— ئوھوي، ماۋۇ ئادەمنى كۆرۈڭلار، بالىسىنى ياياق قويۇپ، ئۆزى ئېشەككە مىنىۋاپتۇ...

ئەپەندىم ئەمدى ئوغلىنى مىنگەشتۈرۈۋاپتۇ، لېكىن كىشىلەر بۇنىڭغىمۇ كۈلۈشۈپتۇ:

— ماۋۇ نائىنسابنى كۆرۈڭلار! كىچىككىنە بىر مەخلۇققا جەبىر قىلىپ، ئىككىسى مىنىۋاپتۇ.

ئەپەندىم دەرھال ئېشەكتىن چۈشۈپتۇ ھەم ئوغلىنىمۇ چۈشۈرۈپ، كىشىلەرگە قاراپ:

— مانا شۇنداق قىلسامغۇ مەسخىرىدىن قۇتۇلارمەن؟ — دەپ ئېشەكنى ھاپاشلىۋاپتۇ.

(تۈرك)

# موھتاجلىقتىن

بىر كۈنى پادىشاھ ئەپەندىمدىن سوراپتۇ:

— ئەپەندىم، بىر تەرىپىڭىزگە ئالتۇن، يەنە بىر تەرىپىڭىزگە ھەقىقەت قويۇپ قويسا، قايسىسىنى ئالدىسىز؟

— تەقسىر، ئالتۇننى ئالىمەن، — دەپ جاۋاب بېرىپتۇ ئەپەندىم.

— نادان ئىكەنسىز، — دەپتۇ پادىشاھ ئەپەندىمگە، — پۇل، دۇنيا دېگەن تېپىلىدۇ، ھەقىقەتنى تاپماق تەس، سىزنىڭ ئورنىڭىزدا مەن بولسام، ھەقىقەتنى ئالاتتىم.

— تەقسىر، دېگەنلىرى توغرا، — دەپتۇ ئەپەندىم، — كىمدە نېمە كەم بولسا، ئۇ شۇنى ئالىدۇ. مېنىڭ ئالتۇننى ئېلىشىم، سىلىنىڭ ھەقىقەتنى ئېلىشلىرى موھتاجلىقتىن.

(ئۇيغۇر)

# ئاۋۋال كۆزىڭىزنى ئەملەش كېرەك

نەپسى يامـان بىر ئادەم ئەپەندىمنىڭ قېشىغا كېلىپ:

— ئەپەندىم، قورسىقىم بەك ئاغرىپ كەتتى، بىر ئەملەپ قويغان بولسىلا، — دەپتۇ.

— تۈنۈگۈن نېمە يېگەنىدىڭىز؟ — دەپ سوراپتۇ ئەپەندىم.

— بىرئاز غورا يەپتىمەن، ئاندىن بىر چىنە بۇزۇلاي دەپ قالغان قېتىق ئىچكەن، — دەپتۇ ئاغرىق كىشى.

— ئۇنداق بولسا ئاۋۋال كۆزىڭىزنى ئەملەش كېرەك، سىزگە بىرئاز دورا يېزىپ بېرەي.

— نېمىشقا؟ كۆزۈم ئاغرىمىغان تۇرسا؟ — دەپتۇ ئاغرىق كىشى ئەجەبسىنىپ.

— سىزنى بىرنەرسە يېيىشتىن ئاۋۋال ئوبدان كۆرۈپ ئاندىن يېسۇن دەپ، — دەپ جاۋاب بېرىپتۇ ئەپەندىم.

(ئۇيغۇر)

# قازىنىڭ نەزىرى

بىر كۈنى يېزا يۇرت پۈتۈن يۇرتقا: «يۇرتىمىزغا قازى ئاخۇنۇم كەلدى، ھەممە ئادەم تۈتۈن بېشىغا ئالدى قوي، كەينى توخۇ بولسىمۇ ئۆشرە ـ زاكات تاپشۇرۇپ قازىنىڭ نەزىرىگە سازاۋەر بولسۇن» دېگەن بۇيرۇقنى چىقىرىپتۇ.

ئەپەندىم بۇيرۇقنى ئوقۇپ، تۆت تۇخۇمنى ياغلىققا تۈگۈپ، قازىنىڭ ئالدىغا مېڭىپتۇ. ئۇنى كۆرگەن قوشنىسى:

— ئەپەندىم، بۇ نېمىڭىز، ھېچبولمىسا توخۇ بولسىمۇ ئاپارمىسىڭىز، قازىنىڭ نەزىرىدىن چۈشۈپ كېتىسىز، — دەپتۇ.

— قىزىق ئىكەنسىز، — دەپتۇ ئەپەندىم، — قازىنىڭ نەزىرىدىن سۇنۇق ياماقمۇ چۈشمەيدىيۇ، پۈتۈن سۈرۈك بىر ئادەم چۈشۈپ كېتەمدۇ!

(ئۇيغۇر)

# «ئۇچار» بولسۇن

ئەپەندىمنىڭ قوشنىسى ئۆيلەنگەنىكەن، خوتۇنى ئۈچ ئايدىن كېيىن تۇغۇپ قويۇپتۇ. بالىنىڭ ئانىسى ئەپەندىمدىن بالىغا ئات قويۇپ بېرىشنى سوراپتۇ.

— بۇ بالىنىڭ ئېتى «ئۇچار» بولسۇن، — دەپتۇ ئەپەندىم.

— بۇ قانداق ئات؟ — دەپ ھەيران بوپتۇ بالىنىڭ ئانىسى.

— بالىغا ئات قويغاندا، — دەپتۇ ئەپەندىم، — ھەمىشە ئۇنىڭ خىسلىتىنى بىلىپ ئاندىن ئات قويۇش كېرەك. بالا ئانىسىنىڭ قورسىقىدا توققۇز ئايلىق يولنى ئۈچ ئايدا بېسىپتۇ. بۇ بالا چوڭ بولغاندىن كېيىن، ئەلۋەتتە ئۇچار بولىدۇ.

(ئۆزبېك)

# ياش

ئەپەندىم بىر مەشرەپكە بېرىپتىكەن، مەشرەپ ئەھلى ئۆزئارا ياش سوۇرۇشتۇرۇشكە باشلاپتۇ. خېلى ياشىنىپ قالغان بولسىمۇ، ياش قىزغا ئۆيلەنگەن بىر كىشى يېشىنى راسا كېمەيتىپ ئېيتىپتۇ. ئەپەندىم بۇ ئىشقا ھەيران بولۇپ ئولتۇرغىنىدا، بىرى ئەپەندىمدىن:

— ئەپەندىم، بۇ يىل نەچچە ياشقا كىردىڭىز؟ — دەپ سوراپتۇ.

— ئوتتۇز ياشقا، — دەپ جاۋاب بېرىپتۇ ئەپەندىم.

— بەللى، — دەپتۇ ئولتۇرغانلاردىن بىرى، — بۇنىڭدىن ئون يىل بۇرۇنمۇ ئوتتۇز دېيىدىڭىزغۇ!

— توغرا، مېنىڭ يېشىم توختاپ قالغان، — دەپتۇ ئەپەندىم.

— قاچاندىن بېرى؟

— ياش قىزغا ئۆيلەنمەكچى بولغىنىمدىن بېرى، — دەپتۇ ئەپەندىم.

(ئۇيغۇر)

# پەرىجەم يېسۇن

بىر كۇنى مەھەللىدە بىر توي بوپتىكەن، ئەپەندىم كونا كىيىملىرى بىلەن تويغا بېرىپتۇ. لېكىن ئەپەندىم-گە ھېچكىم ئېتىبار قىلماپتۇ، ئۆيگىمۇ باشلىماپتۇ. ئەپەندىم دەرھال ئۆيىگە قايتىپ بېرىپ مېھماندارچىلىققا كىيىدىغان يېڭى پەرىجىسىنى كىيىپ كەپتىكەن، ئۇنى ئىززەت - ئىكرام بىلەن ئۆيىنىڭ تۆرىسىگە چىقىرىشىپتۇ.

ئاش كەلتۈرۈلگەندە ئەپەندىم پەرىجىسىنىڭ يېڭىنى تاۋاققا تىقىپ: «قېنى، ئاش ئال، پەرىجەم! تويغۇچە يېگىن!» دەپتۇ.

ئۆي ئىگىسى ھەيران بولۇپ:

— ئەپەندىم، بۇ نېمە قىلغىنىڭىز؟ — دەپ سوراپتۇ.

ئەپەندىم:

— ئىززەت - ھۆرمەت پەرىجە ئۇچۇن بولسا، ئاشنىمۇ پەرىجەم يېسۇن! — دەپ جاۋاب بېرىپتۇ.

(ئۇيغۇر)

# پەرھىز

بىر كۈنى ئەپەندىمنىڭ ئۆيىگە مەھەللە ئىمامى مېھمان بولۇپ كەپتۇ. ئىمام: «بۇنى يېيىش سۈننەت، پەيغەمبىرىمىزنىڭ ئېيتىشىچە، ئۇنى يېيىشمۇ سۈننەت» دەپ، داستىخانغا قويۇلغان نازۇنېمەتلەرنىڭ ھەممىسىنى پاك - پاكىز يەپ تۈگىتىپتۇ. شۇ ئارىلىقتا ئۆيگە ئەپەندىمنىڭ بەش ياشلىق ئوغلى كىرىپ كەپتۇ.

— بۇ سىزنىڭ ئوغلىڭىزمۇ؟ — دەپ سوراپتۇ ئىمام.

— خوش، تەقسىر!

— ئېتى نېمە؟

— پەرھىز.

— ھوي، پەرھىز دېگەنمۇ ئات بولامدۇ؟ — دەپتۇ ئىمام.

— تەقسىر، بالىمىزنىڭ ئېتى سۈننەت ئىدى، لېكىن سىزنى يەپ قويمىسۇن دەپ، پەرھىز دېدىم، — دەپتۇ ئەپەندىم.

(ئۇيغۇر)

## كىچىك ھاجى

ئەپەندىمنىڭ قوشنىسى ئۆيلىنىپ بىر ئايدىن كې-
يىن خوتۇنى تۇغۇپ قويۇپتۇ. قوشنىسى ئەپەندىمنى
چاقىرىپ بالىسىغا ئات قويۇپ بېرىشنى ئۆتۈنۈپتۇ. ئە-
پەندىم بالىغا «كىچىك ھاجى» دەپ ئات قويۇپتۇ.

— ئەپەندىم، يېڭى تۇغۇلغان بوۋاققا «ھاجى» دې-
گەن ئاتنى قويغىنىڭىز نېمىسى؟ — دەپتۇ ھەيران بو-
لۇپ قوشنىسى.

— بۇ، — دەپتۇ ئەپەندىم، — ئوغلىڭىزغا تازا
لايىق ئات. بالىڭىز قورساقتا تۇرۇپ توققۇز ئايلىق
يولنى بىر ئايدا بېسىپ بولغانىكەن، يورۇق دۇنياغا كۆز
ئاچقاندىن كېيىن بىر يىلغا قالماي مەككىگە بېرىپ
كەلسە ئەجەب ئەمەس!

(ئۇيغۇر)

# ئۇسساپ قالغاندۇر

ئەپەندىم بىر تويغا بېرىپتۇ. داستىخان سېلىنىپ، مەزە تارتىلغاندىن كېيىن، ئەپەندىمنىڭ يېنىدا ئولتۇرغان يوغان سەللىلىك بىر كىشى ئۆزىنىڭ يېگىنىنى ئاز دەپ، يانچۇقىغا ھەدەپ مەزە قاچىلىغىلى تۇرۇپتۇ. ئەپەندىم بۇنى كۆرۈپ قېلىپ دەرھال چەينەكنى ئېلىپ ئۇنىڭ يانچۇقىغا چاي قۇيۇشقا باشلاپتۇ. بۇ كىشىنىڭ ئاچچىقى كېلىپ:

— ئەپەندىم، بۇ نېمە قىلىق، يانچۇققا چاي قۇيغان نەدە بار؟ — دەپتىكەن.

ئەپەندىم:

— يانچۇقىڭىز مەزەنى خېلى يېدى، بەلكىم ئۇسساپ قالغاندۇر، — دەپ جاۋاب بېرىپتۇ.

(ئۇيغۇر)

# خاسىيەتلىك لاخشىگىر

بىر كۈنى ئەپەندىم بازار ئايلىنىپ يۈرۈپ، قىلىچ سېتىپ ئولتۇرغان بىر كىشىگە دۇچ كەپتۇ ۋە قىلىچ-نىڭ باھاسىنى سوراپتۇ:

— قىلىچنىڭ باھاسى يۈز تەڭگە، — دەپ جاۋاب بېرىپتۇ ھېلىقى كىشى.

— نېمانچە قىممەت قىلىچ بۇ، — دەپتۇ ئەپەندىم ھەيران بولۇپ.

— ھەيران بولماڭ، قىممەت بولغىنى بىلەن خا-سىيىتى بار، — دەپتۇ قىلىچنىڭ ئىگىسى، — ئەگەر دۈشمەنگە شىلتىسىڭىز بەش گەز ئۇزىرايدۇ.

— خاسىيىتى چاغلىق ئىكەن، — دەپتۇ ئەپەندىم، — خوتۇنۇمنىڭ ئاچچىقى كەلگەندە، بىزنىڭ لاخشىگىرمۇ ئون گەز ئۇزىرايدۇ، قىلىچىڭىز يۈز تەڭگە بولغان يەردە، لاخشىگىرىمنى ئىككى يۈز تەڭگىگە سات-سام بولغۇدەك!

(ئۇيغۇر)

# خۇش خەۋەر ۋە شۇم خەۋەر

ئەپەندىمنىڭ يېقىن قوشنىلىرىدىن بىرى باشقا بىر يۇرتقا ئەمەلدار بولۇپ كېتىپتۇ. بىرنەچچە يىلدىن كېيىن ئەپەندىم بۇ يۇرتقا بېرىپ قاپتۇ. بۇنى ئاڭلىغان ئەمەلدار ئەپەندىمنى ئۆيگە چاقىرتىپ كەپتۇ - دە، ئالدىغا بىر تاۋاق ئاش قويۇپتۇ. ئەپەندىم ئەمدىلا ئاشقا قول ئۇزىتىشىغا، ئەمەلدار يامغۇردەك سوئال ياغدۇرۇۋېتىپتۇ:

— خوش، قېرىنداش، ئەل - يۇرت ئاماندۇر؟

— خۇدايا شۈكرى، ئامان - ئېسەن! — دەپتۇ ئەپەندىم.

— ئوغلۇم ئوبدان تۇرۇپتىمۇ؟

— ئويلىغىنىڭىزدىنمۇ ئوبدان.

— ئانامنىڭ سالامەتلىكى ياخشىدۇر؟

— ناھايىتى ياخشى، ئۆزىڭىز كۆرگەندەك.

— بىزنىڭ خورخۇر ئىتىمىز باردۇر؟

— بار، ئۆيىڭىزگە كىشى يولاتمايدۇ.

— مېنىڭ چىلان تورۇقۇم ئاماندۇر؟

— ......

سوئاللار ئەپەندىمنىڭ جېنىغا تېگىپتۇ. ئەپەندىمنىڭ قورساقلىرى ئېچىپ تارتىشىپ كېتىپتۇ. لېكىن ئەمەلدار ئاش يېيىشكىمۇ پۇرسەت بەرمەستىن، يەنە ئۇست ـ ئۇستىگە سوئال بېرىشكە باشلاپتۇ:

— خوش، بىزنىڭ خورخۇرنى ساق دېدىڭىزمۇ؟

— يوقسۇ، مەن يولغا چىقىشتىن بىر كۈن بۇرۇن ئۆلۈپ كەتتى.

— هوي، راستىما؟ — دەپ يەنە سوراپتۇ كۆزلىرىنى چەكچەيتىپ ئەمەلدار، — نېمە بولۇپ ئۆلدى؟

— گېلىغا چىلان تورۇق ئېتىڭىزنىڭ سۆڭىكى تۇرۇپ قېلىپ ئۆلدى.

— هەي، تېخى ئېتىممۇ ئۆلدىمۇ؟ نېمە بولۇپ ئۆلدى؟

— خوتۇنىڭىزنى يەرلىكتە قويۇپ قايتقاندا مۇدۇرۇپ كېتىپ، بوينى قايرىلىپ ئۆلدى.

— خوتۇنىڭىز دېدىڭىزمۇ؟

— هەئە، تەقسىر، ئوغلىڭىزنىڭ دەردىدە تولا يىغلاپ قازا تاپتى.

— يا خۇدا، ئوغلۇممۇ ئۆلگەنمىدى؟

— شۇنداق، ئۆيىڭىزنىڭ ئۆگزىسى بېسىۋېلىپ ئۆلۈپ كەتتى.

ئەمەلدار: «ئىسىت ئۆيۈم! جىگىرىم بالام! ۋاي هەمراهىم!» دەپ پەرياد قىلىپ يىغلاشقا باشلاپتۇ.

ئەپەندىم پۇرسەتنى غەنىيمەت بىلىپ، قورسىقىنى تازا تويدۇرۇۋېتىپتۇ ـ دە، ئاندىن:

— خۇشال بولغىنىڭىزدا ئاچ قويغانىدىڭىز، قايغۇ-
غا چۆشكىنىڭىزدە قورسىقىم تويىدى. خەير ـ
خوش! — دەپلا چىقىپ كېتىپتۇ.

(ئۇيغۇر)



# گۇناھ خالتىسى

ئەپەندىم پۇلدىن قىسىلىپ، ئۆيىدىكى ئەسكى تۇلۇمنى «پۇۋ» دەپ كۆپتۈرۈپ، بازارغا ئاچىقىپتۇ. ئەپەندىم تۇلۇمنى ساتالماي ئولتۇرسا، بىر باي كېلىپ قېلىپ سوراپتۇ:

— تۇلۇمنى ساتامسىز؟

— بۇ تۇلۇم ئەمەس، گۇناھ خالتىسى، سېتىشقا بولمايدۇ.

— بولمىسا نېمىشقا بازاردا تۇتۇپ ئولتۇرىسىز؟

— گۇناھكار بەندىلەرنى گۇناھتىن پاك قىلىش ئۈچۈن!

— قانداق قىلىپ گۇناھتىن پاك قىلىسىز؟

— ئاسان، — دەپتۇ ئەپەندىم، — گۇناھكار بەندىلەر گۇناھىنى تۇلۇم ئىچىگە پۇۋ دەيدۇ ـ دە، گۇناھتىن پاكلىنىدۇ. ئەتىگەندىن بېرى بىرمۇنچە ئەقىللىق كىشىلەر گۇناھىنى تۇلۇم ئىچىگە پۇۋ دەپ، گۇناھىدىن ساقىت بولۇپ كەتتى. سىزنىڭمۇ ئەقلىڭىز كامىل بولسا، بىر تەڭگە پۇل تۆلەڭ ـ دە، گۇناھىڭىزدىن ساقىت بولۇڭ!

باي: «گۇناھىمدىن ساقىت بولىدىغان ئىشىم بولسا، بىر تەڭگە بەرسەم بېرەي» دەپ، بىر تەڭگىنى ئەپەندىمگە بېرىپتۇ. ئاندىن تۇلۇمنى پۇۋلەشكە باشلاپ-

تۇ. باي پۇۋلەۋاتقاندا، ئەپەندىم تۇلۇمنىڭ بىر چېتىنى باسقانىكەن، تۇلۇمدىكى يەل قايتىپ باينىڭ ئىچىگە كىرىپ كېتىپتۇ. باي ھودۇقۇپ:

— بۇ قانداق بولغىنى، باشقىلارنىڭ گۇناھىمۇ مېنىڭ ئىچىمگە كىرىپ كەتتىغۇ! — دەپ دادلاپتۇ.

— گۇناھىڭىز جاھىل ئىكەن، بىرلا پۇۋلىگەنگە چىقمايدىكەن، — دەپتۇ ئەپەندىم، — بۇنىڭ چارىسىمۇ ئاسان، يەنە ئون تەڭگە بەرسىڭىز، تۇلۇمدىكى گۇناھلارنى ئېرىققا تۆكۈۋېتىپ، تۇلۇمنى ئۆزىڭىزگە بېرىمەن - دە، ئۆز گۇناھىڭىزنىمۇ، يات گۇناھلارنىمۇ ئارامخۇدا پۇۋلىۋالىسىز.

باي ماقۇل بولۇپ، تۇلۇمنى ئون تەڭگىگە ئاپتۇ. ئەپەندىم تۇلۇمنى بوشىتىپ بايغا بېرىپتۇ - دە:

— ئەقلىڭىزگە باركاللا، ئەمدى سىز دۇنيادىكى بىردىنبىر گۇناھسىز باي بولىسىز، — دەپ ئۆيىگە كېتىپتۇ.

**(ئۇيغۇر)**

# قەيەرگە ماڭدىڭىز

بىر كېچىسى ئەپەندىمنىڭ ئۆيىگە ئوغرى كىرىپ، بار - يوقنى بوغجۇملاپ كۆتۈرۈپ مېڭىپتۇ. ئوغرىلار ئىشىكتىن چىقىشىغا، ئەپەندىم ئۆيدىكى قالغان - قاتـ. قان نەرسىلەرنى يىغىشتۇرۇپ ئوغرىلارنىڭ كەينىدىن مېڭىپتۇ.

ئەپەندىمنى كۆرگەن ئوغرىلار:

— بۇ قاراڭغۇ كېچىدە قەيەرگە ماڭدىڭىز؟ — دەپ سوراپتۇ.

ئەپەندىم:

— خۇداغا مىڭ شۈكرى، ئات - ئۇلاغ يوق، ئۆي كۆچەلمەي يۈرگەنىدىم، ئەجەبمۇ ياخشى، سىلەر كۆچۈ. رۈپ قويىدىغان بولدۇڭلار، — دەپتۇ.

(ئۇيغۇر)

# ئۆلۈكتىن سوراڭلار

ئەپەندىم مەھەللىگە ئىمام بولۇپ تۇرغان كۈنلىرىدە مەھەللە بايلىرىدىن بىرى ئۆلۈپتۇ. جامائەت ئەپەندىم-دىن ئۆلگۈچىنىڭ نامىزىنى چۈشۈرۈپ بېرىشنى ئىلتىماس قىلسا، ئەپەندىم ئۇنىماپتۇ.

— نېمىشقا ئۇنىمايسىز؟ — دەپ سوراپتۇ.

ئەپەندىم:

— ئۇ رەھمەتلىك مېنىڭ ئىمام بولۇشۇمغا نارازى ئىدى. ئىككىمىزنىڭ ئوتتۇرىسىدا ئاداۋەت بولغاچقا، ئەگەر نامىزىنى چۈشۈرسەم، ئۇ خاپا بولۇپ ئورنىدىن يۈگۈرۈپ قوپۇپ كېتىشى مۇمكىن، ئىشەنمىسەڭلار، ئۆزىدىن سوراڭلار، — دەپ جاۋاب بېرىپتۇ.

(ئۇيغۇر)

# جەننەت توشۇپ كېتىپ...

بىر كۈنى پادىشاھ ئەپەندىمدىن:
— ئەپەندىم، مەن ئۆلگەندە جەننەتكە كىرىمەنمۇ، دوزاخقىمۇ؟ قېنى بىر ئادىل باھا بېرىپ بېقىڭا، — دەپ سوراپتۇ.
ئەپەندىم ئەيمەنمەستىنلا:
— دوزاخقا كىرىدىلا، تەقسىر، — دەپ جاۋاب بېرىپتۇ.
پادىشاھنىڭ ئاچچىقى كېلىپ، غەزەپتىن ساقاللىرى تىترەپ كېتىپتۇ.
بۇنى كۆرگەن ئەپەندىم:
— تەقسىر، خاپا بولمىسىلا، ئەسلىدىغۇ جەننەتكە كىرىدىلا دېمەكچىدىم. بىراق، جاللاتلىرىنىڭ قىلىچى ئاستىدا بىگۇناھ ئۆلگەن كىشىلەر بىلەن جەننەت توشۇپ كەتكەن بولسا، سىلىنى سىغمامدىكىن دەپ دوزاخ دەپتىمەن، — دەپ جاۋاب بېرىپتۇ.

**(ئۇيغۇر)**

# ئۆز قولىغا بەردىم

باي بىر كىمگە قارا چاپلاپ يازغان بىر پارچە خەتنى ئەپەندىمنىڭ قولىغا تۇتقۇزۇپ:

— ئەپەندىم، بۇ خەتنى قازى ئاخۇنۇمنىڭ ھويلىسىغا تاشلىۋېتىپ كېلىڭ، — دەپ جېكىلەپتۇ.

ئەپەندىم قايتىپ كەلگەندىن كېيىن، باي:

— قانداق، ئىشنى جايدا پۈتتۈرەلىدىڭىزمۇ؟ — دەپ سوراپتۇ ئەپەندىمدىن.

— باي ئاكا، خاتىرجەم بولسىلا، — دەپتۇ ئەپەندىم جاۋابەن، — خەتنى قازى ئاخۇنۇمنىڭ ئۆز قولىغا بەردىم، ھەم يەنە خەتنى ئۆزلىرىنىڭ بەرگەنلىكىنى ئېيتتىم.

(ئۇيغۇر)

# ئۆكۈز مېنى ئالدى

ئەپەندىم بازاردىن ئۆكۈز ئېلىپ يېتىلەپ كېتىۋاتاتتىكەن، يولدا: «ئەپەندىم، ئۆكۈز قانچە بولدى؟» دېگەن سوئاللار يېغىپ كېتىپتۇ.

ئەپەندىم تېرىكىپ ئارغامچىنىڭ بىر ئۇچىنى ئۆزىنىڭ بوينىغا باغلىۋاپتۇ.

يەنە بىر ئادەم:

— ئۆكۈزنى ئالدىڭىزمۇ، ئەپەندىم؟ — دەپ سوراپتۇ.

ئەپەندىم:

— ياق، بۇرادەر، ئۆكۈز مېنى ئالدى، — دەپ جاۋاب بېرىپتۇ.

(قىرغىز)

## مېھمان

ئەپەندىم خېلىلا ئېدىتلىق، ئىشچان ئادەم بولغاچ-قا، ھويلىسى تار بولسىمۇ، ئوتتۇرىسىغا گۈلزارلىق قىلىپ، ئەتراپىنى تەرمە بىلەن ئوراپ، دەرەختىن بىر تال يوپۇرماق چۈشسە بىر - بىردىن تېرىپ، كۆنىگە تۆت قېتىم سۇ سېپىپ سۈپۈرۈپ تۇرىدىكەن.

ياز كۈنلىرىنىڭ بىرىدە، خوتۇنىنىڭ قېرىندىشى تۆت شوخ بالىسى بىلەن مېھمان بولۇپ كەپتۇ. ئارىدىن بىر كۈن ئۆتۇپتۇ، ئىككى كۈن ئۆتۇپتۇ، مېھمان كې-تىش توغرۇلۇق ئېغىزمۇ ئاچماپتۇ.

بۇ ئۈچ كۈن ئىچىدە يۇلۇپ تاشلانمىغان يا بىر تال گۈل، يا بىر تەرمە قالماپتۇ. ئارىدىن يەنە بىر - ئىككى كۈن ئۆتكەندىن كېيىن ئەپەندىم ھويلىسىنى تونۇماي قاپتۇ: كۆزلۈك ئالمىلار ئۈزۈلۈپ، بىر چىشلەپلا تاش-لىۋېتىلىپتۇ؛ تەكتىكى ئۈزۈملەرنى بالىلار ئۈزۈن تا-ياق بىلەن ئۇرۇپ چۈشۈرۈۋېتىپتۇ... ئەپەندىمنىڭ ئوغ-لى بالىلارنىڭ قولىدىن تاياقنى ئېلىۋالسا، مېھمان خو-تۇندىن ئاچچىق گەپ ئاڭلاپتۇ:

— قويۇڭ، ئويناۋەرسۇن، بۇ بالىلار بەكمۇ ئەركە ئۆسكەن، ئۈزۈم دېگەن ھەر يىلى بولۇۋېرىدۇ.

ئەپەندىم خوتۇنغا لام دېيەلمەي، ئاخشىمى چايخا-
نىغا چىقىپ كېتىپتۇ. ئۇنىڭ ئۇھ تارتىپ ئولتۇرغىنىد-
نى كۆرگەن بىر ئاغىنىسى هال سوراپتۇ:
— خوش، ئەپەندىم، بەك خاپا كۆرۈنىسىزغۇ؟
— هەي بۇرادەر، خوتۇنۇمنىڭ تۇغقىنى كەلگەن،
تۆت شوخ، ئەركە بالىسى بار ئىكەن، تاپىنىمدىن كى-
رىپ، مېڭەمدىن چىقىۋاتىدۇ. ئەتىگەنلىككە خوتۇنىڭىز
ناشتىنى بىزنىڭكىدە قىلىپ، مېهماننى ئىنساپقا كەل-
تۈرسە... ئۆيىگە كەتسە!
ئەتىگەنلىكى قوشنىسىنىڭ خوتۇنى ناشتىغا كىرىپ-
تۇ، گەپنى ئايلاندۇرۇپ ئەپەندىمنىڭ مەقسىتىنى ئوت-
تۇرىغا سايتۇ.
— بىز تېخى بىر - بىرىمىزنىڭ دىدارىغا تويغىنىد-
مىز يوق، — دەپتۇ مېهمان.
ئەپەندىم ئۇشتۇمتۇت يىغلىۋېتىپتۇ:
— بۇ دۇنيادا بىر - بىرىمىزنىڭ دىدارىغا تويىدى-
غان بولساق، قىيامەتتە دىدار كۆرۈشمەيدىكەنمىز - دە!

(ئۇيغۇر)

# سوئالغا يارىشا جاۋاب

ئەپەندىمنىڭ ئېشىكى ئوغرىلانغانلىقىنى ئاڭلاپ، يىراق - يېقىندىكى ئاغىنە - ئۆڭگىلىرى كېلىپ كۆڭۈل سورىشىپتۇ. ئۇلارنى كۇتۇش ئۈچۈن ئەپەندىمنىڭ ئېشەك نەرخىدىن ئون ھەسسە ئارتۇق پۇلى كېتىپتۇ.

بۇمۇ ئازلىق قىلغاندەك بىر ئەزمە ئاغىنىسى ئەپەندىمدىن تۆرلۈك سوئاللارنى سوراپتۇ:

— ئەپەندىم، ئېشىكىڭىزنى بىر ئوغرى ئوغرىلاپتىمۇ؟ ئېشەكىڭىزنى مىنىپ كېتىپتىمۇ ياكى يېتىلەپمۇ؟ ئېشىكىڭىز بوسۇغىدىن چىقىشىدا ئوڭ پۇتىنى سېلىپ چىقىپتىمۇ ياكى سول پۇتى بىلەن چىقىپتىمۇ؟...

ئەپەندىم:

— يەنە بىر قېتىم ئېشەك ئوغرىلىتىدىغان بولسام، سىزنى قىچقىرىپ كېلىمەن، ھەممىسىنى ئۆز كۆزىڭىز بىلەن كۆرۈپ تۇرارسىز، — دەپ جاۋاب بېرىپتۇ.

(ئۇيغۇر)

# ئەزىزلەر

ئەپەندىم قەشقەردە ئۆتكەن ئەزىزلەرنى ياخشى بىلىدىغان چوڭ موللىنىڭ ئۆيىدە مېھمان بوپتۇ. ئۆي ئىگىسى كەچكىچە ئەزىزلەر توغرۇلۇق گەپ قىلىپ، مېھمانلارغا چايمۇ بەرمەپتۇ.

قورسىقى ئېچىپ كەتكەن ئەپەندىم موللىغا لوقما سېلىپ:

— تەقسىر، ئاشۇ ئەزىزلەر تاماق يەمتى؟ — دەپتۇ.

(ئۇيغۇر)



# گەپ سەللىدە

قازىنىڭ بېشى قاتتىق ئاغرىپ قاپتۇ. ئۇنى كۆر-
مىگەن، دورا بەرمىگەن تېۋىپ قالماپتۇ. ئاخىر جەرراھ
ئۇنىڭ مېڭىسىنى ئېچىپ داۋالايدىغان بوپتۇ. قازى را-
زى بوپتۇ. جەرراھ ئۇنىڭغا دورا پۇرىتىپتۇ - دە،
باشنىڭ قېپىنى ئېچىپتۇ، مېڭىنى بىر چىنىگە ئاۋايلاپ-
قىنا سېلىۋېلىپ ئەملەشكە كىرىشىپتۇ.

ئەملەش تۈگەپ، جەرراھ مېڭىنى جايىغا سېلىپ
قويۇش ئۈچۈن يېنىغا قارىسا، مۈشۈك يەپ كېتىپتۇ.

جەرراھ ھەيران بولۇپ:

— ئەمدى نېمە بولدى، بۇ كىشى قانداق قىلىپ
قازىلىق قىلىدۇ؟ — دەپتۇ.

ئەپەندىم ئۇنىڭغا تەسەللى بېرىپ:

— زىيىنى يوق، قازىلىق قىلىش ئۈچۈن مېڭە
كېرەك ئەمەس، سەللە بولسا بولغىنى، گەپ سەللىدە،
قېپىدىنى يېپىپ قويۇڭ - دە، چاپسان سەللىنى
ئوراڭ! ...، — دەپتۇ.

(ئۆزبېك)

## جەننەتتە مەسچىت بارمۇ؟

ئەپەندىم بىر يېزىغا ئىمام بولۇپ بارغانىكەن، ئۇ-
نىڭ هال - ئەھۋالىدىن هېچكىم خەۋەر ئالماپتۇ.
بىر خەتمىقۇرئاندا بىراۋ ئەپەندىمدىن سوراپتۇ:
— ئەپەندىم، جەننەتتە مەسچىت بارمۇ،
يوقمۇ؟
ئەپەندىم ئالدىراپ جاۋاب بېرىپتۇ:
— ئاۋۋال مەسچىت بار ئىدى، جەننەتكە كىرگەن
ئادەملەر ناماز ئوقۇپ ئىمامدىن خەۋەر ئالمىغانلىقتىن،
خۇدانىڭ ئاچچىقى كېلىپ، مەسچىتنى قۇلۇپلىتىپ
قويغان.

(ئۇيغۇر)

# ئەپەندىم — مەزىن

ئەپەندىم مەسچىت پەشتىقىدا پېشىنغا ئەزان توۋلا-
ۋاتاتتىكەن، كوچىدىن بىر كىشى ۋارقىراپتۇ:

— ئەپەندىم، ئەزاننى ئۈنلۈكرەك توۋلاڭ، ئېنىق
ئاڭلانمايۋاتىدۇ.

ئەپەندىم ئەزاننى يېرىمىدا توختىتىپ قويۇپ، قۇ-
لىقىنى تۇتۇپ تۇرغان پېتىچە جاۋاب بېرىپتۇ:

— قورسىقىڭ توق بولسا ئۆزۈڭ چىقىپ ئۈنلۈك-
رەك توۋلىغىن!

(ئۇيغۇر)

# قورساقنىڭ قارغىشى

ئەپەندىمنىڭ روزا تۇتۇپ ماغدۇرى قالماپتۇ، ئىپ-
تاردىن كېيىن مەسچىتكە ناماز ئوقۇغىلى چىقىپتۇ.
نامازدىن كېيىن قارى ناھايىتىمۇ ئۇزۇن بىر سۈرىنى
ئوقۇپتۇ. ئەپەندىم ئىپتاردا ھەر خىل تاماقلارنى كۆپ
يەپ قويغاچقا، ئارىلاپ - ئارىلاپ قورسىقى غۇلدۇرلاپ،
سوغۇق تەرگە چۆمۈپتۇ. قورسىقى يەنە بىر غۇلدۇرلى-
غاندا، يېنىدىكى ئادەم:

— ئەپەندىم، قورسىقىڭىز نېمە دەۋاتىدۇ؟ — دەپتۇ.

ئەپەندىم پۈتىنى سوزۇپ شۇنداق دەپتۇ:

— قارىنى قارغاۋاتىدۇ، شۇنچە سوزۇۋەتتىڭ، ئا-
ۋازىڭ ئۆچسۇن دەۋاتىدۇ.

(ئۇيغۇر)

# كېيىك دېگەن نېمىتى!

ئەپەندىم ئەمىر تېمۇر بىلەن ئوۋغا چىقىپتۇ. ئە-
مىر بىر كېيىكنى قوغلاپ بېرىپ ئاتقانىكەن، ئوقى
تەگمەپتۇ. ئۆزىنى بەكمۇ مەرگەن دەپ ماختىنىپ يۈر-
گەن ئەمىر ئەپەندىمنىڭ ئالدىدا خىجالەت بولۇپ
قاپتۇ:
— قاراڭ، ئەپەندىم، مەن جىق ئوۋلارنى قىلغان،
مۇغەمبەر كېيىك ئىكەن، ئوقۇمدىن قېچىپ كې-
تەلىدى.
ئەپەندىم ئەمىرنى خىجالەتچىلىكتىن قۇتۇلدۇرماق-
چى بولۇپ:
— ئەگەر كېيىكنىڭ ئورنىدا يۈز ئادەم بولغان
بولسا، خاتالاشماي تەگكۈزگەن بولاتتىڭىز، كېيىك دې-
گەن نېمىتى! ...، — دەپتۇ.

(ئۆزبېك)

# ئاق قوْم

ئەپەندىم بىر ئاغىنىسى بىلەن تاماشا قىلىش ئۈچۈن يېزىغا چىقىپتۇ. يولدا قېتىقى ياخشى دەپ داڭقى چىققان بىر يېزىدا توختاپ، ئىككى ھېجىر قېتىق سېتىۋېلىشىپتۇ. ئەپەندىمنىڭ ئاغىنىسى خالتىسىدىكى شېكەرنى ئۆز ئالدىغا سېپىپ، قېتىقنى غورتۇلدىتىپ ئىچىۋېتىپتۇ. ئەپەندىم يەردىن بىر ئوچۇم قوْم ئېلىپ قېتىققا سەپمەكچى بوپتۇ. ئاغىنىسىنىڭ كۆزلىرى ئالدىيىپ كېتىپتۇ. ئەپەندىم قوْمنى تاشلىۋېتىپ:

— مەن قېتىقنى كۆرسەم: «مەيلى قارا قوْمغا كۆنمىسەڭ ئاق قوْمۇڭدىن سەپ!» دەپ قەسەم ئىچكەنمەن، — دەپتۇ.

(تۈركمەن)

# ئابى رەھمەت

باھاردا گۈلدۈرماما گۈلدۈرلەپ، چاقماق چېقىپ، قاتتىق يامغۇر يېغىپتۇ. ئەپەندىم ئۆيىگە قاراپ يۈگۈرۈپتۇ. مەسچىتنىڭ دەرۋازىسى ئالدىدا تۇرۇپ، ئەپەندىمنىڭ يۈگۈرگىنىنى كۆزىتىپ تۇرغان ئىمام كايىپ كېتىپ:

— ئەپەندىم، بۇ دېگەن باھار يامغۇرى، ئۇنى «ئابى رەھمەت» دەيمىز، خۇدانىڭ بەندىلىرىگە ئەۋەتكەن رەھمەت سۈيى، نېمىشقا شۇنداق يامغۇردىن قاچىسىز؟ — دەپتۇ.

ئەپەندىم جاۋابەن:

— بۇ يامغۇرنىڭ مۇبارەك يامغۇر ئىكەنلىكىنى مەنمۇ بىلىمەن، تەقسىر، ئابى رەھمەتنى تولا ئاياغ ئاستى قىلماي دەپ يۈگۈرۈپ كېتىۋاتىمەن، — دەپتۇ.

(ئەزەربەيجان)

# گەپ خورازدا

ئەپەندىم بازاردا توخۇسىنى سېتىپ پۇلىنى ئېلىدۋاتقاندا، بىر چاقچاقچى:

— ھەي ئەپەندىم، توخۇنى بىكار ساتتىڭىز، قۇيرۇقىغا قارىغاندا ھەر كۈنى ئۈچ تۇخۇم تۇغىدىغان توخۇدەك تۇرىدۇ، — دەپتۇ.

ئەپەندىم پۇلنى يانچۇقىغا سېلىۋېتىپ جاۋاب بېرىپتۇ:

— ھەر كۈنى ئۈچتىن تۇغىدىغانلىقى راست، لېكىن گەپ قۇيرۇقىدا ئەمەس، خورازدا، تۇغماي يۈرگەن توخۇيۇڭ بولسا ئەكېلىۋەر!...

(ئۇيغۇر)

# ئۇ دۇنيانىڭ كەڭلىكى

ئەپەندىم كوچىدىن ئۆتۈپ كېتىۋاتقانىكەن، پاراڭ-لىشىپ ئولتۇرغان بىر توپ ئادەم ئەپەندىمنى توختى-تىپ:

— ئەپەندىم، سىزدىن سورايدىغان بىر سوئالىمىز بار، ئۇ دۇنيانىڭ كەڭلىكى قانچىلىك بولىدىكەن؟ — دەپتۇ.

شۇ چاغدا بىر تاۋۇت ئۆتۈپ قاپتۇ. ئەپەندىم تاۋۇت-نى كۆرسىتىپ:

— ئەنە ئۇ، دۇنيانى ئۆلچىگىلى كېتىۋاتىدۇ، كەي-نىدىن بارساڭلار، ئېنىقىنى بىلىپ كېلىسىلەر، — دەپتۇ.

(تۈركمەن)

# نەزىرگە يارىشا

ئەپەندىمگە بىر ئادەم بارمىقىدىكى كۆزى يوق ئۈزۈ-كىنى نەزىر قىلىپ بېرىپ:

— باشپاناھىسىز، ۋەتەنسىز بىر ئادەممەن، ئەپەن-دىم، سىزنى خۇداغا يېقىن ئادەم دېيىشىدۇ. قىش يېقىنلىشىۋاتىدۇ، بىر دۇئا قىلىڭ، خۇدا ماڭا بىر ئۆي بەرسۇن، — دەپتۇ.

ئەپەندىم قولىنى كۆتۈرۈپ دۇئا قىلىپ:

— ئىلاھا ئامىن، خۇدا سىزگە قىلغان نەزىرىڭىز-گە يارىشا ئۆگزىسىز ئۆي بەرسۇن! — دەپتۇ.

(ئەزەربەيجان)

# ئىسسىق جان

ئاغرىقچان قېرى ئىمام ئەپەندىمنى ئاخشىمى دان بازىرى ئالدىدا يولۇقتۇرۇپ:

— موللا نەسىردىن، مەن بازار قىلىپ چىققۇچە شۇ يەردە كۈتۈپ تۇرۇڭ، پاراڭ سېلىشىپ كېتەيمىز، — دەپ ئۆتۈنۈپتۇ.

ئەپەندىم ئىمامنىڭ بازارلىق ئالچىقىپ، خۇرجۇنىنى ئۇنىڭغا كۆتۈرگۈزۈپ كەتمەكچى بولغانلىقىنى سېزىپتۇ ـ دە، ئىمامغا قاراپ:

— رەھمىتىڭىز بىر قىسمىلا، ئىسسىق جان… مەن ئۆيگە بېرىپ خەۋەر قىلىپ تۇرسام قانداق بولاركىن، — دەپتۇ.

(ئۇيغۇر)

# ئەيىب ئۆزۈمدە···

ئەپەندىمنىڭ پاتىمە، زۆھرە دېگەن قىزلىرى بار بولۇپ، پاتىمەسىنى دېھقانغا، زۆھرەسىنى ياغاچچىغا بېرىپتىكەن. ئارىدىن ئالتە ئاي ئۆتكەندىن كېيىن، قىشتا ئىككىلا قىزى ئەپەندىمنى كۆرگىلى كېلىپ، كېچىسى سەندەلدە ئۇزاق پاراڭ سېلىشىپ ئولتۇرۇپتۇ.

پاتىمە شۇنداق دەپتۇ:

— قېرىپ، پىيادە مېڭىشقا قىيىنلىدىغان بولۇپ قالدىڭىز، دادا. ئەگەر بۇ يىل ھاۋا ياخشى كېلىپ، ھۆل - يېغىن ئوبدان بولسا، كۈيئوغلىڭىز ئەتىيازدا قىرغا بۇغداي تېرىپ، كۈزدە سىزگە بىر ئات ئېلىپ بەرمەكچى.

زۆھرە:

— ئەگەر بۇ يىل قۇرغاقچىلىق بولۇپ، شەھەردە بىناكارلىق ئىشلىرى ياخشى يۈرۈشۈپ كەتسە، كۈيئوغ- لىڭىز سىزگە كۈزدە ئىنەك ئېلىپ بەرمەكچى. قېرى- غان چېغىڭىزدا سۈت - قېتىق كېرەك - دە! — دەپتۇ.

ئەپەندىم پېشانىسىگە ئۇرۇپ:

— ئۇھۇ! ··· بىرىڭگە ھۆل - يېغىن، بىرىڭگە

قۇرغاقچىلىق كىرەك بولسا، ئات مىنگەندەك، قايماق يالىغاندەك بولدۇم. ئۇنچىلىكىنى بىلگىنىمدە، ئىك-كىڭلارنىلا تۆگىچىگە بەرگەن بولاتتىم. ئەيىب ئۆزۇمدە...، — دەپتۇ.

(ئۇيغۇر)



# ھېچنېمە

ئەپەندىم ناھايىتى بېخىل بىر ئادەم بىلەن سەپەرگە چىقىپتۇ. ئۇلار چۈشلۈكى ئەپەندىمنىڭ نېنى ۋە پىشۇرۇۋالغان تۇخۇمى بىلەن قورساق تويدۇرۇپتۇ. كەچتە بولسا، بېخىل كىشى بىر ئېرىق بويىغا بېرىپ، ئەپەندىمدىن ئوغرىلىقچە ئۆزىنىڭ پىشۇرۇۋالغان گۆشىنى يېيىشكە باشلاپتۇ.

ئەپەندىم تۇيۇقسىز ئۇستىگە بېرىپ قېلىپ سوراپتۇ:

— ئاغىنە، يەۋاتقىنىڭىز نېمە؟

— ھېچنېمە، — دەپتۇ بېخىل كىشى يەۋاتقان گۆشىنى دەررۇ تىقىشتۇرۇپ.

— ھېچنېمىڭىزنى چىقىرىڭ، — دەپتۇ ئەپەندىم، — ھېچنېمىڭىزنى بولسىمۇ تەڭ يەيلى!

(ئۇيغۇر)

# سورالمىغان دەۋا

بىر خوتۇن ئۆز ئەرىگە سوراپتۇ:

— ئەپەندىم، بىراۋنىڭ كالىسى قازىنىڭ كالىسىنى ئۈسۈپ ئۆلتۈرۈپ قويغان بولسا، بۇنداق دەۋانى قانداق بىر تەرەپ قىلىدۇ؟

— كالىنىڭ خۇنىنى تۆلىتىۋالىدۇ، — دەپ جاۋاب بېرىپتۇ ئەپەندىم.

— مۇبادا قازىنىڭ كالىسى بىراۋنىڭ كالىسىنى ئۈسۈپ ئۆلتۈرۈپ قويسىچۇ؟ — دەپ سوراپتۇ خوتۇن.

— ئۇنىسىنى بىلمەيمەن، تېخى بۇنداق دەۋا سورىلىپ باقمىدى يوق، — دەپتۇ ئەپەندىم.

(ئۇيغۇر)

# خوٛشال بولۇپ توي قىلىمىز

بەگنىڭ ئېشىكى يوقىلىپ كېتىپ ئەپەندىمنى چاقىرتىپتۇ:

— ئەپەندىم، سىز كۆپ ئېشەك يوقاتقان ئادەم، ئېشەك ئىزدەشنىڭ يولىنى بىلىسىز. مېنىڭ ئېشىكىمنى ئىزدەپ تېپىشىپ بەرسىڭىز، — دەپ ئۆتۈنۈپتۇ بەگ.

ئەپەندىم ماقۇل بولۇپ، كوچىمۇ كوچا ناخشا ئېيتىپ يۈرۈپتۇ. ئەپەندىمنىڭ خوٛشال ناخشا ئېيتىپ يۈرگىنىنى كۆرگەن بىر تونۇشى:

— ئەپەندىم، نېمە قىلىپ يۈرىسىز؟ — دەپ سوراپتۇ.

— بەگنىڭ ئېشىكىنى ئىزدەپ يۈرىمەن!

— ئەمىسە بەكمۇ خوٛشال كۆرۈنىسىزغۇ؟ — دەپتۇ ھېلىقى تونۇشى.

— ئەلۋەتتە، — دەپتۇ ئەپەندىم، — بەگنىڭ ئېشىكى يوقالغاندا خوٛشۋاخ بولۇپ ناخشا ئېيتىمىز، ئەگەر ئۆزى ئۆلسە، خوٛشال بولۇپ توي قىلىمىز.

(ئۇيغۇر)

# سۈتخور ۋە تاغار

مەھەللىنىڭ بىر سۈتخورى ئەپەندىمدىن تاغار سوراپ كىرىپتۇ.

— تاغارنى جېنىم بىلەن بېرەتتىم، بىراق تاغار تۈگۈپ قىلىپ، تېخى ئىدىتى توشمىغانىدى، — دەپتۇ ئەپەندىم. — قىزىق گەپ، تاغارنىڭ تۈغقىنى نەدە بار؟ — دەپتۇ سۈتخور.

— سىزنىڭ بىر تەڭگىڭىز يىلىغا ئون قېتىم تۇغسا گەپ يوق، بىزنىڭ تاغار ئۆمرىدە بىر قېتىم تۇغسا بولمامدىكەن! — دەپتۇ ئەپەندىم.

(ئۇيغۇر)

# ئەپەندىمنىڭ تىلىكى

مەھەللىنىڭ بىر بېخىل بېيى ئاغرىپ قالغاندا، ئەپەندىم ئۇنى يوقلاپمۇ كىرمەپتۇ. بىر كۈنى ئەپەندىم باينىڭ دەرۋازىسى ئالدىدىن ئۆتۈپ كېتىۋاتسا، باينىڭ ئوغلى دەرۋازا ئالدىدا تۇرغانىكەن. ئەپەندىم:

— دادىڭىزنىڭ ئەھۋالى قانداقراق؟ — دەپ سوراپتۇ.

— خۇداغا شۈكرى، تىلىگىنىڭىزدەك، — دەپ جاۋاب بېرىپتۇ باينىڭ بالىسى.

— ئۇنداق بولسا نېمىشقا ئۆيدىن يىغا ئاۋازى چىقمايدۇ؟ — دەپتۇ ئەپەندىم.

(ئۇيغۇر)

# تىرناق يارىسى

بىر كۈنى ئەپەندىم توپغا بېرىپ، ئاچ كۆز بىر ئادەم بىلەن بىر يەردە ئولتۇرۇپ قاپتۇ. پولۇ تارتىلغاندا، ھېلىقى كىشى ئاۋۋال پولۇنىڭ ئۈستىگە بېسىلغان گۆشكە چاڭگال سېپتۇ.

— بۇرادەر، — دەپتۇ ئەپەندىم ھەمراھىغا، — پولۇ دېگەننى بىر چېتىدىن يەيدۇ.

— ئۈستىدىن يېسە نېمە بولىدىكەن؟ — دەپتۇ ھېلىقى كىشى نارازى بولۇپ.

— ئۈستىدىن يېسىڭىز پولۇنى تىرناق يارىسى قىلىۋېتىدىكەنسىز، — دەپتۇ ئەپەندىم.

(ئۇيغۇر)

# ئەجەبا

بىر كۈنى ئەپەندىم بەگنىڭ قېشىغا بىر ئىش بىلەن كىرىپ قاپتۇ، دەل شۇ چاغدا كىشىلەر بىر يانچۇقچىنى تۇتۇپ ئەكىرىپتۇ.

بەگ ئوغرىنى كۆرۈپلا:

— ھەي، مۇشۇنىڭ بىلەن بۇ يەرگە سەككىزىنچى قېتىم كېلىشىڭ، نومۇسنى بىلمەيدىغان قانداق ئوغرىدىسەن! — دەپ ۋارقىراپتۇ.

بەگنىڭ گېپىگە ئەپەندىم كۈلۈپ كېتىپتۇ.

بەگ ئەپەندىمگە ئاچچىقلاپ:

— ئەپەندىم، نېمىگە كۈلۈسىز؟ — دەپتۇ.

ئەپەندىم:

— ھۇزۇرىڭىزغا ھەر كۈنى كېلىپ - كېتىپ تۇرغان ئوغرىلارغا گەپ يوق، بۇ كىشى سەككىز قېتىم كەلسە نېمە بوپتۇ! — دەپ جاۋاب بېرىپتۇ ئەپەندىم.

(ئۇيغۇر)

# ئۆزىنىڭ تونى

پادىشاھ چوڭ زىياپەت ئۆتكۈزۈپ، يۇرت كاتتىلىرىنى چاقىرىپتۇ، شۇ قاتاردا ئەپەندىمنىمۇ چاقىرتىپتۇ. زىياپەت ئاخىرىدا، پادىشاھ ھەممە يۇرت چوڭلىرىغا ئېسىل تون كىيدۈرۈپ، ئەپەندىمگە ئېشەك توقۇمىنى تەقدىم قىپتۇ.

ئەپەندىم ئورنىدىن تۇرۇپ:

— جامائەت، پادىشاھنىڭ ھىممىتىگە رەھمەت، ھەممىڭلارغا بازاردىن سېتىۋالغان تون كىيدۈرۈپ، ماڭا ئالاھىدە ئېتىبار بېرىپ ئۆزىنىڭ تونىنى بەردى. رەھمەت، رەھمەت، — دەپ زىياپەتتىن چىقىپ كېتىپتۇ.

(ئۇيغۇر)

# ئۇلپىتىنى كۆرگەندە

بىر كۈنى ئەپەندىم ئېشەككە مىنىپ كېتىپ بارسا، ئالدىدىن ئاتقا مىنگەن قازى بىرقانچە ھەمراھلىرى بىلەن چىقىپ قاپتۇ. ئەپەندىم سالام بېرىشكە ئۇلگۈرمەيلا، ئېشىكى ھاڭراپ كېتىپتۇ.

قازىنىڭ ئاچچىقى كېلىپ:

— ئەپەندىم، ئېشىكىڭىزمۇ ھاياسىز ئىكەن، بىزنى كۆرۈپ بىمەنە چاغدا ھاڭراۋېرىدىكەن، — دەپتۇ.

— ئېشىكىم ھايالىق ئىدى، بىراق سىزدەك ئۇلپىتىنى كۆرگەندە ھايانى ئۇنتۇغان بولسا كېرەك، — دەپتۇ ئەپەندىم.

(ئۇيغۇر)

# قازاننىڭ قازاسى

ئەپەندىمنىڭ قازىنى كىچىكلىك قىلىپ، بىر باي قوشنىسىنىڭ ئۆيىگە قازان سوراپ كىرىپتۇ ۋە ئۈچ كۈندىن كېيىن قازانغا يەنە بىر كىچىك قازاننى قوشۇپ ئاپىرىپ بېرىپتۇ.

قازاننىڭ ئىگىسى ھەيران بولۇپ:

— ئەپەندىم، قازانغا قازان قوشۇپ ئەكەلگىنىڭىز نېمىسى؟ — دەپ سوراپتۇ.

— قازىنىڭىز ئېغىرئاياغ ئىكەن، بىزنىڭكىگە بې-رىپلا كۆزى يورۇپ قالدى، بالىسى بىلەن قوشۇپ ئە-كەلدىم، — دەپ جاۋاب بېرىپتۇ ئەپەندىم.

— قازان كېرەك بولسا خىجىل بولماي سوراپ تۇرۇڭ، — دەپتۇ قازاننىڭ ئىگىسى خۇشال بولۇپ.

ئارىدىن بىر ھەپتە ئۆتكەندىن كېيىن، ئەپەندىم ھېلىقى قوشنىسىدىن تېخىمۇ چوڭراق بىر قازان بېرىپ تۇرۇشنى سوراپ كەپتۇ. قوشنىسى دەررۇ قازاننى ئا-چىقىپ بېرىپتۇ.

خېلى كۈنلەر ئۆتكۈچە ئەپەندىم قازاننى قايتۇرۇپ ئەكېلىپ بەرمەپتۇ. ئاخىر قازاننىڭ ئىگىسى ئۆزى ئە-پەندىمنىڭ ئۆيىگە قازاننى سوراپ بېرىپتۇ.

— رەھمەتلىك، ئەجەبمۇ ئوبدان قازان ئىدى، جايى جەننەت بولسۇن، قازىنىڭىز تۇغۇتتا قازا تېپىپ كەتتى، — دەپتۇ ئەپەندىم يىغلامسىراپ.

— ھەي نادان، قازانمۇ قازا قىلامدۇ؟ — دەپتۇ قوشنىسى تېرىكىپ.

— ئۆزىڭىز نادان ئىكەنسىز، قازاننىڭ تۇغقىنىغا ئىشىنىسىزيۇ، ئۆلگىنىگە ئىشەنمەمسىز؟ — دەپ جاۋاب بېرىپتۇ ئەپەندىم.

(تۈرك)



# قولۇمنى ئېلىڭ

كۆل بويىدا تەرەت ئېلىپ ئولتۇرغان ئىمام تېيىلىپ كۆلگە چۈشۈپ كېتىپتۇ، كۆل بويىدىكى كىشىلەر ئىمامغا قول ئۇزىتىپ: «قولىڭىزنى بېرىڭ» دېيىشسىمۇ ئىمام قول ئۇزاتماپتۇ.

بۇ ۋەقەنىڭ ئۈستىگە كېلىپ قالغان ئەپەندىم:

— هەي خالايىق، ئىمام «بېرىش» نى ئۆگەنمىگەن، «ئېلىش» نىلا ئۆگەنگەن. قېنى، تەقسىر، قولۇمنى ئېلىڭ، — دەپتۇ ئىمامغا قولىنى سۇنۇپ.

ئىمام دەررۇ ئەپەندىمنىڭ قولىغا ئېسىلىپتۇ.

(ئۇيغۇر)

# بىرلا نەرسە كەملىك قىلدى

شەھەردىكى بىر تەييارتاپ ئادەم ئەپەندىمگە:

— جۈمە كۈنى ئاغىنىلەر بىلەن سىزنىڭكىگە بارماقچىمىز. تەييارلىق قىلىپ قويارسىز! — دەپتۇ. ئەپەندىم ماقۇل بوپتۇ.

جۈمە كۈنى ھېلىقى تەييارتاپ ئادەم بىرمۇنچە كىشىلەرنى باشلاپ ئەپەندىمنىڭ ئۆيىگە بېرىپتۇ. ئەپەندىم ئۇلارنى ئۆيىگە باشلاپتىيۇ، ئالدىغا ھېچ نەرسە قويماپتۇ. خېلى ئولتۇرۇشقاندىن كېيىن ھېلىقى تەييارتاپ ئادەم ئەپەندىمنى چاقىرتىپ:

— ئەپەندىم، قورساقلار چاپلىشىپ كەتتى، قېنى قولغا سۇ بەرمەمسىز! — دەپتۇ.

— قولغا سۇ بېرەي دېسەم، بىرلا نەرسە كەملىك قىلىپ قالدى، — دەپتۇ ئەپەندىم.

— نېمە ئۇ كەملىك قىلغان؟ — دەپتۇ تەييارتاپ.

— پۇل، — دەپتۇ ئەپەندىم ئۇنىڭ قۇلىقىغا.

(ئۇيغۇر)

# قارىغۇ بەگ

ئەپەندىمنىڭ ياش چېغىدىكى ئاغىنىلىرىدىن بىرى باشقا بىر يۇرتقا بەگ بوپتۇ. بۇ خەۋەرنى ئاڭلىغان ئەپەندىم ئاغىنىسىنى يوقلىغىلى بېرىپتۇ. بىراق، ئەپەندىمنىڭ جۇل - جۇل كىيىملىك ھالىنى كۆرگەن ئاغىنىسى ئەپەندىمنى تونۇماسقا سېلىپ:

— سىز كىم بولىسىز، تونۇماي تۇرىمەن، — دەپتۇ.

— مەن سىزنىڭ ياش چېغىڭىزدىكى ئاغىنىڭىز نەسىردىن بولىمەن. سىزنى بەگ بولغاندىن كېيىن قارىغۇ بولۇپ قاپتۇ دەپ ئاڭلاپ يوقلاپ كېلىۋىدىم، — دەپ جاۋاب بېرىپتۇ ئەپەندىم.

(ئۇيغۇر)

# قەيەردە قازى بولمىسا...

بىر كۈنى كىشىلەر ئەپەندىمدىن سوراپتۇ:
— ئەپەندىم، دوزاخقا كىرگەن ياخشىمۇ، جەننەت-كىمۇ؟
ئەپەندىم ھېچ ئىككىلەنمەي:
— قەيەردە قازى بولمىسا شۇ يەرگە كىرگەن ياخ-شى! — دەپ جاۋاب بېرىپتۇ.

(ئۇيغۇر)



## مەنسەپكە لايىق ئۆي

بىر كۈنى ئەپەندىمنى بەگ چاقىرتىپ، ئەپەندىمگە كۆكۈيشلىك مەنسىپى بېرىپتۇ ۋە مۇنداق دەپتۇ:

— ئەپەندىم، ئەمدى مەنسىپىڭىزگە لايىق كەڭرەك ئۆيگە كۆچۈۋېلىڭ!

— رەھمەت، تەقسىر، — دەپتۇ ئەپەندىم، — شۇنچە ۋاقىتتىن بېرى ئۆيۈم تارلىق قىلمىغانىدى، مەنسەپ بېرىپ ئۆيۈمنى تارلاشتۇرۇپ قويدىڭىز!

(ئۇيغۇر)

# ئوڭتەي ـ توڭتەي

ئەپەندىم ئۆزۈندىن بېرى كۆرۈشمىگەن بىر ئاغىنىسىنىڭكىگە مېھمان بولۇپ بېرىپتۇ. ئاغىنىسى سۇتئاش ئاچىقىپتۇ. ئاغىنىسى خوتۇنىنىڭ سېرىقمايىنى كۆپرەك سالغىنىغا ئىچىنىپ، تۇرلۇك باھانە بىلەن مايىنى ئۆز تەرىپىگە تارتىۋېرىپتۇ.

— سەن ناھايىتى مېھرىسىز دوست چىقتىڭ، ئاتام ئۆلدى، كەلمىدىڭ، — دەپتۇ ئاغىنىسى ئاشنىڭ ئۈستىنى ئۆزى تەرەپكە سىيرىپ، — قىزىمنى چىقاردىم، كەلمىدىڭ.

ئەپەندىم قارىسا ھەممە ياغ دوستى تەرەپكە ئېقىپ كېتىۋېتىپتۇ.

— ئەي دوستۇم، بىر يىلدىن بېرى يېزىمىز ئوڭتەي ـ توڭتەي بولۇپ كەتتى ئەمەسمۇ، — دەپ سۇتئاشنى ئارىلاشتۇرۇۋېتىپتۇ ئەپەندىم.

(ئۆزبېك)

# ئېشەكنىڭ بېشى ۋە قۇلىقى

ئەپەندىمنىڭ قۇلىقى ناھايىتى يوغان ئىكەن. بىر ئولتۇرۇشتا قازى ئۇنى ئۇيالدۇرماقچى بولۇپ:

— ئەپەندىم، خۇدا قۇلاق بەرگەندە ئېشەك بىلەن بىللە بارغانىكەنسىز - دە! — دەپتۇ.

— ياق، تەقسىر، — دەپتۇ ئەپەندىم، — مەن ھەممىدىن كېيىن بارغانىدىم. مەن بارسام خۇدا ئېشەك-لەردىن ئېشىپ قالغان يوغان كاللىنى سىزگە بېرىپ، قـۇلىقىنى كىمگـە بېرىشنى بىلمەي گاڭگىراپ تۇرغا-نىكەن.

(ئۆزبېك)

## تاس قالدى

رامزان كۈنلىرى، نامازدىن كېيىن ئىمام ۋەز ئېيتىپتۇ. ئەپەندىم زېرىكىپ پات - پات ئەسنىگىلى تۇرۇپتۇ. ئىمامنىڭ سۆزى تۈگىگەندىن كېيىن، مەسچىتتىن چىقىپ كېتىۋاتقانلاردىن بىرى جىم كېتىۋاتقان ئەپەندىمدىن:

— ئەپەندىم، ئېغىز ئاچمايسىزغۇ؟ — دەپ سوراپتۇ.

— ئېغىز ئېچىش بۇنىڭدىن ئارتۇق بولامدۇ؟ — دەپتۇ ئەپەندىم، — ۋەز ۋاقتىدا ئېچىۋېرىپ ئاغزىم يىرتىلىپ كېتىشكە تاس قالدى!

(ئۆزبېك)

## پەيغەمبەر

ئەپەندىم يوقسۇزچىلىقتىن ئاچ قېلىۋېرىپ بىزار بوپتۇ ـ دە، بازارغا بېرىپ «مەن پەيغەمبەرمەن» دەپ ئېلان قىپتۇ. ئۆلىمالار ئۇنى تۇتۇپ بەگنىڭ ئالدىغا ئېلىپ بېرىپتۇ. بەگ پوپوزا قىلىپ:

— ئەپەندىم، سەن پەيغەمبەرمۇسەن؟ — دەپ سوراپتۇ.

— شۇنداق، تەقسىر! — دەپتۇ ئەپەندىم.

— پەيغەمبەر بولساڭ، خۇدادىن ساڭا نېمىدەپ بۇيرۇق كەلدى؟

— خۇدادىن ناھايىتى كۆپ بۇيرۇق كەلگەن، ئەمما بۇلارنى ئېيتىشقا ھازىر دەرمانىم يوق، قورسىقىم ئاچ، — دەپ جاۋاب بېرىپتۇ ئەپەندىم.

بەگ ئەپەندىمنىڭ قورسىقىنى تويدۇرۇپ:

— خوش، خۇدا نېمە دېدى؟ — دەپ سوراپتۇ.

— خۇدادىن ھازىر يەنە بۇيرۇق كەلدى، ياخشى جايىنى ئەمدى تاپتىڭ موللا نەسىردىن، شۇ يەردىن قىمىرلىما دەۋاتىدۇ، — دەپتۇ ئەپەندىم.

(ئۆزبېك)

# ئېشىكىم ئۇنىمايۋاتىدۇ

بىر كىشى ئەپەندىمدىن ئېشەك سوراپتۇ. ئەپەندىم:

— بىرئاز سەۋر قىلىپ تۇرۇڭ، ئېشىكىم بىلەن مەسلىھەتلىشىپ چىقاي، — دەپ ئۆيگە كىرىپ كېتىپتۇ، بىرھازادىن كېيىن چىقىپ، — ئېشىكىم ئۇنىمايۋاتىدۇ، «ماڭا ئېغىر يۈك ئارتىدۇ، قۇلىقىمغا ئۇرىدۇ ۋە يەنە، ئىگەڭگە ئوخشىما ئۆلگۈر، دەپ سېنى تىللايدۇ» دەۋاتىدۇ، — دەپ جاۋاب بېرىپتۇ.

(ئۆزبېك)

# مۇپتى

بىر كەمبەغەل ئېشىكىنى يوقىتىپ قويۇپ ئەپەن-
دىمگە هال ئېيتىپتۇ.

ئەپەندىم ئۇنىڭغا:

— ئېشىكىڭ مۇپتىنىڭ قولىغا چۈشمىگەن بولسا
قايتىپ كېلىدۇ، مۇپتىنىڭ قولىغا چۈشكەن بولسا ئۆل-
گۈچە ئىشلىتىدۇ، ئۆلگەندىن كېيىن پەتىۋا چىقىرىپ
گۆشىنى تۈزلىۋالىدۇ، — دەپتۇ.

(ئۆزبېك)



# تاش بوران قىلىۋېتىدۇ

ئەپەندىم ئۆز مەھەللىسىگە ئىمام بولۇپ يۈرگەن كۈنلىرىدە، بىر كۈنى مەھەللە چوڭلىرىدىن بىرى ئۆلۈپتۇ. ئەپەندىم ئۇنىڭ نامىزىدا ئىماملىققا ئۆتۈشتىن باش تارتىپتۇ.

مەھەللە خەلقى ئەجەبسىنىپ:

— خوش، نېمىشقا نامىزىنى چۈشۈرمەيسىز؟ — دەپ سوراپتۇ.

— رەھمەتلىك مېنى ساراڭدىنمۇ يامان كۆرەتتى. يېنىغا بارسام، تاۋۇتتىن تۇرۇپ كەتسە، پۈتۈن مەھەللىلىك مېنى تاش بوران قىلىۋېتىدۇ، — دەپتۇ ئەپەندىم.

**(ئۆزبېك)**

# قۇرئان

ئەپەندىمنىڭ پۇل سېلىپ يۈرگەن ساندۇقچىسىنى ئوغرى ئەكېتىپتۇ. بۇ ئەھۋالدىن ئەپەندىم كۆڭلى يېرىم بولۇپ يۈرسە، قوشنىسى كىرىپ:

— ساندۇقچىڭىزغا قۇرئاندىن بىرەر ئايەت يازدۇرۇپ قويغان بولسىڭىز ئوغرىنىڭ قولى تىترەپ ئالالمايتتى، — دەپتۇ.

— بىرەر ئايەت دېگىنىڭىز نېمىسى، ساندۇقچىنىڭ ئىچىدە قۇرئاننىڭ ئۆزى بار ئىدى، — دەپتۇ ئەپەندىم.

(ئۇيغۇر)

# ئاۋارە بولۇپ يۈرمىسۇن

بىر كۈنى ئەپەندىمنىڭ ئۆيىگە ئوغرى كىرىپتۇ، بىراق ئوغرى ئەپەندىمنىڭ ئۆيىدىن قولغا چىققۇدەك بىرنەرسە تاپالماي، قۇرۇق قول قايتىپ چىقىپ كېتىۋاتقىنىدا ئەپەندىم ۋارقىراپ:

— بۇرادەر، ئىشىكنى زەنجىرلەپ قويۇڭ، يەنە باشقا ئوغرىلار كىرىپ ئاۋارە بولۇپ يۈرمىسۇن، — دەپتۇ.

**(ئۇيغۇر)**

# مەسچىتنى كۆچۈرۈپ كېتىڭ

بىر كۈنى ئىمام كوچىدىن ئۆتۈپ كېتىۋاتقان ئەپەندىمگە جوراپ* :

— ھەي بىناماز! بۈنىڭدىن كېيىن نامازغا كەلمىسەڭ، يېزىدىن كۆچۈپ كەت! — دەپتۇ.

— تەقسىر، ئۆزۈم يالغۇز نەگە بېرىپ يېڭى يېزا قۇرىمەن؟ ياخشىسى، نامازخانلىرىڭىز بىلەن مەسچىتنى كۆچۈرۈپ كېتىڭ، — دەپتۇ ئەپەندىم.

(ئۇيغۇر)

* جوراپ — خاپا بولۇپ، كايىپ، ئاچچىقلىنىپ.

# مېنىڭچە بولسا

ئەپەندىم ساتىراشلىق قىلىۋاتقان كۈنلەردە، پىخسىقلىقتا داڭقى چىققان بىر چولڭ ئاخۇنۇم ھەمىشە ئەپەندىمگە چاچ ئالدۇرىدىكەن. ئاخۇنۇم ھەق بەرمەستىن: «ئۆمرىڭىزگە دۇئا قىلىپ قويىمەن» دەپ چىقىپ كېتىدىكەن.

بىر كۈنى ئەپەندىم ئاخۇنۇمنىڭ چېچىنى ئېلىپ بولۇپ، ساقال - بۇرۇتىنى ياساشقا باشلىغاندا:

— ئاخۇنۇم، بۇرۇت كېرەكمۇ، يوق؟ — دەپ سوراپتۇ.

— ئەلۋەتتە كېرەك، — دەپتۇ ئاخۇنۇم.

ئەپەندىم ئاخۇنۇمنىڭ بۇرۇتىنى قىرقىۋاپتۇ - دە، قولىغا بېرىپ:

— كېرەك بولسا مانا بۇرۇتلىرى! — دەپتۇ. ئارقىدىن يەنە:

— تەقسىر، ساقاللىرىچۇ؟ — دەپ سوراپتۇ ئەپەندىم.

ھودۇقۇپ قالغان ئاخۇنۇم:

— يوقسۇ، ساقىلىم كېرەك ئەمەس، كېرەك ئەمەس! — دەپتۇ.

ئەپەندىم ئاخۇنۇمنىڭ ساقىلىنى ئۇستىرا بىلەن ئىككى سىيرىپلا ئېلىۋېتىپ:

— كېرەك بولمىسا سۇپۇرۇلۇپ كېتەر، — دەپ يەرگە تاشلاپتۇ.

ئاخۇنۇمنىڭ ئاچچىقى كېلىپ ئەپەندىمگە كايىپتۇ.

— خاپا بولمىسىلا، تەقسىر، — دەپتۇ ئەپەندىم، — ئۆزلىرىنىڭ دېگىنى بويىچە ئىش قىلدىم. مېنىڭچە بولسا، چاچلىرىنىمۇ ئالمايتتىم. ئەمدى ساقال - بۇرۇتسىز دۇئا ئانچە ئۆتمەيدۇ، باشقا ساتىراشقا بارسىلا!

**(ئۇيغۇر)**



# گال ئۇستىرا

ئەپەندىمنىڭ بىر ئاغىنىسى:

— ئەپەندىم، چىچىڭىز ئۆسۈپ كېتىپتۇ، قېنى، ئولتۇرۇڭ، ئېلىپ قوياي، — دەپتۇ.

ئەپەندىم ماقۇل بوپتۇ. ئاغىنىسى گال ئۇستىرا بىلەن ئەپەندىمنىڭ بېشىنى غىرداشقا باشلاپتۇ. ئەپەندىم ئاغرىققا چىداپ، كۆزلىرىنى يۇمۇپ جىم ئولتۇرسا، ئاغىنىسى سوراپتۇ:

— ئەپەندىم، خۇشىيېقىۋاتامدۇ؟ ئۇخلاپ قالدىڭىزغۇ!

— شۇنداق، ئۇخلاپ قېلىپ چۈش كۆرۈپتىمەن، چۈشۈمدە بېشىمنى ئىت غاجىلاۋاتقۇدەك، — دەپتۇ ئەپەندىم.

(ئۇيغۇر)

# جەننەت شۇنداق بولىدىغان بولسا

ئەپەندىم بىر پىخسىق بايغا كۈنلۈكچى بولۇپ ئىشلەپتۇ. تاماق ۋاقتى بولغاندا، باي ئەپەندىمنىڭ ئالدىغا بىر پىيالە چاي بىلەن قېتىپ كەتكەن بىر زاغرا ناننى قويۇپ:

— ئەپەندىم، چاققان تاماقنىڭىزنى يەڭ، بۇ زاغرا نان جەننەتتىن چىققان، — دەپتۇ.

— شۇنداقمۇ، جەننەت شۇنداق بولىدىغان بولسا، ھەرگىز جەننەتكە كىرمەڭ، بولمىسا ئاشقازىنىڭىزنى بۇزۇۋالىسىز! — دەپتۇ ئەپەندىم.

(قازاق)

# ئوغرىلىق قىلمىساڭ

قولى ئەگرى بىر ئادەم ئەپەندىمدىن:
— كۆن ياخشىمۇ ياكى ئاي ياخشىمۇ؟ — دەپ سوراپتۇ.
— ئەلۋەتتە كۆن ياخشى! — دەپ جاۋاب بېرىپتۇ ئەپەندىم.
— ئايچۇ؟
— ئەگەر سەن ئوغرىلىق قىلمىساڭ، ئايمۇ ياخشى، — دەپ جاۋاب بېرىپتۇ ئەپەندىم.

**(ئۆزبېك)**

# تىلىمنى چىشىمغا باغلاپ قويدۇم

بىر توپ كىشى پاراڭلىشىپ ئولتۇرسا، ئارىدىن بىرى تولا ۋالاقشىپ زادى توختىماپتۇ.

بۇ ۋالاقشىشتىن بىزار بولغان بىرى ئەپەندىمنى نوقۇپ:

— ئەپەندىم، تىلىڭىزنى ئىت يەپ كەتكەنمۇ، يىگىرىم كۈنىنىڭ بۇياقى بىر ئېغىزمۇ گەپ قىلماي ئولتۇردىڭىزغۇ؟ — دەپتۇ.

— ياق، تىلىمنى ئىت يەپ كەتكىنى يوق، باشقىلار مېنى تولا ۋالاقشىيدۇ دەۋەرگەندىن كېيىن، تىلىمنى چىشىمغا باغلاپ قويدۇم، — دەپ جاۋاب بېرىپتۇ ئەپەندىم.

(قازاق)

# تىلىمنىڭ ئۇچىغا باغلاپ قويۇڭ

بىر كۈنى ئەپەندىم ئىشىكىنىڭ ئالدىدىكى سۇپىدا ئاپتاپسىنىپ ئولتۇرسا، يۇزبېشى ئات مىنىپ ئۆتۈپ كېتىۋېتىپتۇ. ئەپەندىم ئورنىدىن تۇرۇپ سالام بېرىپتۇ ۋە:

— بېگىم، ئاتتىن چۈشۈپ ئۆيگە كىرىپ، بىرەر پىيالە چاي ئىچىپ كېتىڭ! — دەپتۇ.

ئەپەندىمنىڭ ئاغزىنىڭ ئۇچىدىلا دەپ قويغان گېپىگە يۇزبېشى ئاتتىن چۈشۈپ، ئاتنى باغلايدىغان قوزۇقنى تاپالماي ئەپەندىمدىن سوراپتۇ:

— ئەپەندىم، ئاتنى نەگە باغلايمەن؟

— ئۆيگە كىرىڭ دېگەن تىلىمنىڭ ئۇچىغا باغلاپ قويۇڭ! — دەپتۇ ئەپەندىم دەرھال.

(ئۇيغۇر)

# گۆش پىشمايدىغان قازان

پىخسىق بىر باي ئەپەندىمنىڭ ئىشىكىدە ئەمدىلا سويۇلغان بىر قوينىڭ تېرىسى ئېسىقلىق تۇرغانلىقىنى كۆرۈپ، ئەپەندىمنىڭ ھېلىلا بىر قوي سويغانلىقىنى پەملەپتۇ.

باي ئەپەندىمنىڭ تۇرخۇنىدىن چىقىۋاتقان ئىسنىڭ توختاپ قالغانلىقىنى كۆرۈپلا: «ئەپەندىمنىڭ ئۆيىگە كىرىپ تازا بىر گۆش يەپ چىقمايمۇ! ؟» دېگەن خىيالغا كەپتۇ. ئەپەندىم باينىڭ غەرىزىنى ئاللىقاچان سېزىپ قاپتۇ. ئەپەندىم قازان تۈۋىدە ئولتۇرۇپ، ئوچاقتىكى ئۆچۈپ قالغان ئوتنى پۈۋلىگىلى تۇرۇپتۇ، ئەمما ئاللىقاچان پىشىپ كەتكەن قازاندىكى گۆشنى قازاندىن چىقارغۇسى كەلمەپتۇ. تاقىتى تاق بولۇپ كەتكەن باي ئەپەندىمدىن سوراپتۇ:

— ئەپەندىم، قازىنىڭىز قانداق قازان؟

— گۆش پىشمايدىغان قازان، — دەپ جاۋاب بېرىپتۇ ئەپەندىم.

— سىز بۇ قازاننى نەدىن تېپىۋالغان؟

— ئۆيىڭىزدىن سوراپ ئەكەلگەن! — دەپ جاۋاب بېرىپتۇ ئەپەندىم.

(قازاق)

# ئىتىم يادىمغا كېلىپ قالدى

ئەپەندىمنىڭ سوتۇقى* يوق ئىكەن، ئەمما ناخشا ئېيتىشقا ئامراق ئىكەن. بىر ناخشىچى ئەپەندىمنىڭ ناخشىسىنى ئاڭلاپ:

— ئەپەندىم، سىزنىڭ ناخشىڭىزنى ئاڭلاپ قوۋۇرغىلىرىم ئېگىلىپ كەتتى، ناخشا ئېيتماڭ، ناخشا دېگەننى ناخشىچى ئېيتسۇن، — دەپتۇ، ئارقىدىنلا ئۆزى ناخشا ئېيتىشقا باشلاپتۇ.

ئۇ ناخشىنى ئېيتىپ بىر يەرگە كەلگەندە، ئەپەندىم خۇددى بالىلارغا ئوخشاش يىغلاپ كېتىپتۇ. ناخشىچى ناخشىسىنى توختىتىپ ئەپەندىمدىن سوراپتۇ:

— ئەپەندىم، مۇڭلۇق ناخشامدىن تەسىرلىنىپ كەتتىڭىزمۇ، نېمە؟

— ياق، — دەپتۇ ئەپەندىم، — ئۆلۈپ كەتكەن بىر ئىتىم يادىمغا كېلىپ قالدى، ئۇ ھەر كۈنى كېچىسى قاۋاپ ياتمايتتى، ئۇنىڭ قاۋىشى خۇددى سىزنىڭ ناخشا ئېيتقىنىڭىزغا ئوخشايدىكەن، شۇ ئىتىم يادىمغا كېلىپ قېلىپ كۆڭلۈم يېرىم بولۇۋاتىدۇ.

(تۈرك)

* سوتۇق — ئادەمنىڭ ناخشا ئېيتىشقا يارايدىغان ئاۋازى، ئۈن.

# پۇلغا دۈم چۈشمەك

بىر جازانىخور ئەپەندىمدىن سوراپتۇ:

— ئەپەندىم، سىز نېمىشقا پۇلغا مۇنچىۋالا ئامراق؟

— مېنىڭ پۇلۇم يوق، شۇڭا پۇلغا ئامراقمەن، بىراق سىزگە ئوخشاش پۇلنى كۆرگەندە خوتۇنىدىنمۇ ۋاز كېچىپ، پۇلغا دۈم چۈشىدىغانلاردىن ئەمەسمەن! — دەپ جاۋاب بېرىپتۇ ئەپەندىم.

(تۈرك)

# سىز چىداپ تۇرالىسىڭىزلا

ئەپەندىم چىش تارتقۇچى بولۇپ يۈرگەن كۈنلىرىدە بىر بېخىل ئادەم كېلىپ سوراپتۇ:
— بىر چىشنى قانچە پۇلغا تارتىسىز؟
— ئون چاقىغا، — دەپتۇ ئەپەندىم.
— قانچىلىك ۋاقىت كېتىدۇ؟ — دەپ سوراپتۇ يەنە بېخىل ئادەم.
— ئالاھازەل بىر پىيالە چاينى ئىچكۈچىلىك ۋاقىت كېتىدۇ، — دەپتۇ ئەپەندىم.
— بىر چىنە چاينى ئىچكۈچىلىك ۋاقىتقا شۇنچىۋالا پۇل ئالامسىز، — دەپتۇ بېخىل ئادەم غۇدۇراپ.
— سىز چىداپ تۇرالىسىڭىزلا، قانچىلىك ۋاقىت كەتسە مەيلى، — دەپتۇ ئەپەندىم.

(تۈرك)

## ئۆتكەن قېتىمقىدىكىدەك سېرىقماينى ئالىمەن

ئەپەندىم بىر مەككار سودىگەرنىڭ دۇكىنىغا سې-
رىقماي ئالغىلى كېلىپ ئۇنىڭغا:

— مەن ئۆتكەن قېتىمقىدىكىدەك سېرىقماي ئال-
ماقچىمەن. ئەگەر ئۇنداق سېرىقماي بولمىسا ئالماي-
مەن، — دەپتۇ.

مەككار سودىگەر خۇشال بولۇپ كېتىپ:

— يارايسىز، سېرىقمېيىمغا شۇنداق يۇقىرى باها
بەرگەنلىكىڭىزگە بەك پەخىرلىنىۋاتىمەن، —
دەپتۇ.

— ياق، ئۇنداق ئەمەس، ئۆيۈمگە بىر باي مېھمان
بولغىلى كەپتۇ. ئۇنى كەلمىسكەن دەيمەن، شۇڭا
سىزنىڭ سېرىقمېيىڭىزدىن ئالاي دەپ كەلدىم، — دەپ
جاۋاب بېرىپتۇ ئەپەندىم.

(تۈرك)

# كاللا دېگىلى بولامدۇ

ئەپەندىم بىر كونا تۇماقنى كىيىپ كوچىدا كېتىۋاتسا، بىر باي كۆرۈپ قېلىپ زاڭلىق قىلىپ سوراپتۇ:

— هوي، ئەپەندىم، كاللىڭىزدىكى نەرسە نېمە ئۇ؟ ئۇنى تۇماق دېگىلى بولامدۇ؟

ئەپەندىم ئويلىنىۋېلىپ، ياندۇرۇپ سوراپتۇ:

— هوي، باي تەقسىر، تۇمىقىڭىزنىڭ ئاستىدىكى نەرسە نېمە ئۇ؟ ئۇنى كاللا دېگىلى بولامدۇ؟

(ئۇيغۇر)

# قىممەتلىك قىياپەت

تەكەببۇر بىر يىگىت ئەپەندىمنىڭ دۇكىنىغا كې-
لىپ، خېرىدارلارغا چېقىلىپ، ئاغزىنى بۇزۇپ بەك
يولسىزلىق قىپتۇ، ئاخىر ھېچ نەرسە ئالماي كېتىپتۇ.
— ھەي يىگىت، قايتىپ كەل، بىر نەرسەڭ چۈ-
شۈپ قالدى، — دەپ توختىتىۋاپتۇ يىگىتنى ئەپەندىم
ئاچچىقىدا.
يىگىت ئالدىراپ كەينىگە يېنىپ كېلىپ:
— نېمەم چۈشۈپ قاپتۇ؟ — دەپ سوراپتۇ.
— قىممەتلىك قىياپىتىڭ. ئېسىڭدە بولسۇنكى،
باشقا بىرەر يەردە ئىككىنچى ئۇنى ئىزدىگۈچى
بولما، — دەپ جاۋاب بېرىپتۇ ئەپەندىم.

(ئۇيغۇر)

# ئاللىقاچان ئۆلۈپ كەتتىمىكىن دەپتىمەن

ئۆزىنى شائىر دەۋالغان بىر يىگىت بىر شېئىرىنى كۆتۈرۈپ كېلىپ ئەپەندىمگە كۆرسىتىپتۇ.

ئەپەندىم شېئىرنى كۆرۈپ چىقىپ سوراپتۇ:

— بۇنى ئۆزىڭىز يازدىڭىزمۇ؟

— گەپ يوق، ھەربىر قۇر، ھەربىر سۆزىنى ئۆز قولۇم بىلەن يازدىم، — دەپتۇ مەغرۇرلۇق بىلەن يىگىت.

— ئوھۇي، بەك ياخشى يېزىپسىز، سىزنى كۆرگەنلىكىمگە بەك خۇشالمەن، نەۋائى تەقسىر، سىزنى ئاللىقاچان ئۆلۈپ كەتتىمىكىن دەپتىمەن! — دەپتۇ ئەپەندىم ھېلىقى ياشنىڭ قولىنى مەھكەم سىقىپ.

(ئۆزبېك)

# ئەسلەش كۆچىدىن قالغان ئاغرىق

ئۆزىنى ياش دېسە خۇش بولىدىغان بىر ئوتتۇرا ياش خوتۇن ئەيەندىمگە ئاغرىقىنى كۆرسىتىپتۇ. ئەيەندىم ئوتتۇرا ياش خوتۇنىنىڭ تومۇرىنى تۇتۇپ يېشىنى سوراپتۇ.

بۇ خوتۇن دەرھال يالغان ئېيتىپ:

— ئەمدى يىگىرمە بەش ياشقا كىردىم، — دەپتۇ.

ئەپەندىم قوشۇمىسىنى تۈرۈپ، دىئاگنوز قەغىزىگە:

— ئەسلەش كۆچىدىن قالغان ئاغرىق، — دەپ يېزىپ قويۇپتۇ.

(تۈرك)

# پادىشاھنىڭ پىلى

پادىشاھ يوغان بىر پىلنى ئەپەندىمنىڭ مەھەللىسىدىكى كىشىلەرگە «بېقىپ بېرىڭلار!» دەپ چۇشۇرۇپتۇ. باققۇچىلار پىلنى ئېتىز - ئېرىقلاردا بېقىشقا مەجبۇر بوپتۇ. بۇ يوغان مەخلۇق زىرائەتلەرنى دەسسەپ - چەيلەپ تۇپتۇز قىلىۋېتىپتۇ. كىشىلەر بۇ ھالنى كۆرۈپ قاتتىق غەزەپلەنگەن بولسىمۇ ھېچنېمە دېيەلمەپتۇ، ئاخىر ئەپەندىمگە يېلىنىپ: «پادىشاھنىڭ ئالدىغا بېرىپ ئەھۋالىمىزنى يەتكۈزۈپ بەرسىڭىزكەن!» دەپتۇ.

ئەپەندىم دېھقانلارنىڭ ۋەكىللىرىنى باشلاپ پادىشاھنىڭ ئالدىغا ئەرز قىلغىلى مېڭىپتۇ. يېرىم يولغا بارغاندا نۇرغۇن ۋەكىللەر پادىشاھقا كۆرۈنۈشتىن قورقۇپ بىر - بىرلەپ تىكىۋېتىپتۇ. ئوردىنىڭ ئالدىغا بارغاندا ئەپەندىم ئۆزىلا قاپتۇ، ئەپەندىم ئاچچىقلىنىپ: «خەپ توخۇ يۈرەكلەر، قاراپ تۇرۇش!» دەپتۇ-دە، قورقماستىن ئۆزى ئوردىغا كىرىپتۇ.

— كېلىڭ، كېلىڭ، ئەپەندىم. بۈگۈن يەنە نېمە خۇش خەۋەر ئەكەلدىڭىز؟ — دەپ سوراپتۇ پادىشاھ.

— ئۇلۇغ پادىشاھئالەم، دۆلەتلىرى زىيادە، ئۆ-

مۇرلىرى ئۇزاق بولغاي، جانابىي ئالىيلىرى بىزنى بىر-قىسىپ بىرىڭلار دەپ چۇشۇرگەن پىللىرىنى زور خۇشال-لىق بىلەن تاپشۇرۇۋالدۇق، بىر پۈتۈن مەھەللى-دىكى ئەر - خوتۇن، ياش - قېرى ھەممىمىز چەكسىز شەرەپ ۋە ئىپتىخارلىق ھېس قىلماقتىمىز، پۈتۈن مە-ھەللىدىكى جامائەت پېقىرنى ئۆزلىرىگە ئېھتىرام بىلدۈ-رۇشكە ئەۋەتتى. ئەمما، بىر پىل ئۆزى يالغۇز بولۇپ قالغۇدەك، ئەگەر ئىلتىپات قىلىپ يەنە بىر پىلنى ھەم-راھ قىلىپ چۇشۇرۇپ بەرگەن بولسىلا بەك ياخشى بولاتتى. شۇ ۋەجىدىن پۈتۈن جامائەت بىرنەچچە ۋەكىل-نى پېقىرگە قوشۇپ، جانابلىرىغا بۇ تەلەپنى قويۇشقا ئەۋەتكەنىدى، ئۇلار جانابىي ئالىيلىرىنىڭ مۇبارەك جا-مالىغا كۆرۈنۇشتىن قورقۇپ يېرىم يولدا قايتىپ كەت-تى. بۇ تەلىپىمىزنى قوبۇل كۆرگەيلا، بىز ئالىيلىرى-نىڭ مەڭگۇ دۆلەتمەن بولۇشلىرىغا دۇئا قىلىمىز!

پادىشاھ ئەپەندىمنىڭ بۇ گەپلىرىنى ئاڭلاپ، ناھا-يىتى مەمنۇن بوپتۇ، ئۇ ئەپەندىمگە تاۋار - تورقىدىن بىر قۇر كىيىم كىيدۈرۈپتۇ ھەم ئىككى تىللا ئىنئام قىپتۇ، ئاندىن مەھەللىگە بېقىش ئۈچۈن يەنە بىر پىل چۇشۇرۇپ بېرىشكە ماقۇل بوپتۇ.

ئەپەندىم پادىشاھ ئىنئام قىلغان ئېسىل كىيىمنى كىيىپ مەھەللىگە قايتىپ كەپتۇ، جامائەت ئۇنىڭدىن:

— نېمە خۇش خەۋەر ئەكەلدىڭىز، — دەپ تەقەززا-لىق بىلەن سوراپتۇ.

— ئوردا ئىشىكىنىڭ ئالدىغا بارغاندا، ۋەكىللەر مېنى تاشلىۋېتىپ، بەس - بەس بىلەن پادىشاھنىڭ

ئالدىغا كىرىپ كېتىشتى. نېمە ئىش بولغانلىقىنى پە-
قەت بىلەلمىدىم. بىر - ئىككى كۈندىن كېيىن بەلكىم
پادىشاھنىڭ يارلىقىنى ئاڭلارسىزلەر...
ئەپەندىم بىر خىل سىپايىلىك بىلەن جامائەتكە
شۇنداق جاۋاب بېرىپتۇ.

(ئۆزبېك)



# يۇرت بېگى ۋە ئىتلار بېگى

ئەپەندىم قازىنىڭ مەپىسىنى ھەيدەيدىكەن. بىر كۈنى ئەپەندىم مەپىنى ھەيدەپ شەھەرنىڭ بىر تار كوچىسىدىن ئۆتۈپ كېتىۋاتقاندا، دەل ئالدىدىن بىر مەپە چىقىپ قاپتۇ. بۇ مەپىكەشنىڭ مەپىنى توختىتىدىغان تەرى يوق، مەپىنى ئۇدۇل ئەپەندىم ھەيدىگەن مەپىنىڭ ئالدىغا ھەيدەپ كېلىپ:

— توختات مەپەڭنى، كەينىڭگە يان! — دەپتۇ مەپىكەش.

— نېمىشقا توختىتىدىكەنمەن، سەن كەينىڭگە يېنىپ يولنى بوشىتىپ بەر! — دەپتۇ ئەپەندىممۇ بوش كەلمەي.

— مېنىڭ مەپەمدە ئولتۇرغان كىشى بۇ يۇرتنىڭ بېگى! — دەپتۇ مەپىكەش مەغرۇرانە ھالدا.

— مەپەڭدە ئولتۇرغان كىشى بۇ يۇرتنىڭ بېگى بولسا، مېنىڭ مەپەمدە ئولتۇرغىنى بۇ يۇرتتىكى ئىتلارنىڭ بېگىمىكەن؟ — دەپتۇ ئەپەندىم ئاچچىقى بىلەن.

(ئۆزبېك)

# قازاندىن ئايرىلىپ قالمىسام

ئەپەندىمنىڭ ئوغلى ئۆيلىنىپتۇ، ئەمما ئايرىم ئوچاق تىكلىمەي، دائىم دادىسىغا تايىنىۋېلىپ بىر يۈك بولۇپ قاپتۇ. بىر كۈنى ئەپەندىم مەھەللىدىكى چوڭلارنى چاقىرىپ، ئۇلارنىڭ ئالدىغا ئوغلىنى ئۆي ئايرىپ چىقىشقا ئۈندەپتۇ. ئوغلى مېھمانلارنىڭ ئالدىدا يىغلاپ كېتىپتۇ. مېھمانلاردىن بىرى تەسەللى بېرىپ:

— ئوغلۇم، ئاتا - ئانامدىن ئايرىلىپ كېتىدىغان بولدۇم دەپ كۆڭلۈڭ يېرىم بولۇۋاتامدۇ؟ كۆڭلۈڭنى بۇزما، ئادەم چوڭ بولغاندا ھامىنى ئاتا - ئانىدىن ئايرىلىپ كېتىدىغان گەپ! — دەپتۇ.

— ئاتا - ئانامدىن ئايرىلىپ كەتسەم مەيلى، ئەمما دادامنىڭ ئاشۇ قازىنىدىن ئايرىلمىسام دەيمەن، — دەپ ئوغلى يەنە يىغلاشقا باشلاپتۇ.

— يىغلىما، ئاش بار يەردە قازان دېگەن تېپىلىدۇ؟ — دەپ تەسەللى بېرىپتۇ يەنە ھېلىقى مېھمان.

— ياق، بۇنىڭدىن كېيىن ھەر كۈنى تامىقى تەييار بولۇپ تۇرىدىغان مۇشۇنداق قازاننى تاپالمايمەن دەپ ئەندىشە قىلىۋاتقىنى! — دەپ جاۋاب بېرىپتۇ ئەپەندىم.

(قازاق)

# مېنىڭ ئىشتىھايىم

ئەپەندىم بىر ئاغىنىسى بىلەن بىر سېۋەت ئۆرۈك سېتىۋېلىپ كېلىپ، بىللە ئولتۇرۇپ يەپتۇ. ئاغىنىسى ئۆزىنىڭ يېگەن ئۆرۈكىنىڭ ئۇرۇقچىلىرىنى يوشۇرۇپ قويۇپ، ئەپەندىمنى مات قىلماقچى بوپتۇ.

— ئەپەندىم، — دەپتۇ ئاغىنىسى، — ئۆرۈكنى ئەجەبمۇ ئىشتىھالىق يەيدىكەنسىز، بىردەمنىڭ ئىچىدە شۇنچە كۆپ ئۆرۈكنى يەپ كېتىپسىز، قاراڭ، بۇ ئالدىڭىزدا دۆۋىلىنىپ كەتكەن ئۇرۇقچىنى. مەن مانا تېخىچە بىر تال ئۆرۈكنىمۇ يەپ بولالمىدىم.

— ياق، ئاغىنە، مېنىڭ ئىشتىھايىم سىزنىڭكىدەك ياخشى ئەمەس، سىز شۇنداق قاتتىق ئۇرۇقچىلارنىمۇ ھەزىم قىلالايدىكەنسىز، ئەمما مەن قىلالمايمەن، — دەپ جاۋاب بېرىپتۇ ئەپەندىم.

(ئۆزبېك)

# جانىي قۇتقۇزغان بېلىق

ئەپەندىم ھىندىستانغا بارغاندا، بىر زاھىت بىلەن تونۇشۇپ قاپتۇ. زاھىت ئۆزىنى تونۇشتۇرۇپ:
— مەن يوگا دىنىغا ئېتىقاد قىلىدىغان ئادەم، مەن جىمى تىرىك جانلىقلارغا جېنىمنى ئاتىغان، بولۇپمۇ قۇش ۋە بېلىقلارنىڭ خىزمىتىدە بولىمەن، — دەپتۇ.
— ئېمىدېگەن ياخشى، بىزنىڭ ئوخشاشلىقلىرىمىز كۆپ ئىكەن، مېنىڭ كۆتكىنىممۇ شۇنداق، چۈنكى بىر بېلىق مېنىڭ جېنىمنى قۇتقۇزغان. مېنى دىنىڭىزلارغا قوبۇل قىلغايسىز!
— سىزنى دىنىمىزغا ناھايىتى خۇشاللىق بىلەن قوبۇل قىلىمەن، بىر بېلىق سىزنىڭ جېنىڭىزنى قۇتقۇزۇپتىكەن، مانا بۇ دىنىمىزنى تولۇق دەلىللەپ بېرىدۇ، يەنە جىمىكى ھايۋانلار دۇنياسى بىر - بىرىگە باغلىقتۇر، — دەپتۇ زاھىت.
— رەھمەت سىزگە، بۈگۈندىن باشلاپ مەن سىزلەرنىڭ ئادىمىڭىزلار بولدۇم، — دەپتۇ ئەپەندىم.
— خوش، ئەمدى ماڭا ئۇ بېلىقنىڭ سىزنى قانداق قۇتقۇزغانلىقىنى، سىزنىڭ باشتا ئۇ بېلىققا قانداق تەسىراتتا بولغانلىقىڭىزنى سۆزلەپ بېرىڭ.

— خوپ، سىزگە دەپ بېرەي، ئۇ بېلىق ھەقىقە-
تەن مېنى قۇتقۇزدى. مەن ئۇنى دەريا بويىدىن تۇتۇۋال-
غان ۋاقتىمدا، ئاچ قالغىلى ئۈچ كۈن بولغان، ئۇ ماڭا
ئۈچ كۈنلۈك ئوزۇق بولدى. شۇ چاغدىكى تەسىراتىمغا
كەلسەم، ئۇنىڭ گۆشى بەك تاتلىق ئىكەن.

زاھىت ئاڭلاپ ئارقىسىغا ئۆچۈپ كەتكىلى تاسلا
قاپتۇ.

(ئافغان)



# قۇرۇق نام

ئەپەندىمنىڭ باغچىسى، قورۇ - جايى ئوردىغا ئېلىنىپ، پادىشاھنىڭ ئارامگاھى قىلىنىپ كېتىپتۇ. ئەپەندىم بىر كۈنى ئۆزىنىڭ قورۇ - جايىنى بەك كۆرگۈسى كېلىپ كېتىپتۇ. ئەمما ئىشىكباقارلار كىرگۈزمەپتۇ.

— پادىشاھقا كىرىپ مەلۇم قىلىڭلار، ئىگىسى كەپتۇ، ئۆزلىرى بىلەن كۆرۈشىدىغان مۇھىم ئىشى بار ئىكەن دەڭلار، — دەپتۇ ئەپەندىم ئىشىكباقارلارغا.

پادىشاھ: «كىرسۇن» دەپ رۇخسەت قىپتۇ.

— سەن نەنىڭ ئىگىسى؟ — دەپ سوراپتۇ پادىشاھ.

— مەن بۇ قورۇنىڭ ئىگىسى، — دەپتۇ ئەپەندىم.

— جۆيلۇمە! — دەپتۇ ئەھۋالنى بىلمىگەن پادىشاھ غەزەپلىنىپ.

— سەۋر قىلسىلا، پادىشاھ، مەن ئەسلىدە بۇ باغنىڭ، بۇ ئۆي - ئىمارەتلەرنىڭ، بۇ زېمىننىڭ ئىگىسى ئىدىم. ھەممە نېمەمنى تارتىۋېلىشتى، ئەمدى پەقەت ئىگىسى دېگەن قۇرۇق ناملا قالدى! — دەپ كېتىپ قاپتۇ ئەپەندىم.

(ئىران)

# تولدۇرما دەرس

بىر خانىم كىچىك ئوغلىنى ئەپەندىمنىڭ قېشىغا باشلاپ ئەكىرىپ:

— ئەپەندىم، بۇ بالام ياخشى ئوقۇمايدۇ، ئۇنىڭ ئۇستىگە ئەدەپسىز، سىزنىڭچە قانداق قىلسام بولىدۇ؟ — دەپتۇ.

ئەپەندىم ئويلاپ، خانىمغا:

— خانىم، مەن بالىڭىزنى بىر قورقۇتۇپ قوياي، بەلكىم پايدىسى بولۇپ قالار، — دەپتۇ.

خانىم بۇ گەپنىڭ ئورنى بار دەپ ئويلاپ، ماقۇل دەپتۇ.

ئەپەندىم ئىچكەركى ئۆيگە كىرىپ كېتىپ، بىر جۇۋىنى تەتۈر كىيىپ، بېشىغا بىر قازاننى ئارتىپ، ئىچكەركى ئۆيدىن تاشقىرىقى ئۆيگە ئېتىلىپ چىقىپتۇ ۋە يۈزلىرىنى تىترىتىپ، يىرگىنچلىك بىر قىياپەت بىلەن ئېگىز - پەس سەكرىگىلى تۇرۇپتۇ.

خەۋەرسىز ئولتۇرغان خانىم بۇنى كۆرۈپ قورقۇپ ھوشىدىن كېتىپ قاپتۇ. بالىسى بولسا چاۋاك چېلىپ، خۇشاللىقىدا: «ئەجەب قىزىقكەن، ئەجەب قىزىقكەن!» دەپ ۋارقىرىغىلى تۇرۇپتۇ. خانىم بىرھازادىن

كېيىن ھوشىغا كېلىپ ئەپەندىمگە:
— ئەپەندىم، بالامنى قورقۇتۇپ قويۇڭ دېگەنتىم، مېنى قورقۇتۇپ قويۇڭ دېمىگەنتىم! — دەپتۇ.
— توغرا، خانىم، دەل سىز كىچىك ۋاقتىڭىزدا مۇشۇنداق قورقۇپ باقمىغاچقا، بالىڭىزنىڭ يۈرىكى چوڭلاپ كەتكەن. بۇ دەرسنى تولدۇرغاندىن كېيىن، كېيىنكى بالىڭىز مۇنداق بولۇپ قالمايدۇ! — دەپتۇ ئەپەندىم.

(ئافغان)



# ئارتۇق يېرىنى ھەرىلىۋېتەي دەيمەن

ئەپەندىمنىڭ بىر پىخسىق دوستى بار ئىكەن، ھەمىشە ئەپەندىمنىڭ ئۆيىگە كېلىۋېلىپ يەپ - ئىچىپ كېتىدىكەن، ئەمما ئەپەندىمنى بىرەر قېتىممۇ ئۆيىگە چاقىرىپ مېھمان قىلىپ قويمايدىكەن.

بىر كۈنى ئەپەندىم دوستىنى سىنىماقچى بولۇپ، تاماق ۋاقتىدا ئۇنىڭ ئۆيىگە بېرىپتۇ. پىخسىق دوستى ئىلاجسىز ئىككى قاچا ئاش ئەكېلىپ، بىر قاچىنى ئۆزىنىڭ ئالدىغا، بىر قاچىنى ئەپەندىمنىڭ ئالدىغا قويۇپتۇ. ئەمما ئەپەندىمنىڭ ئالدىغا قويغىنى يېرىم قاچا ئاش ئىكەن. ئەپەندىم ناخۇش ھالدا:

— ئۆيىڭىزدە ھەرە بارمۇ؟ — دەپ سوراپتۇ.

— بار، ھەرىنى نېمە قىلماقچىدىڭىز؟ — دەپ سوراپتۇ ئاغىنىسى ئەجەبسىنىپ.

— مەن بۇ قاچىنىڭ ئارتۇق يېرىنى ھەرىلىۋېتەي دەيمەن! — دەپتۇ ئەپەندىم.

(ئۇيغۇر)

# كەلمىسەڭلارمۇ بولىدۇ

ئەپەندىمنىڭ بېغىدىكى ئۈرۈكلەر پىشىپ كېتىپتۇ. ئەپەندىمنىڭ بىرنەچچە ئاغىنىسى كۈن ئاتلاپلا ئۈرۈك يېگىلى كېلىۋالىدىكەن.

بىر كۈنى ئۇلار يەنە كەپتۇ. ئۈرۈكنى يەپ بولۇپ ئەپەندىمگە:

— ئەپەندىم، بېغىڭىزنىڭ ئۈرۈكى راستىنلا تاتلىق ئىكەن! — دەپتۇ ـ دە، كېتىپ قاپتۇ.

ئىككى كۈن ئۆتكەندىن كېيىن ئۇلار يەنە كەپتۇ. ئىشىكتىن كىرىپلا ئۇلار ئەپەندىمگە:

— ئەپەندىم، ئۈرۈكىڭىز بەك تاتلىق ئىكەن، يەنە بىر قېتىم يەۋالساق! — دەپتۇ.

— ياخشى گەپ، مەرھەمەت! — دەپتۇ ئەپەندىم.

ئارقىدىنلا ئەپەندىم باغچىدىن بىرنەچچە تال ئۇرۇقچىنى تېرىپ چىقىپ، ھەربىرىنىڭ ئاغزىغا بىر تالدىن تىقىپ:

— ئۈرۈكىمىز تاتلىق تېتىغان بولسا، ئۈرۈك كۆچىتىمىز سىلەرنىڭ قورسىقىڭلاردا ئۈنسۇن، بۈگۈندىن كېيىن ئۈرۈك يەيمىز دەپ ئىككى ـ ئۈچ كۈندە بىر كېلىۋالمىساڭلارمۇ بولىدۇ، — دەپتۇ.

(تۈرك)

# ياخشىسى بارماڭ

بىر كۈنى ئەپەندىم قازىغا ئۈچراپ قىلىپ:
— قازى ئاخۇنۇم، قاياققا مېڭىپ قالدىڭىز؟ — دەپ سوراپتۇ.
— ئاللانىڭ باغچىسى — جەننەتكە ساياھەت قىلغىلى كېتىۋاتىمەن، سىزمۇ بىللە بېرىڭ! — دەپتۇ قازى.
— سىزمۇ بارماڭ، مەنمۇ بارماي، — دەپتۇ ئەپەندىم.
— نېمىشقا؟ — دەپتۇ قازى.
— تەقسىر، سىز ھەمىشە بىزگە: «بۇ دۇنيادا يامان ئىش قىلماڭلار، ئۇ دۇنيادا ئاللا رەھىم قىلمايدۇ!» دەپ تەلىم بېرىسىز، بۇ ئېسىڭىزدە باردۇر! ئەگەر سىز جەننەتكە بارسىڭىز ئاللا ھەرگىز سىزگە ياخشى مېۋە بەرمەيدۇ، شۇنىڭ ئۈچۈن، ياخشىسى بارماڭ! — دەپتۇ ئەپەندىم.

(ئۇيغۇر)

# چاچ چۈشۈرۈش

بىر كۈنى ئەپەندىم قېيىناتىسىنى يوقلاپ بېرىپتۇ. قېيىناتىسى ئەپەندىمنىڭ چېچىنىڭ ئۆسۈپ كەتكەنلىكىنى كۆرۈپ:

— بالام، چېچىڭىز بەك ئۆسۈپ كېتىپتۇ، چېچىڭىزنى چۈشۈرۈپ قوياي، — دەپتۇ، ئارقىدىنلا بىر قاشاڭ ئۈستىرىنى ئەكېلىپ، ئەپەندىمنىڭ چېچىنى چۈشۈرگىلى تۇرۇپتۇ. قاشاڭ ئۈستىرا ئەپەندىمنىڭ بېشىنى غىرداپ جېنىنى ئاپتۇ. بۇ چاغدا تاشقىرىدىن بىر بوتىلاقنىڭ بوزلىغان ئاۋازى ئاڭلىنىپتۇ.

— بۇ بوتىلاقنىڭ ئاۋازى نېمىدېگەن ئېچىنىشلىق-ھە! نېمە بولغاندۇر؟ — دەپتۇ قېيىناتىسى.

— بەلكىم قېيىناتىسى ئۇنىڭ بېشىنى چۈشۈرۈۋاتقاندۇر! — دەپتۇ ئەپەندىم.

(قازاق)

# قورسىقىمدىكى تاماق

ئەتىياز كۈنى ئەپەندىم بىر دېھقان ئاغىنىسىنىڭ ئۆيىگە بېرىپ مېھمان بوپتۇ. ئاغىنىسى ئەپەندىمگە قو-قەنت قونىقىدىن يوغان بىر قازان ئۇماچ قايىنتىپ بې-رىپتۇ، ئۇماچقا چوڭ بىر ئاشقۇدا قېتىق قويۇپ ئارىلا-شتۇرۇپتۇ. بىردەمدىن كېيىن، ئەپەندىمگە يەنە بىر چوڭ چىنىدە مۇز سۇيى ئەكېلىپ بېرىپتۇ. ئەپەندىم ئىچىپ بولغاندىن كېيىن، ئاغىنىسى ئەپەندىمنىڭ دو-لىسىغا قېقىپ:

— ئەپەندىم، تويدىڭىزمۇ؟ — دەپ سوراپتۇ.

— ھەي، ھەي، ماڭا چېقىلماڭ، شۇ تۇرقىدا قورسىقىم تويماي قالامدىكىن دەپ ئەمەس، قورسىقىم-دىكى تاماق يېنىپ كېتەرمىكىن دەپ ئەنسىرەۋا-تىمەن، — دەپ جاۋاب بېرىپتۇ ئەپەندىم.

(ئۆزبېك)

# خاپا بولماڭ

ئەپەندىم قانداقتۇر بىر ئىش بىلەن قوشنىسىنىڭ-كىگە كىرىپ قاپتۇ. مېھماندوست قوشنىسى ئەپەندىمنى «بىر پىيالە چاي ئىچىپ چىقىپ كېتىڭ» دەپ چىڭ تۇتۇۋاپتۇ.

قوشنىسى ئەپەندىمگە بىر پىيالە چاي قۇيۇپتۇ، ئەپەندىم پىيالىنى ئەمدىلا ئاغزىغا ئېلىشىغا، پىيالە بەك قىزىق بولغانلىقتىن، قولىدىن چۈشۈپ كېتىپ سۇنۇپ كېتىپتۇ. قوشنىسى خاپا بولغاندەك قىلىپ ئالىيىپتۇ. ئەپەندىم ھېچبىر ھودۇقماستىن قوشنىسىغا دەپتۇ:

— خاپا بولماڭ، ئەگەر مېنى چاي ئىچىڭ دەپ تۇتۇۋالمىغان بولسىڭىز، بۇ ئىشمۇ يۈز بەرمىگەن بولاتتى، — دەپتۇ.

(تۈرك)

# پىخسىقنىڭ كارامىتى

بىر پىخسىق ئادەم ئەپەندىمنى كۆرسىلا: «بۇرا-دەر، بىزنىڭ ئۆيگە بېرىپ، بىرەر - يېرىم دەم ئولتۇ-رۇپ كېلەيمۇ دېمەيسىز!» دەپ جورايدىكەن. بىر كۈنى ئەپەندىم «شۇ پىخسىقنىڭ كارامىتىنى بىر كۆرەي!» دەپ ئۇنىڭ ئۆيىگە بېرىپتۇ. ئەپەندىمنىڭ كېلىۋاتقانلى-قىنى دېرىزىدىن كۆرۈپ تۇرغان پىخسىق خوتۇنىغا:

— ھەي خوتۇن، ئەپەندىم بىزنىڭكىگە كېلىۋاتى-دۇ، چاققان چىقىپ مېنى يوق دەپ قوي! — دەپتۇ.

ئەپەندىم ئىشىكنى تاقىلدىتىشىغا پىخسىقنىڭ خو-تۇنى چىقىپ:

— بالىلارنىڭ دادىسى بازارغا كەتكەنىدى، — دەپتۇ.

— ئېرىڭىزگە ئېيتىپ قويۇڭ، — دەپتۇ ئەپەن-دىم، — بۇنىڭدىن كېيىن بازارغا بارسا، كاللىسىنى دېرىزىگە قويۇپ كەتمىسۇن.

(ئۇيغۇر)

## ئىت بولغان بولسا

قازى ئەپەندىمنى چاقىرتىپ سوراق قىپتۇ:

— ئەپەندىم، سىز مىرشەپىمنى نېمە ئۈچۈن ئىت دەپ ھاقارەت قىلىسىز؟

— يوقسۇ، تەقسىر، — دەپتۇ ئەپەندىم، — ئىت ئەمەس دېگەندۇرمەن، ئەگەر مىرشەپىڭىز ئىت بولغان بولسا، بۇ چاغقىچە ئۆزىڭىزنىمۇ تالىۋەتكەن بولار ئىدى، ئەمما يۈز - كۆزىڭىز ساق تۇرامدۇ؟

(ئۇيغۇر)

# كالاچنىڭ مىجەزى

ئەپەندىم بىر تويغا بارغاندا كالىچىنى يې-
شىپتۇ - دە، قولتۇقىغا قىسىپ تۆرگە چىقىپتۇ.
مېھمانلاردىن بىرى:
— ئەپەندىم، كالاچىنى تالاغا قويسىڭىز مۇ
بولاتتى، — دەپتۇ.
— بۇرادەر، كالىچىمنىڭ مىجەزى يامان، كىم
يۇر دېسە، ئىگىسىنى تاشلاپ كېتىۋېرىدۇ، — دەپ
جاۋاب بېرىپتۇ ئەپەندىم.

(ئۇيغۇر)

# قولۋاق سەيلىسى

بىر كۈنى شەھەر بېگى ئەپەندىمگە: «مېنى قولۋاق-تا سەيلە قىلدۇرۇپ قويىسىز!» دەپتۇ. ئەپەندىم ماقۇل بولۇپ، بەگنى قولۋاققا سېلىپ دەريادىن ئۆتمەكچى بوپتۇ، دەريانىڭ ئوتتۇرىسىغا كەلگەندە قولۋاق دالغۇپ كېتىپتىكەن، بەگ قورقۇپ:

— ئەپەندىم، قولۋاققا چۈشۈپ باقمىغانىدىم، يۈرىكىم ئېغىۋاتىدۇ، بىر ئامال قىلىڭچۇ! — دەپتۇ.

ئەپەندىم «خوپ» دەپتۇ ـ دە، بەگنىڭ قولىدىن تۇتۇپ سۇغا پاتۇرۇپتۇ. كەينىدىن تارتىۋېلىپ يەنە پاتۇرۇپتۇ. ئىككى - ئۈچ قېتىم مۇشۇنداق قىلغاندىن كېيىن بەگنى سۇدىن چىقىرىپ قولۋاققا ئولتۇرغۇزۇپتۇ ـ دە:

— بېگىم، ئەمدى قورقۇۋاتامسىز؟ — دەپ سوراپتۇ ئەپەندىم.

— ياق، — دەپتۇ بەگ، — ئەمدى يۈرىكىم ئورنىغا چۈشتى.

— شۇنداق، — دەپتۇ ئەپەندىم، — سۇغا چۆكۈپ باقمىغان ئادەم قولۋاققا چۈشۈشتىن قورقىدۇ.

(ئۇيغۇر)

## دوزاخنىڭ تۆرىدە

تېمۇرلەڭ ئەپەندىم بىلەن ئاخىر زامان بولىدىغان ئىشلار ئۈستىدە پاراڭلىشىپ ئولتۇرۇپ ئەپەندىمدىن سوراپتۇ:

— ئەپەندىم، ئاخىر زامان بولغاندا مېنىڭ ئورنۇم نەدە بولار؟ جەننەتنىڭ تۆرىدىمۇ ياكى دوزاخنىڭ ئەڭ ئاستىدىمۇ؟

— قىلچە شۈبھىلەنمەي ئېيتىمەنكى، سىز ئەلۋەتتە دوزاخنىڭ تۆرىدە بولىسىز، — دەپتۇ ئەپەندىم.

(ئۆزبېك)

## يولنى بوشات

ئەپەندىم ئوردىدىن قايتىپ كېلىۋاتسا، بىر توپ ئادەم چۆرىسىگە ئولىشىۋېلىپ، ئۇنى سوراپ، بۇنى سوراپ زادى ماڭغىلى قويماپتۇ.

— ئەپەندىم، پادىشاھ سىزگە نېمە دېدى؟ — دەپ سوراپتۇ بىرى.

ئەپەندىم ئۇنىڭغا خۇشياقمىغاندەك قىلىپ:

— پادىشاھ چىققاندا، مەن قەسىرنىڭ تېشىدا تۇ-راتتىم، ئۇ ماڭا قاراپ ئۇنلۇك ئاۋازى بىلەن بىر ئېغىز گەپ قىلدى، — دەپتۇ.

— نېمە گەپ قىلدى؟ — دەپ سوراپتۇ ھېلىقى كىشى تەقەززالىق بىلەن.

— يولنى بوشات!... دېدى، — دەپتۇ ئەپەندىم.

(ئافغان)

# تاشقى ئوغرى بىلەن ئىچكى ئوغرى

ئەپەندىم ئوردا قوۋۇقىنىڭ ئالدىدىن ئۆتۈپ كېتىۋاتسا، بىرمۇنچە ئادەم ئوردا تېمىنى ياساۋاتقانىكەن.

ئەپەندىم توختاپ سوراپتۇ:

— بۇ ئوردىنىڭ تېمى شۇنچە ئېگىز تۇرسا، يەنە نېمىشقا ئېگىزلىتىسىلەر؟

— تاشقى ئوغرىدىن ساقلىنىش ئۈچۈن! — دەپ جاۋاب بېرىپتۇ بىرى.

— بۇ تامنى ئېگىزلەتسەڭلار تاشقى ئوغرىدىنغۇ ساقلانغىلى بولار، ئەمما ئىچكى ئوغرىدىن ساقلانغىلى بولارمۇ؟ — دەپ سوراپتۇ يەنە ئەپەندىم.

(ئۆزبېك)

# پارچە نانلارنى قادىتىۋېلىش

مەھەللىدە يىخسىق بىر باي بار ئىكەن. ئۆيىگە كەلگەنلىكى مېھمانغا قورۇپ تاشتەك قېتىپ كەتكەن نانلارنى قويىدىكەن، مېھمانلار ئۇنى سۇندۇرالماي يې-مەيلا قويىدىكەن.

بىر قېتىم، مېھمانلار كەتكەندىن كېيىن، ئۆي خىزمەتچىسى پەتنۇستىكى ئۇشتۇلمىغان قاتتىق نانلارنى يىغىشتۇرۇپ ئاچىقىپ كەتمەكچى بولۇپ، ئەمدىلا بو-سۇغىغا كەلگەندە پۇتلىشىپ يىقىلىپ چۈشۈپتۇ، پەت-نۇستىكى نانلار يەرگە چۈشۈپ پارچە - پارچە بولۇپ كېتىپتۇ. باي بۇنى كۆرۈپ، ئاچچىقىدا ھوشىدىن كەت-كىلى تاس قاپتۇ.

ئەپەندىم بۇنى كۆرگەندىن كېيىن، پارچە - پارچە بولۇپ كەتكەن نانلارنى يىغىشتۇرۇپ بايىنىڭ ئال-دىغا ئەكېلىپ:

— تەقسىر، كۆڭلىڭىزنى يېرىم قىلماڭ، بۇنىڭ ئىشى ئاسان، بازاردا چىنە - قاچا قادايدىغان قاداقچى بار، شۇنىڭ قېشىغا ئېلىپ بارسىڭىز، بۇ پارچە نانلار-نى قاداپ پۇتۇن قىلىپ بېرىدۇ، خالاس! — دەپتۇ.

(ئۇيغۇر)

# ئۆچكە مۈڭگۈزى

بىر مەككار سودىگەر ئەپەندىمدىن تىخىمۇ ياخشى-راق پايدىلىنىشنى كۆزدە تۇتۇپ، ئۆمسە بىر خىل ئۆچ-كە مۈڭگۈزىنى سوۋغات قىلىپ ئەكەپتۇ.

— ئاز بولسىمۇ قوبۇل قىلغايسىز! — دەپتۇ ئۇ.

ئەپەندىم ناھايىتى تەكەللۇپ بىلەن «رەھمەت» دەپ، بۇ ئۆمسە مۈڭگۈزنى يەرگە تاشلىۋېتىپتۇ.

— ئەپەندىم، نېمىشقا تاشلىۋېتىسىز ئۇنى؟ — دەپ سوراپتۇ مەككار سودىگەر خاپا بولۇپ.

— مەن بۇ كىچىككىنە ئۆچكە مۈڭگۈزى ئۈچۈن ئەمەس، ھېلىقى يېتىپ كەتكەن بىر پۈتۈن ئۆچكەم ئۈچۈن، — دەپتۇ ئەپەندىم.

(تۈرك)

# پاراڭلاشقاندا

ئەپەندىم يايما يېيىپ ھەسەل ساتقان كۆنلىرىدە، پىخسىق بىر سودىگەر ئەپەندىمنىڭ كۆزىنى بويىماقچى بوپتۇ. ئۇ: «ھەسەل تارتىپ بېرىڭ» دەپ بىر چىنىنى سۇنۇپتۇ. ئەپەندىم چىنىگە ھەسەلنى ئۇسۇپ، تارتىمدا تارتىۋاتقاندا، سودىگەر ئەپەندىمنى گەپكە تۇتۇپ پاراڭلاشقىلى تۇرۇپتۇ. ئەپەندىم ھەسەلنى تارتىپ بولغاندىن كېيىن، سودىگەر ھەسەلنىڭ پۇلىنى بەرمەي يولغا مېڭىپتۇ.

— ھەي، ھەسەلنىڭ پۇلىنى بەرمىدىڭىز؟ — دەپ چاقىرىپتۇ ئەپەندىم.

— ھېلى پاراڭلاشقاندا پۇلنى بەرگەندەك ئېسىمدە بارغۇ.

ئەپەندىم ئۇنىڭ قولىدىكى چىنىنى ئېلىۋېلىپ، چىنىدىكى ھەسەلنى تۇڭغا قۇيۇۋېتىپتۇ، ئارقىدىن چىنىدىكى ھەسەل يۇقىلىرىنى تىلى بىلەن يالىۋېلىپ، قۇرۇق چىنىنى قايتۇرۇپ بېرىپتۇ:

— ھېلى پاراڭلاشقاندا، ھەسەل يېگەنلىكىڭىزدەك ئېسىمدە بارغۇ مېنىڭمۇ.

(ئۇيغۇر)

# كاللىسىغا ئەقىل تولۇپ كەتكەن

بىر كىشى ئەپەندىمگە پادىشاھنى ماختاپ بېرىپ دەپتۇ:

— پادىشاھىمىز ئاجايىپ ئەقىللىق، كاللىسىنىڭ ھەممىسىگە ئەقىل تولۇپ كەتكەن!

— دېگىنىڭىز بەك توغرا، پادىشاھىمىز ئەقلىنى بەك ئاز ئىشلەتتىدۇ، شۇڭا كاللىسىغا ئەقىل تولۇپ كەتكەن، بۇ ئەجەبلەنگۈدەك ئىش ئەمەس، — دەپتۇ ئەپەندىم.

(ئۆزبېك)

# ئۇخلىۋېلىپ كەلدىم

بىر كۈنى ئەپەندىم يات بىر يېزىغا كېلىپ قاپتۇ. ئەپەندىم كىمنىڭ ئۆيىگە كىرىشنى بىلمەي، ئۇزاق ئويىلاپ، ئاۋۋال مۇشۇ يېزىنىڭ ئىمامىنىڭ ئۆيىگە كىرەي دېگەن قارارغا كەپتۇ. شۇنىڭ بىلەن ئىمامىنىڭ ئىشىكىنى قېقىپتۇ.

ئىمام ئەپەندىمنى ئۆيىگە باشلاپ كىرىپ، بىرھازادىن كېيىن ئاندىن سوراپتۇ:

— ئەپەندىم، سىز قاياقتىن كېلىۋاتىسىز؟ قورسىقىڭىز ئاچمۇ ياكى ئۇيقۇسىزمۇ؟

ئەپەندىم ئىمامىنىڭ گېپىدىن دەرھال ئۇنىڭ پىخسىق بىر ئادەم ئىكەنلىكىنى بايقاپ، شۇنداق جاۋاب بېرىپتۇ:

— ئىمام ئاخۇنۇم، مەن بۇ يەرگە كېلىش ئالدىدا تازا مەززىلىك ئۇخلىۋالغانىدىم.

(تۈرك)

# ھەقنىڭ يېرىمى

ئەپەندىم پادىشاھقا بىر خۇش خەۋەر ئەكەپتۇ، بى-
راق پادىشاھ بىلەن كۆرۈشەلمەپتۇ. بىر مۇنچە
ئەگرى - توقايلىقلاردىن كېيىن ئاندىن پادىشاھ بىلەن
كۆرۈشۈشكە مۇيەسسەر بوپتۇ.

پادىشاھ ئەپەندىمنىڭ ئەكەلگەن خۇش خەۋىرىنى
ئاڭلاپ خۇشال بولۇپ، ئەپەندىمدىن سوراپتۇ:

— ئەپەندىم، بۇنىڭ ئۈچۈن قانداق ھەق ئېلىشنى
تاللىدىڭىز؟

— ئەللىك دەررىنى تاللىدىم، — دەپتۇ ئەپەندىم.

پادىشاھ ھەرقانچە ئويلاپمۇ بۇ گەپنىڭ تېگىگە يې-
تەلمەي، دەررىچىلەرگە ئەپەندىمنى ئەللىك دەررە ئۇ-
رۇشنى بۇيرۇپتۇ. يىگىرمە بەش دەررە بولغاندا، ئەپەن-
دىم ۋارقىراپ:

— توختاڭلار! قالغان يىگىرمە بەش دەررىنى مې-
نىڭ ھەمراھىمغا بېرىڭلار! — دەپتۇ.

— ھەمراھىڭىز كىم؟ — دەپ سوراپتۇ پادىشاھ.

— مەن سىز بىلەن كۆرۈشكىلى كەلگەندە، سىز-
نىڭ نۆكىرىڭىز مېنى ئىشىكتىن كىرگۈزمىدى، ئۇ
مەندىن ئالغان ھەققىمنىڭ يېرىمىنى بېرىشكە قەسەم
ئېلىپ ئاندىن كىرگۈزدى.

(ئافغان)

## پۇل ۋە ئابرۇي

ئەپەندىم بىر سودىگەر بىلەن پۇل توغرىسىدا تاكاللىشىپ قاپتۇ.

— ئەپەندىم، سىزنى ئادەم دېگىلى بولامدۇ؟ ئەتىدىن كەچكىچە پۇل، پۇل، پۇللا دەيسىز، مەن ھەرگىز پۇل ئۈچۈن كىشىلەر بىلەن جېدەللىشىپ يۈرمەيمەن، ماڭا ئابرۇي كېرەك، پۇل كېرەك ئەمەس! — دەپتۇ سودىگەر ئەپەندىمگە.

— دېگىنىڭىز ئىنتايىن توغرا، ھەر كىشىنىڭ ئۆزىگە تۇشلۇق ئېھتىياجى بولىدۇ، ماڭا كېرىكى پۇل، سىزگە كېرىكى ئابرۇي، — دەپ جاۋاب بېرىپتۇ ئەپەندىم.

(ئۇيغۇر)

# يارلىقىڭىزنى يېزىۋاتىمەن

ئەپەندىم بىر تارىخنامە يېزىۋاتقانىكەن. بىر كۈنى پادىشاھ ئۇنى چاقىرتىپ يولىۋرۇق كۆرسەتمەكچى بوپتۇ.

— ئەپەندىم، سىز يېزىۋاتقان تارىخنامىگە ماڭا دائىر ھېچقانداق ئىشنى كىرگۈزمەڭ.

ئەپەندىم بۇ سۆزنى ئاڭلاپ، دەرھال قەلىمىنى ئېلىپ يېزىۋالغىلى تۇرۇپتۇ.

پادىشاھ ئەجەبلىنىپ:

— نېمە يېزىۋاتىسىز؟ — دەپ سوراپتۇ.

— پادىشاھىئالەم، مەن جانابىڭىزنىڭ ھېلىقى يارلىقىنى يېزىۋاتىمەن! — دەپتۇ ئەپەندىم.

(ئۇيغۇر)

# ئۆزۈمنى بېلىقمىكىن دەپتىمەن

بىر كۈنى ئەپەندىمنىڭ ئاغىنىلىرى ئۇنىڭغا: «بې-
لىق تۇتۇپ كېلەيلى!» دەپتۇ. ئەپەندىم يۈز كېلەلمەي
بىللە بېرىپتۇ. راستىنى ئېيتقاندا، ئەپەندىم بېلىق
تۇتۇشنى ياخشى كۆرمەيدىكەن، چۈنكى ئۇ بىر جانغا
زامىن بولىدىغان ئىش - دە!

كۆل بويىغا بارغاندىن كېيىن، ئاغىنىلىرى
ئارقا - ئارقىدىن بېلىق تۇتۇشقا باشلاپتۇ. بەزىلىرى
قارماقتا، بەزىلىرى قول بىلەن تۇتقىلى تۇرۇپتۇ. تو-
ساتتىن بىر ئاغىنىسى يوغانلا بىر بېلىقنى تۇتۇۋاپتۇ،
ئەپەندىم بۇ بېلىققا ناھايىتى ئىچ ئاغرىتىپتۇ، ئەپەندىم
شۇ ئالدىراشچىلىقتا ئۆزىنى «پولتۇڭگىدە» كۆلگە تاش-
لاپتىكەن، ئاغىنىسىنىڭ قولىدىكى بېلىق سۇغا چۈشۈپ
كېتىپتۇ - دە، قېچىپ كېتىپتۇ.

— ئەپەندىم، بۇ نېمە قىلغىنىڭىز؟ — دەپتۇ ئاغى-
نىلىرى ئەجەبلىنىپ.

— ھېچنېمە، مەن ئۆزۈمنى بېلىقمىكىن دەپتى-
مەن، — دەپتۇ ئەپەندىم سۇنىڭ ئىچىدىن بېشىنى
چىقىرىپ.

(تۈرك)

## قۇيرۇق يەلپۈگۈچ

پادىشاھ قىزىقچىلىق قىلىپ ئەپەندىمدىن سوراپتۇ:

— ئەپەندىم، سىز لەتىپە - چاقچاقتىن باشقا، يەنە نېمە قىلىشنى بىلىسىز؟

— مەن قىلالايدىغان ئىشلارنى سىز قىلالماسلىقىڭىز مۇمكىن. سىزنىڭ نېمە قىلالايدىغانلىقىڭىزنى بىر ئاڭلاپ باقسام دەيمەن، دەپ بەرسىڭىز قانداق؟ — دەپ ياندۇرۇپ سوراپتۇ ئەپەندىم.

— بۇنى سىز تېخى بىلمەمسىز؟ — دەپ سۆزلەشكە باشلاپتۇ پادىشاھ مەغرۇرلىنىپ، — پۈتۈن دۆلەتنىڭ ئالتۇن - كۈمۈش، دۇنيا - دەپىنىلىرىنىڭ ھەممىسى ماڭا قارايدۇ، مەندە پۈتمەس - تۈگىمەس بايلىق دېسە بار، جىمىكى راھەت - پاراغەت مېنىڭكى، چوڭ - كىچىك قىرىق خوتۇنۇم بار، يەنە پەرىزاتتەك سەكسەن كېنىزەكىم بار، ئۇلار ماڭا كېچە - كۈندۈز خىزمەت قىلىدۇ، ھاۋا ئىسسىغاندا ئۇلار...

پادىشاھ سۆزلەپ مۇشۇ يەرگە كەلگەندە، ئەپەندىم بىردىنلا ئۇنىڭ سۆزىنى بۆلۈۋېتىپ:

— ئۇلار يەلپۈگۈچ بىلەن سىزنى يەلپۈپ تۇرىدۇ، شۇنداقمۇ؟ — دەپتۇ.
— توغرا، دەل جايىنى ئېيتتىڭىز! — دەپتۇ پادىشاھ.
— سىزنى يەلپۈگەن يەلپۈگۈچلەرنى مېنىڭ ئېشەكىمنىڭ قۇيرۇقىدىن ياسىغان، — دەپتۇ ئەپەندىم.

(تۈرك)



# ئېشەكنىڭ ئەقلى

بىر كۈنى ئىمام ئەپەندىمنى چاقىرىپ كېلىپ:

— ئەپەندىم، مەزىنىنىڭ ئېيتىشىچە، سىز ئېشەك تەربىيىلەشكە ئۇستا ئىكەنسىز. مەن سىزنى مېنىڭ ھېلىقى ياخشى كۆرىدىغان ئېشىكىمگە ئۇستازلىقا تەكلىپ قىلىمەن. ئەگەر ئۇنى ئوبدان ئوقۇتۇپ خەت - ساۋاتىنى چىقىرىپ قويسىڭىز سىزگە چوقۇم يۇقىرى ھەق بېرىمەن، — دەپتۇ.

— چاتاق يوق، بىراق، سىزگە شۇنى ئەسكەرتىپ قويايكى، بىر كۈنى مەن مەزىنىنىڭ ئاشۇ ئېشىكىڭىزنى يېتىلەپ كېلىۋاتقىنىنى كۆرۈپ قالدىم. قارىسام، ئۇ ئېشىكىڭىز مەزىندىن، ھەتتا سىزدىنمۇ ئەقىللىقتەك كۆرۈندۇ. ئەگەر مەن ئۇنىڭ خەت - ساۋاتىنى چىقىرىپ قويسام، ئەقلى سىزنىڭكىدىن ئېشىپ - تېشىپ كەتسە قانداق قىلىسىز، مەن راستتىنلا ئەنسىرەيمەن… ، — دەپتۇ ئەپەندىم.

(ئۆزبېك)

## ئاتنىڭ ئۇستىدە

دائىم ئات مىنىپ ئۆزىنى ماختاپ يۈرىدىغان بىرى ئەپەندىمنى مازاق قىلماقچى بوپتۇ.

بىر كۈنى ئۇ ئېگىز ئارغىمىقىنى مىنىپ كېلىپ ئەپەندىمدىن سوراپتۇ:

— ئەپەندىم، شۇ تاپتا ئېشىكىڭىز نەدە؟

— شۇ تاپتا ئېشىكىم ئاتنىڭ ئۈستىدە، — دەپ جاۋاب بېرىپتۇ ئەپەندىم.

(قازاق)

## نەق پاكىت

ئەپەندىمنىڭ ئېشىكىنى ئوغرى ئاپتۇ. ئۇ مەھەللىدىكى پالانچىنىڭ قىلغان ئىشى دەپ گۇمان قىلىدىكەن، ئەپەندىم قازىغا ئەرز قىپتۇ. قازى:
— ئەپەندىم، ئۆز كۆزىڭىز بىلەن كۆرمەپسىز، يا ئۆز قولىڭىز بىلەن تۇتۇۋالماپسىز، نەق پاكىتىڭىز يوق ئىكەن، قازىخانىمىز سورىمايدۇ، — دەپتۇ ـ دە، ئەپەندىمنى قوغلاپ چىقىرىپتۇ.
بىرنەچچە كۈن ئۆتكەندىن كېيىن، ئەپەندىم ئىنىس ـ جىنغا تۇيدۇرماستىن قازىنىڭ ئېگىز ئارغىمىقىنى بازارغا مىنىپ بېرىپ سېتىۋېتىپتۇ.
قازى ئەپەندىمدىن گۇمان قىلىپ، ئۇنى چاقىرتىپ كېلىپ سوراق قىپتۇ:
— ئەپەندىم، سىز ئېتىمنى ئوغرىلاپ كېتىپسىز، گۇناھىڭىزنى بىلەمسىز؟
— تەقسىر، سەۋر قىلىڭ، سىز دائىم نەق پاكىت بولۇش كېرەك دەيسىز، ئېتىڭىزنى ئوغرىلاپ كەتكىنىمنى ئۆز كۆزىڭىز بىلەن كۆردىڭىزمۇ؟ ئۆز قولىڭىز بىلەن تۇتۇۋالدىڭىزمۇ؟ ياكى گۇۋاھچىڭىز بارمۇ؟
قازىنىڭ ئاغزى تۇۋاقلىنىپ، ئەپەندىمنى قويۇپ بېرىپتۇ.

(قازاق)

# ئۇمۇ پادىشاھ بولالايتتى

پادىشاھ ئەپەندىمنىڭ يارغۇنچاقتىكى ئېشىكىگە ئىككى قوڭغۇراقنى ئېسىپ قويغانلىقىنى كۆرۈپ سوراپتۇ:

— ئەپەندىم، نېمىشقا ئېشىكىڭىزنىڭ بوينىغا بۇنچىۋالا يوغان قوڭغۇراقنى ئېسىپ قويىسىز، ئېشىكىڭىز هارمامدۇ؟

— تەقسىر، بەزىدە ئۇخلاپ قالىمەن، هايۋان دېگەنمۇ هورۇنلۇق قىلىپ توختىۋالىدىكەن، ئۇ توختىۋالسا قوڭغۇراق جىرىڭلىمايدۇ، بۇ چاغدا ئويغىنىپ قوپۇپ بۇ هارىمىنى قاتتىق بىر قامچىلاپ قويىمەن، — دەپتۇ ئەپەندىم.

— ئەگەر بۇ هايۋان ئورنىدىن قىمىرلىماي، بېشىنى پۇلاڭشىتىپ تۇرىۋەرسىمۇ، خاتىرجەم ئۇخلاۋېرەمسىز؟ — دەپ سوراپتۇ يەنە پادىشاھ.

— ۋاي پادىشاھىئالەم، ئەگەر بۇ هايۋاننىڭ سىزنىڭكىدەك مۇشۇنچىلىك ئەقلى بولغان بولسا، ئۇمۇ پادىشاھ بولالايتتى - دە! — دەپتۇ ئەپەندىم.

**(ئۇيغۇر)**

# بىر تاۋاق تۇپا

ئەپەندىم ئىمام، قازى، مەزىن ۋە باشقا بىرمۇنچە كىشىلەرنى ئۆيىگە چاقىرىپ، گۆش قورۇمىسى سېلىنغان لەگمەن ئېتىپ كۈتۈۋاپتۇ. ئىمام بۇ مەززىلىك ئاشتىن ئىككى تاۋاقنى يەۋېتىپ يەنە يېگۈسى كەپتۇ، ئەمما ئاغزىنى ئېچىشقا پېتىنالماي، بېشىنى گىملدىتىپ ماختىغىلى تۇرۇپتۇ:

— خېنىمىنىڭ قولى ئەجەبمۇ ئۇز ئىكەن، لەگمەننىڭ ئۇنى خۇددى خېنىمىنىڭ چېچىدەك ئىنچىكە چىقىپتۇ، قورۇمىسى خۇددى خېنىمىنىڭ مەڭزىدەك چىرايلىق بوپتۇ، ھەي - ھەي!

— تەقسىر، بەك ئاشۇرۇۋەتتىڭىز، يەنە بىر تاۋاق ئەكىرەي! — دەپتۇ ئەپەندىم.

— ياخشى، بولىدۇ، تۇزۇت قىلمىدىم ئەمىسە. ياخشى ئاش ئېشىپ قالغۇچە، يامان قورساق يېرىلىپ كەتسۇن، دەپتىكەن، — دەپتۇ ئىمام.

شۇنداق قىلىپ، ئەپەندىم بىر قۇرۇق تاۋاققا تۇپا سېلىپ ئىمامنىڭ ئالدىغا قويۇپتۇ، ئاندىن:

— بەھۇزۇر يېقىڭ، ئىمام ئاخۇنۇم، — دەپتۇ.

— ئەپەندىم، بۇ نېمە ئىش؟ — دەپتۇ ئىمام چۈشىنەلمەي.

— تەقسىر، ئېسىمگە بىرنەچچە كۈننىڭ ئالدىدا قۇرئاندىن تەپسىر قىلىپ بەرگەندە ئېيتقان بىر ئېغىز سۆزىڭىز كېلىپ قالدى، — دەپتۇ ئەپەندىم.

— قايسى سۆز ئىدى؟ — دەپ سوراپتۇ ئىمام.

— «ئاچ كۆزنىڭ نەپسى تۇپراقتا كىرگەندە قاندۇ»، — دەپتۇ ئەپەندىم.

(ئۇيغۇر)



# شۇملۇق

بىر كۈنى پادىشاھنىڭ ئىچى پۇشۇپ، ئۇۋغا چىقىپ كۆڭلىنى ئېچىپ كەلمەكچى بوپتۇ. ئوردىدىن ئايرىلىپ يولغا چىقاي دەپ تۇرۇشىغا، ئەپەندىم كۆرۈشكىلى كېلىپ قاپتۇ.

— نۆكەرلەر، بۇ شۇم ياۋۇزنى قامچا بىلەن ئۇرۇپ ھەيدىۋېتىڭلار! — دەپتۇ پادىشاھ نۆكەرلىرىگە ۋارقىراپ، — ئۇۋغا چىقىش ئالدىدا ئۇنىڭ بىلەن كۆرۈشۈش ياخشىلىقنىڭ ئالامىتى ئەمەس!

نۆكەرلەر پادىشاھنىڭ بۇيرۇقىنى ئورۇنداپتۇ. بىراق، بۇ كۈنى ئوۋ ناھايىتى ئوڭۇشلۇق بوپتۇ، پادىشاھ رازى بولۇپ قايتىپتۇ. پادىشاھ كېيىن ئەپەندىمنى چاقىرتىپ كېلىپ:

— ئەپۇ قىلىڭ، ئەپەندىم، سىزنى شۇملۇقنىڭ ئالامىتى دەپ ئويلاپتىكەنمەن، ئەمەلىيەت ئۇنداق ئەمەس ئىكەنلىكىنى كۆرسەتتى، — دەپتۇ.

— ئەسلىدە سىز مېنى يامانلىقنىڭ ئالامىتى دەپ بىلىپتىكەنسىز! — دەپتۇ ئەپەندىم، — سىز مېنى كۆرۈش بىلەن بىر تالاي ئوۋ غەنىيمەتلىرىگە ئىگە بولۇپسىز، مەن بولسام، سىزنى كۆرۈش بىلەن قامچا يېدىم. زادى كىم كىمگە شۇملۇق قىپتۇ؟

(ئافغان)

# ئېتىم پارا

بىر كۈنى ئەپەندىم ئەرز قىلىپ قازى قېشىغا كەپتۇ.

— ئېتىڭ نېمە؟ — دەپ سوراپتۇ قازى.

— ئېتىم پارا، — دەپ جاۋاب بېرىپتۇ ئەپەندىم.

— نەدە بۇنداق ئات بار؟ — دەپتۇ قازى كۈلۈپ.

— ئاڭلىشىمچە، سىزنى پارىنى ياخشى كۆرىدۇ دەيدۇ، شۇڭا ئېتىمنى پارىغا يۆتكىۋەتتىم، — دەپتۇ ئەپەندىم.

(قازاق)

# «ئەخمەقلەر خاتىرىسى»

ئەپەندىم «ئەخمەقلەر خاتىرىسى» دېگەن بىر كىتابنى يېزىپ، بارلىق ئەخمەقلەرنى ۋە ئۇلارنىڭ ئەخمەقلىقلىرىنى يېزىپ ئىچىگە كىرگۈزۈپتۇ.

پادىشاھ بۇنى ئاڭلاپ ئەپەندىمدىن سوراپتۇ:

— ئەپەندىم، «ئەخمەقلەر خاتىرىسى»گە مېنىڭ نامىمنى يازمىغانسىز؟

— ئىززەتلىك پادىشاھىم، مۇبارەك نامىڭىز ئەلۋەتتە ھەممىسىنىڭ بېشىدا، — دەپ جاۋاب بېرىپتۇ ئەپەندىم ئىكرام بىلەن.


— قايسى ئەخمەقلىقىم ئۈچۈن نامىمنى يازدىڭىز؟ — دەپ سوراپتۇ پادىشاھ ھەيران قېلىپ.

— ئىززەتلىك پادىشاھىم، ئۇنتۇپ قالدىڭىزمۇ، ئۆتكەن يىلى بىر ئالدامچى كېلىپ سىزگە مىنىدىغان ئىككى تورۇق ئارغىماق سوۋغات قىلىپ ئەكېلىپ بېرىدىمەن دېسە، سۆزىگە ئىشىنىپ، ئۇنىڭغا يۈز تىللا بەردىڭىز، بۇنىڭدىنمۇ ئارتۇق ئەخمەقلىق بولامدۇ؟ — دەپتۇ ئەپەندىم ئەسكەرتىپ.

— راست، ئۇ ئالدامچى يا ئاتنى ئەكېلىپ بېرىدۇ، يا تىللانى قايتۇرۇپ بېرىشى كېرەك - دە! —

دەپتۇ پادىشاھ يادىغا ئېلىپ.
— توغرا، ئەگەر ئۇ ئالدامچى بۇنىڭ بىرىنى ئو-
رۇندىيالىسا، مەن شۇئان سىزنىڭ نامىڭىزنى «ئەخمەق-
لەر خاتىرىسى»دىن ئۆچۈرۈپ تاشلايمەن، — دەپتۇ
ئەپەندىم.

(ئۇيغۇر)



# قىش تەييارلىقى

قىش كېلىپ قاپتۇ، بىرى ئەپەندىمدىن:
— قارىغاندا بۇ يىل قىش قاتتىق سوغۇق بولىدى-غاندەك تۇرىدۇ، قىشنىڭ تەييارلىقىنى قىلدىڭىزمۇ، ئەپەندىم؟ — دەپ سوراپتۇ.
— نېمە تەييارلىق قىلاتتىم، تىترەشنىڭ تەييارلى-قىنى قىلىسىپ قويدۇم، — دەپتۇ ئەپەندىم ئاچچىق كۈلۈپ.

(ئىران)

# راھەتلىنىش

بىر كۈنى بىر ھۆرۈن ئەپەندىمنى تۇسۇۋېلىپ: «مەن ئۈچۈن بىر دۇئا قىلىپ قويسىڭىز!» دەپ تۇرۇۋاپتۇ.

ئەپەندىم قولىنى دۇئاغا ئېگىز كۆتۈرۈپ:

— قادىر ئاللا ئىگەم، مۇشۇ ھۆرۈننىڭ بەدىنىنى قىچىشقاق قىلىۋەتكەيسەن! — دەپ تىلەپتۇ.

— ئەپەندىم، بەدىنىمنى قىچىشقاق قىلىۋەتكەننىڭ نېمە پايدىسى بار؟ — دەپ سوراپتۇ ھۆرۈن ئەجەبلىنىپ.

— بۇنداقتا سەن ھەر كۈنى بەدىنىڭنى تاتىلاپ راھەتلىنەمسەن؟ — دەپتۇ ئەپەندىم كۈلۈپ.

(ئۇيغۇر)

# ئۆلگەن ئادەم قانداقسىغا ئادەم قۇتقۇزىدۇ

بىر كۈنى ئەپەندىم بىر بەگ بىلەن زىياپەتكە قاتنىشىپتۇ. بەگ ئەپەندىمنى «ئاۋۇنى ئېلىپ بېرىڭ، ماۋۇنى ئېلىپ بېرىڭ!» دەپ بۇيرۇپتۇ، ئەمما تاماق ئۈستىدە ئەپەندىمنى ئوبدان يېقىڭ دېمەپتۇ. زىياپەت تۈگىگەندىن كېيىن، ئەپەندىم بەگكە:

— بېگىم، سىزگە خىزمەت قىلىمەن دەپ تاماقنىمۇ ئوبدان يېيەلمىدىم، — دەپتۇ.

— مېنىڭ ئوبدان يېگىنىم سېنىڭ ئوبدان يېگىنىڭگە ئوخشاش، تېز ماڭ! — دەپ بەگ ئالدىدا مېڭىپتۇ.

ئۇلار بىر يالغۇز ئاياغ كۆۋرۈكتىن ئۆتكەندە، بەگ «پولتۇڭگىدە» سۇغا چۈشۈپ كېتىپتۇ. ئىتتىك ئېقىۋاتقان ئۆستەڭ سۈيى بەگنى ئېقىتىپ كېتىپتۇ. قورقۇپ جان - پېنى چىقىپ كەتكەن بەگ ۋارقىراپ:

— ۋايجان، ئەپەندىم، مېنى قۇتقۇزۇۋېلىڭ! — دەپتۇ.

— بېگىم، ئۆلگىنىڭىز مېنىڭ ئۆلگىنىمگە ئوخشاش، ئۆلگەن ئادەم قانداقسىغا ئادەم قۇتقۇزىدۇ؟ — دەپتۇ ئەپەندىم.

(ئۇيغۇر)

# مانا مۇشۇنداق سۇندۇرۇۋەتكەن

ئەپەندىم بىر بەگكە چاكار بولۇپ ئىشلىگەن كۈنلىرىدە، بىر كۈنى ئاۋايلىماي بىر چىنىنى سۇندۇرۇپ قويۇپتۇ. بەگ بۇنى بىلگەندىن كېيىن، ئەپەندىمنى قاتتىق بىر تىللاپ:

— ئەپەندىم، سەن چىنىنى قانداق قىلىپ سۇندۇرۇۋەتتىڭ؟ — دەپ سوراق قىپتۇ.

ئەپەندىم قورققاندەك بىر قىياپەتتە شىرەنىڭ قېشىغا كېلىپ، شىرەنىڭ ئۈستىدىكى بىر چىنىنى جەينىكى بىلەن ئىتتىرىپ يەرگە چۈشۈرۈۋېتىپ سۇندۇرۇۋېتىپتۇ، ئارقىدىن:

— بېگىم، مانا مۇشۇنداق قىلىپ سۇندۇرۇۋەتكەن! — دەپتۇ.

بەگ تامدەك تاتىرىپ، گەپ قىلالماي قاپتۇ.

(ئۇيغۇر)

# ئۆچ ئەخمەق

بىر كۈنى ئەپەندىم ئېشىكىنى مىنىپ شەھەرگە كىرىپتۇ. ئۆچ بالا كۆۋرۈك بېشىدا پاراڭ سېلىشىپ ئولتۇرۇپتۇ. ئەپەندىم ئادىتى بويىچە ئۇلارغا «ئەسسالا-مۇئەلەيكۇم» دەپ سالام بېرىپتۇ – دە، كېتىپ قاپتۇ.

ئەپەندىم ئۆتۈپ كەتكەندىن كېيىن، ئۆچ بالىنىڭ بىرى: «ئۇ كىشى ماڭا سالام بەردى!» دېسە، يەنە بىرى: «ماڭا سالام بەردى» دەپ تالىشا – تالىشا، ئۆچى ئۇرۇشۇپ كېتىپتۇ. بۇ چاغدا يەنە بىر بوۋاي يولدىن ئۆتۈپ كېتىۋېتىپ، ئۇلارغا ئەپەندىمنى تېپىپ سوراڭ-لار دەپ نەسىھەت قىپتۇ.

ئۆچ بالا بەس – بەس بىلەن ئەپەندىمنى قوغلىشىپ بېرىپ، «زادى كىمگە سالام بەردىڭىز؟» دەپ ئاغ-زى – ئاغزىغا تەگمەي سوراپ كېتىپتۇ.

— باللار، — دەپتۇ ئەپەندىم كۈلۈپ كې-تىپ، — ئىچىڭلاردا قايسىڭلار بەكار نانچى ئەخمەق بولساڭلار، شۇنىڭغا سالام بەردىم.

(ئۇيغۇر)

# قارا ساقال بىلەن ئاق ساقال

بىر كۈنى ئەپەندىمنىڭ ساتىراشخانىسىغا بىر باي كىرىپ، ئەپەندىمنى تەڭقىسلىقتا سالماقچى بولۇپ:

— ئەپەندىم، سىز ساقىلىمنىڭ ئېقىنى ئىلغاپ چۈشۈرۈپ قويۇڭ! — دەپتۇ.

— بولىدۇ، ئولتۇرۇڭ! — دەپتۇ ئەپەندىم.

باي ئولتۇرغاندىن كېيىن، ئەپەندىم «شارت ـ شۇرتلا» باينىڭ ھەممە ساقىلىنى چۈشۈرۈۋېتىپ، باي-نىڭ قولىغا تۇتقۇزۇپ قويۇپتۇ ـ دە:

— تەقسىر، مەن بەك ئالدىراش، ئۆزىڭىز ئالدى-رىماي ئولتۇرۇپ قارا ساقىلىڭىزنىڭ ئىچىدىن ئېقىنى تاللىۋېلىڭ! — دەپتۇ.

**(ئۇيغۇر)**

# گۆشمۇ بەك ئاز بولۇپ قاپتۇ

ئەپەندىم بىر ئاشخانىدا ئاشپەز بولۇپ ئىشلەپتۇ. بىر كۈنى ئۇ بىر قازان شورپا ساپتۇ. ئۈچ خېرىدار كىرىپتۇ، ھەربىرىنىڭ ئالدىغا بىر چىنىدىن شورپا كەلتۈرۈپتۇ. شورپىنى بىر ئوتلىغاندىن كېيىن، ئۇلار-نىڭ بىرى ئەپەندىمنى چاقىرتىپ چىقىپ:

— ئۇستام، شورپىڭىزنىڭ تۇزى بەك كەمكەن، بىرئاز تۇز سېلىپ بېرىڭ! — دەپتۇ. ئۇنىڭ ئارقىسى-دىنلا يەنە بىرى قوپۇپ:

— پىيىزى بەك ئاز بولۇپ قاپتۇ. بىرئاز پىياز سېلىپ بېرىڭ! — دەپتۇ. ئۇنىڭ گېپى تۈگىمەيلا، ئۈچىنچىسى تۇرۇپ:

— قارىمۇچى تېتىماپتۇ، بىرئاز قارىمۇچ سېلىپ بېرىڭ! — دەپتۇ.

ئەپەندىم ئۇلارنىڭ شورپىسىغا قارىۋېتىپ، شورپى-دىن بىر قوشۇق تېتىپ بېقىپتۇ، ئاندىن:

— گۆشمۇ بەك ئاز بولۇپ قاپتۇ، يەنە بىرئاز گۆش قوشۇپ قويۇش كېرەك ئىكەن! — دەپتۇ.

(تۈرك)

## ئەپەندىم ۋە ئوغرى

كېچىسى بىر ئوغرى ئەپەندىمنىڭ ئۆيىگە ئاستاغىنە كىرىپ ئەمدىلا ساندۇقنى ئاچاي دەپ تۇرۇشىغا، ئەپەندىم تۇساتتىن قاقاقلاپ كۈلۈپ كېتىپتۇ.

— نېمە كۈلىسەن؟ — دەپتۇ چۆچۈپ كەتكەن ئوغرى.

— ئاغىنە، — دەپتۇ ئەپەندىم، — مەن كۈندۈزىمۇ بىر ياماق تاپالمايدىغان ساندۇقتىن كېچىسى قانداق پۇل تاپالايتتىڭ؟

(ئۇيغۇر)

# چاشقان مۇشۇككه يولۇققاندەك

بىر كىشى ئەپەندىمدىن سوراپتۇ:

— ئەپەندىم، كەمبەغەل تۇغقىنىڭىز بارمۇ؟

— ئەلۋەتتە بار - دە، بىراق ئۇلارنى كۆرگۈم كەلمەيدۇ، — دەپتۇ ئەپەندىم.

— ئەپەندىم، ئۇنداق بولسا باي تۇغقىنىڭىز بارمۇ؟

— ئەلۋەتتە بار - دە، بىراق ئۇلار مېنى كۆرگەندە خۇددى چاشقان مۇشۇككە يولۇققاندەك، يىراق يەردىن ئۆزىنى قاچۇرىدۇ، — دەپتۇ ئەپەندىم.

(ئۇيغۇر)

# ئىلھام ۋە ھۆرۈن

بىر يىگىت كۆلكىلىك گەپلەرنى قىلىشنى ياخشى كۆرىدىكەن، ئەمما زادىلا قاملاشتۇرالمايدىكەن، شۇڭا ئۆزىدە ئىلھام يوقلۇقىدىن ئۆكۈنىدىكەن.

بىر كۈنى يىگىت كوچىدا كېتىۋېتىپ ئەپەندىمگە ئۇچرىشىپ قاپتۇ. ئۇ ئەپەندىمنىڭ قېشىغا خۇشال بولۇپ يۈگۈرۈپ بېرىپ پاراڭلىشىپ كېتىپتۇ.

— ئاڭلىشىمچە، سىزنى ئىلھامغا بەك باي دەيدۇ، مەن نېمىشقا ھەرقانچە قىلىپمۇ ئىلھامغا ئېرىشەلمەيمەن؟ — دەپ سوراپتۇ يىگىت ئەپەندىمدىن.

— شۇنداقمۇ، بەلكىم ئىلھامنىڭ ھۆرۈن بىلەن ئاغىنە بولغۇسى كەلمىگەندۇر؟ — دەپ جاۋاب بېرىپتۇ ئەپەندىم.

(تۈرك)

# مۇشۇ ئات ئاپارسۇن

ئەپەندىم بىر بايغا مالاي بولۇپ ئىشلەپتۇ، ئەپەندىم نېمە ئىش قىلسا باي رازى بولمايدىكەن، ھەتتا دائىم تىللايدىكەن.

بىر كۈنى باي بىر يەرگە مېھماندارچىلىققا بارماقچى بولۇپ، ئەپەندىمنى مەپىنى جابدۇشقا بۇيرۇپتۇ. ئەپەندىم دەررۇ بېرىپ مەپىنى جابدۇشقا كىرىشىپتۇ. مەپىنى جابدۇپ بولمايلا، باي چىقىپ ئەپەندىمنى:

— ۋۇ سۆرەلمە پالاس، مۇشۇ ئاتچىلىك ھالىڭ يوق، ئاتمۇ سەندىن ياخشى! — دەپ تىللاپتۇ ۋە مەپىگە چىقىۋاپتۇ، — چاققان ماڭمامسەن!

— ئەپەندىم «خوپ» دەپ قامچا بىلەن ئاتنى بىرنى ساپتىكەن، ئات چۆچۈپ كېتىپ، بەدەر چېپىپتۇ.

— مانا مۇشۇ مەندىن ياخشى ئات سىزنى ئاپارسۇن! — دەپتۇ ئەپەندىم بايغا قاراپ.

(ئۇيغۇر)

# قازنخانا

يېزىدىن كەلگەن بىر يىگىت ئەپەندىمدىن:
— تەقسىر، قازنخانىغا قايسى يول بىلەن بارىدۇ؟ — دەپ سوراپتۇ.
— قازنخانىغا بارماق ناھايىتى ئاسان، سىز ئاۋۇ ئۈنچە - مەرۋايىت دۇكىنىغا بېرىپ، بىرنەچچە يۈرۈش مەرۋايىت ئېلىڭ، ئاندىن يېرىم سائەت ماڭسىڭىزلا قازنخانىنى تاپالايسىز، — دەپ ئېيتىپ بېرىپتۇ ئەپەندىم.

(تۈرك)

# قازىنىڭ ئەقلى

ئەپەندىم قازىنىڭ ئاتچىسى بولۇپ يۈرگەن كۈنلىرىدە، بىرى سوراپتۇ:

— ئەپەندىم، قازىنىڭ نېمىشقا بېشى كىچىك، قورسىقى يوغان؟

— شۇنىمۇ بىلمەمسىز؟ — دەپتۇ ئەپەندىم، — خوجايىنىم ئەزەلدىن يول ماڭمايدۇ، نېمە ئىش قىلسا ئات مىنىپ قىلىدۇ. شۇڭا، ئۇزاقتىن بۇيان ئات ئۈستىدە ئولتۇرۇپ چايقىلىۋەرگەچكە، كاللىسىدىكى ئەقىل چايقىلىپ قورسىقىغا چۈشۈپ كەتكەن.

**(ئۇيغۇر)**

# ئۇزۇل ـ كېسىل هاردۇق ئېلىش

تام تۇۋىدە ئولتۇرۇۋېرىپ زېرىكىپ كەتكەن بىر يالقاۋ بۇ يەردىن ئۆتۈپ كېتىۋاتقان ئەپەندىمگە:
— هەي ئەپەندىم، بۇ يەردە ئولتۇرسام، ئاپتاپ ئۆتۈپ يامان قىلىدىكەن، هېچ هاردۇق ئالالمايدىكەنمەن، زادى قانداق قىلسام بولىدۇ؟ — دەپتۇ.
— ئەگەر سەن ئۇزۇل ـ كېسىل هاردۇق ئالىمەن دېسەڭ، قاتتىق يامغۇر ياغقاندا قىمىرلىماي مۇشۇ تام تۇۋىدە ئولتۇر، ئەنە شۇ چاغدا ئۇزۇل ـ كېسىل هاردۇق ئالالايسەن، — دەپتۇ ئەپەندىم.

(ئۇيغۇر)

# كىم كېپىللىك قىلالايدۇ

ئۆزىنى بىلىملىك دەپ ئاتىۋالغان بىر كىشى قولىدىغا قېلىن بىر كىتابنى كۆتۈرۈۋېلىپ، ئەتراپىدىكىلەرگە:

— ئەگەر سىلەر بۇ كىتابنى ئوقۇپ چىقساڭلار چوقۇم ماڭا ئوخشاش ناھايىتى كۆپ نەرسىلەرنى بىلىۋالىدىغانلىقىڭلارغا كېپىللىك قىلالايمەن، — دەپتۇ.

— خوش، بۇ كىتابنى ئوقۇپ چىققانلىقىڭىزغا كىم كېپىللىك قىلالايدۇ؟ — دەپ سوراپتۇ ئەپەندىم.

(تۈرك)

# تاماقنى قانداق ۋاقىتتا يېسەم مۇۋاپىق بولىدۇ

بىر كۈنى بىر كىشى ئەپەندىمدىن سوراپتۇ:
— ئەپەندىم، تاماقنى قانداق ۋاقىتتا يېسەم مۇۋاپىق بولىدۇ؟
— ئەگەر ياخشىسى باينىڭ قورسىقى ئاچقاندا، كەمبەغەلنىڭ يەيدىغان نەرسىسى بولغاندا، — دەپ جاۋاب بېرىپتۇ ئەپەندىم.

(ئىران)

# بولقا بىلەن قەلەم

ئەپەندىم بىر قېتىم قازىنىڭ ناھەق ھۆكۈمىگە ئۇچراپ كېتىپتۇ. قازى ھۆكۈمنى قىلىپ بولغاندىن كېيىن، قولىدىكى قەلىمنى تۇيۇقسىز يەرگە چۇشۇپ كېتىپتۇ.

— قازى ئاخۇنۇم، بولقىڭىزنى تېرىۋېلىڭ، — دەپتۇ ئەپەندىم.

— ھاي ئەخمەق، بولقا بىلەن قەلەمنى ئايرىيالمامسەن؟ — دەپتۇ قازى.

— مەن ئۇنىڭ قەلەم ئىكەنلىكىنى بىلىمەن، بىراق سىز ئۇنىڭ بىلەن مېنىڭ ئائىلەمنى ۋەيران قىلدىڭىز! — دەپتۇ ئەپەندىم.

(ئىران)

# ئادەم نېمىشقا ئەسنەيدۇ

ئەپەندىم بىرىنىڭ ئۆيىدە مېھمان بوپتۇ. قالغان مېھمانلار ئەپەندىمنى چۆرىدەپ، تاغدىن - باغدىن پاراڭ سېلىشىپ، ئەتىگەندىن چۈشكىچە، چۈشتىن كېيىن يەنە ئاخشامغىچە ئولتۇرۇپتۇ. ھېچكىم يا بىر قاچا ئاش، يا بىر چىنە سۇ ئەكەلمەپتۇ، بىرى ئەپەندىمدىن سوراپتۇ:

— ئەپەندىم، ئادەم نېمىشقا ئەسنەيدۇ؟

ئەپەندىم بۇ سوئالنى ئاڭلاپ، باشقىدىن روھلىنىپ، قەستەن ئۇزۇن بىر ئەسنەپ:

— ئادەم بىر بولسا ئاچلىقتىن، بىر بولسا ئۇيقۇسىزلىقتىن ئەسنەيدۇ، — دەپ جاۋاب بېرىپتۇ. ئارقىدىن يەنە ئۇزۇن بىر ئەسنەپ، — مېنىڭ ئەسنىشىم ئىشقىلىپ ئۇيقۇسىزلىقتىن ئەمەس، — دەپ قوشۇپ قويۇپتۇ.

(تۈرك)

# نەدە ئىش بولسا شۇ يەرگە

ئەپەندىم ئوردىدىكى خىزمىتىدىن بوشىتىلىپتۇ، شۇنىڭ بىلەن ئەپەندىم ئىشسىز قاپتۇ.

ئىشسىز قالغان ئەپەندىم بىر كۈنى تام تۈۋىدە ئاپ-تاپسىنىپ ئولتۇرسا، قوشنىسى چىقىپ سوراپتۇ:

— ئەپەندىم، سىز ئۆلسىڭىز بېھىشكە كىرىشنى خالامسىز ياكى دوزاخقىمۇ؟

— ھەي، ئوبدان قوشنام، — دەپتۇ ئەپەندىم ئاھ چېكىپ، — نەدە ئىش بولسا شۇ يەرگە...

(تۈرك)

# كۆز ئالدىدا، قولاق ئارقىدا

ئەپەندىم بىرنەچچە ئاغىنىسى بىلەن تال تۈۋىدە قارتا ئويناۋېتىپتىكەن، بىردىنلا ھاۋا بۇزۇلۇپ چاقماق چېقىپ، ئارقىدىن ھاۋا گۈلدۈرلەپ كېتىپتۇ.

ئەپەندىمنىڭ بىر يېتىم ئاقساقال ئاغىنىسى ئەپەندىمدىن سوراپتۇ:

— ئەپەندىم، نېمىشقا چاقماق چاققاندا، ئاۋۋال چاقماقنى كۆرىمىز، ئارقىدىن گۈلدۈرنى ئاڭلايمىز؟

ئەپەندىم سەل ئويلىنىۋېلىپ، ئاندىن جاۋاب بېرىپتۇ:

— چۈنكى كۆز ئالدىدا، قولاق ئارقىدا، شۇڭا...

(تۈرك)

# راست گەپ بىلەن يالغان گەپ

بىر كۈنى بىر توپ ئادەم ئەپەندىمنى ئورىۋېلىپ سوراپتۇ :

— ئەپەندىم، راستىڭىزنى دەڭە، سىز زادى يالغان گەپ قىلامسىز؟

— بەزىدە قىلىپمۇ قويىمەن، — دەپتۇ ئەپەندىم.

— قانداق چاغدا؟

— راست گەپنىڭ يۈزىگە يالغان گەپنىڭ ئۆپىسىنى سۈرۈشكە توغرا كەلگەندە، — دەپتۇ ئەپەندىم.

(قازاق)

# خوراز سوقۇشتۇرۇش بىلەن قوچقار سوقۇشتۇرۇش

چاتاقچى ھەم ئۆسەكچى بىر ئادەم قولىدا يوغان بىر خورازنى كۆتۈرۈپ تۇرۇپ ئەپەندىمدىن سوراپتۇ:

— ئەپەندىم، خوراز سوقۇشتۇرۇش قىزىقمۇ ياكى قوچقار سوقۇشتۇرۇشمۇ؟

— خوراز سوقۇشتۇرۇش بولسۇن، قوچقار سوقۇشتۇرۇش بولسۇن، ئارىغا زىددىيەت تۇغدۇرماسلىق، كىشى بىلەن كىشىنى ئۇرۇشتۇرماسلىق ھەممىدىن ئارتۇق، — دەپتۇ ئەپەندىم.

(قازاق)

# ئەركەكزەدەك بىلىق

ئەپەندىم بىر كۈنى پادىشاھقا بىلىق سوۋغا قىپتۇ. پادىشاھ خۇشال بولۇپ بىر تىللا ئىنئام بېرىپتۇ. بۇنىڭغا ۋەزىرى نارازى بولۇپ:

— تەقسىر، بىر بىلىق ئۈچۈن بىر تىللادىن ئىنئام بەرسىڭىز خەزىنە قۇرۇپ قالىدۇ. تىللانى قايتۇرۇۋېلىڭ، — دەپتۇ.

پادىشاھ تەڭلىكتە قېلىپ:

— تىللانى قايتۇرۇۋالغان بىلەن يۈزىمىز كېتىپ قالارمىكىن، — دەپتۇ.

— بۇنىڭ يولى ئاسان، — دەپتۇ ۋەزىر يول كۆرسىتىپ، — ئەپەندىمنى چاقىرتىپ، «بىلىقىڭىز ئەركەكمۇ، چىشىمۇ؟» دەپ سورايسىز. «ئەركەك» دېسە، «ماڭا چىشى بىلىق كېرەك» دەيسىز، ئەگەر چىشى دېسە، «ئەركەك بىلىق كېرەك» دەيسىز. شۇنداق قىلىپ بىلىقنى بېرىۋېتىسىز ـ دە، تىللانى قايتۇرۇۋالىسىز.

پادىشاھ ئەپەندىمنى چاقىرتىپ كېلىپ:

— ئەكەلگەن بىلىقىڭىز ئەركەكمۇ، چىشىمۇ؟ — دەپ سوراپتۇ.

ئەپەندىم پادىشاھنىڭ نىيىتىنى بايقاپ:

— ئەكەلگەن بىلىقىم ئەركەكـزەدەك بىلىق ئىدى، — دەپ جاۋاب بېرىپتۇ.

ئەپەندىمنىڭ جاۋابى ئالدىدا پادىشاھمۇ، ۋەزىرمۇ ئىلاجسىز قاپتۇ.

(تۈرك)



# گۇۋاھلىق بېرىش

شەھەر قازىسى دەۋا ئىشلىرىنى دائىم يالغان گۇۋاھلىق بەرگۈچىلەرگە تايىنىپ ئېلىپ بارىدىكەن. ئەپەندىم بىر يوقسۇل كىشىنىڭ دەۋاسىغا گۇۋاھلىق بېرىش ئۈچۈن قازىخانىغا كەپتۇ. قازى ئەپەندىمنىڭ راستچىللىقىدىن ئەنسىرەپ، ئەپەندىمنى گۇۋاھلىقتىن ئۆتكۈزمەسلىككە ئامال ئىزدەپتۇ. ئاۋۋال ئۇ:

— گۇۋاھلىقتىن ئۆتۈش ئۈچۈن ئەھلى مۇسۇلمان بولۇش لازىم. قۇرئان ئايەتلىرىنى يادا بىلمەك شەرتتۇر، — دەپتۇ.

ئەپەندىم قازى سورىغان ئايەتلەرنى تولۇق ئوقۇپ بېرىپتۇ. كېيىن قازى ئۆلۈكنى غۇسۇل قىلغاندا ئوقۇيدىغان ئايەتنىمۇ سوراپتۇ، ئەپەندىم ئۇنىمۇ يادا ئوقۇپ بېرىپتۇ.

— بۇلار تېخى كۇپايە قىلمايدۇ، — دەپتۇ قازى، — ئۆلۈكنى يەرلىككە قويغاندا ئوقۇيدىغان تەلقىننى بىلەمسىز؟

— ئۇنىمۇ بىلىمەن، — دەپتۇ ئەپەندىم، — «بەختلىك بەندە ئىكەنسەن، قازىنىڭ ئالدىدا يالغان گۇۋاھلىق بېرىشتىن ئۆلۈپ قۇتۇلدۇڭ» دەيمەن، خالاس.

(ئۇيغۇر)

# كالاچ كىتابى

ئەپەندىم تويغا بارغاندا كالىچىنى قوينىغا تىقىپ تۆرگە چىقىپ ئولتۇرۇپتۇ.

بۇنى كۆرگەن ئىمام:

— موللا نەسىردىن، قوينىڭىزدىكى نېمە؟ — دەپ سوراپتۇ. ئەپەندىم:

— كالاچ كىتابى، — دەپ جاۋاب بېرىپتۇ.

— دۇنيادا «كالاچ كىتابى» دېگەن كىتاب بارلىقىنى ھېچ ئاڭلىمىغانىكەنمەن، بۇ كىتاب قاچان چىققان؟

— مېنىڭ كالىچىم يوقىلىشۇەرگەندىن كېيىن چىققان، — دەپ جاۋاب بېرىپتۇ ئەپەندىم.

(ئۆزبېك)

# پارىغا كەلگەن قوينىڭ ئۇستىخىنى

مىڭبېشىنىڭ كانىيىغا ئۇستىخان تۇرۇپ قېلىپ ئۆلىدىغانغا ئازلا قاپتۇ، كۆرمىگەن تېۋىپ قالماپتۇ، ھېچكىم ئامالىنى قىلالماپتۇ. ئاخىر ئەپەندىمنى ئەسلە-شىپ، ئادەم ئەۋەتىپتۇ. ئەپەندىم ئۆزى كەلمەي، بىر پارچە قەغەزگە بىرنېمە يېزىپ ئەۋەتىپتۇ. مىڭبېشى قەغەزنى ئېچىپ كۆرۈش بىلەن بوينى سوزۇلۇپتۇ ــ دە، ئۇستىخان تامىقىدىن ئۆتۈپ كېتىپتۇ. ئادەملەر ھەيران بولۇپ، قەغەزگە قانداق دۇئا يېزىلغانلىقىنى دەپ قاراش-سا، ئەپەندىم:

«پارىغا كەلگەن قوينىڭ ئۇستىخىنى» دەپ يازغانىكەن.

(ئۆزبېك)

# بىز زالىم

ئەمىر تېمۇر بىر كۈنى ئادەملەرنى يىغىپ:
— مەن زالىم پادىشاھمۇ، ئادىل پادىشاھمۇ؟ — دېگەن سوئالنى ئوتتۇرىغا قويۇپتۇ. «زالىم» دېگەننىمۇ «ئادىل» دېگەننىمۇ ئۆلۈمگە بۇيرۇپتۇ.
ئاخىر ئەپەندىم ئوتتۇرىغا چىقىپ:
— بىز زالىم! خۇدا بىزگە جازا بېرىشكە سىزنى ئەۋەتكەن، — دەپتۇ.
تېمۇرغا بۇ جاۋاب يېقىپتۇ.

(ئۆزبېك)

# ئېشىكىمنىڭ قۇيرۇقى

ئەپەندىم بىلەن قەستلىشىپ يۈرگەن بىر شەيخ ئۇنىڭدىن:

— موللا نەسىردىن، قىزىقچىلىقتىن باشقا ھۈنەرىڭىز بارمۇ؟ — دەپ سوراپتۇ.

ئەپەندىم ياندۇرۇپلا شەيختىن سوراپتۇ:

— خوش، شەيخ تەقسىر، سىزنىڭ قانداق خىسلىتىڭىز بار؟ قېنى، ئاۋۋال سىز ماڭا ئېيتىڭ!

— مېنىڭ خىسلىتىم كۆپ، — دەپتۇ شەيخ، — مەسىلەن، مەن ھەر كۈنى كېچىسى پەيغەمبەر مىراجغا چىققاندا، بىرىنچى بولۇپ ئاسمانغا ئۇچىمەن، پەرىشتىلەر بىلەن مەدھىيە ئېيتىمەن.

— شۇ ۋاقىتتا، — دەپ سۆز قىستۇرۇپتۇ ئەپەندىم، — ئۇستىڭىزدە يەلپۈگۈچكە ئوخشاش بىر نەرسە سىلكىنىپ تۇرامدۇ؟

— ھە، بەللى، — دەپ خۇشال بولۇپ كېتىپتۇ شەيخ.

— ئەنە شۇ ئېشىكىمنىڭ قۇيرۇقى، — دەپتۇ ئەپەندىم.

(ئۆزبېك)

# خۇدانىڭ ئەمرى

ئەپەندىم باشقا بىر شەھەرگە بېرىپ بىر سارايغا چۈشۈپتۇ. كەچقۇرۇن ئۆينىڭ تورۇسى ۋە تاملىرى چىرسىلداشقا باشلاپتۇ. ئەپەندىم سارايۋەنني چاقىرىپ:

— ئۆيىڭىزنىڭ تورۇس ـ تاملىرى ئامانەت تۇرغاندەك قىلىدۇ، يېتىشقىمۇ قورقۇۋاتىمەن، ئۇستا چاقىرىپ تىرەك قويدۇرسىڭىز قانداق؟

— قورقماڭ، — دەپتۇ سارايۋەن، — خۇدانىڭ ئەمرى بولمىسا يىقىلمايدۇ.

— چارسىلداشقا ئەمىر قىلمىغان خۇدا، ئۆرۈلۈپ چۈشۈشكىمۇ ئەمىر قىلمامدىكىن دەپ قورقىمەن، — دەپتۇ ئەپەندىم.

(ئۆزبېك)

## بىر سودىگەر كۆردۈم

ئەپەندىم بىر باينىڭ مېھمانخانىسىغا كىرسە، خان ئەمەلدارلىرى، ئۆلىمالار، بايلار، قازىلار پاراڭلىشىپ ئولتۇرۇشقانىكەن، ئۇلار ئەپەندىمنى كۆرۈش بىلەنلا كۇلۇشۇپ، ئۇنىڭدىن بىر لەتىپە ئېيتىپ بېرىشنى تەلەپ قىپتۇ، ئەپەندىم ماقۇل دەپ لەتىپىنى باشلاپتۇ:

— مەن بىر سودىگەرنى كۆردۈم، ئۇنىڭ تۆت تۈگە مېلى بار ئىكەن. «بۇ ماللارنى كىمگە ساتىسىز؟» دەپ سورىسام، ئۇ، «ئەمەلدارلارغا، ئۆلىمالارغا، بايلارغا ۋە قازىلارغا ساتىمەن» دەپ جاۋاب بەردى.

— ئۇ قانداق مـاللار ئىكەن؟ — دەپ سوراپتۇ ئۇلارنىڭ بىرى.

— بىر تۆگە مېلى زۇلۇم ئىكەن، بۇنى ئەمەلدارلارغا ساتارمىش، بىر تۆگە مېلى خىيانەت ئىكەن، بۇنى بايلارغا ساتارمىش، بىر تۆگە مېلى غەيۋەت - شىكايەت ئىكەن، بۇنى ئۆلىمالارغا ساتارمىش، بىر تۆگىسى ھىيلىگەرلىك ۋە پارىخورلۇق ئىكەن، بۇنى قازىلارغا ساتارمىش.

— قانداق سودىگەر ئىكەن ئۇ؟ — دەپ ھەيران بوپتۇ قازى.

— شەيتان، — دەپتۇ ئەپەندىم.

(ئۆزبېك)

## ئىتنىڭ ۋەسىيىتى

ئەپەندىمنىڭ ياخشى كۆرگەن ئىتى ئۆلۈپ قاپتۇ. ئەپەندىم ئۇنى مەھەللىدىكىلەرگە بىلدۈرمەستىن كېچەدە گە ئوراپ، تاۋۇتقا سېلىپ، مەسچىتتە نامىزىنى چۈشۈرۈپ قەبرىستانغا ئاپىرىپ كۆمۈپتۇ.

كېيىن، ئىمام باشلىق مەھەللە چوڭلىرى بۇ ئىشتىن خەۋەر تېپىپ، ئەپەندىمنى قازىخانىغا چاقىرتىپتۇ.

— خۇدانىڭ قۇدرىتى بىلەن، — دەپتۇ ئەپەندىم، — ئىتىم ئۆلۈم ئالدىدا تىلغا كىردى.

— ھە، ئىتىڭىز تىلغا كىرىپ نېمە دېدى؟ — دەپ سوراپتۇ ئەپەندىمدىن قازى.

— خۇدانىڭ قۇدرىتى بىلەن ئىتىم تىلغا كىرىپ، «مەن ئۆلسەم ئۆلۈكۈمنى كېپەنگە ئوراپ، نامىزىمنى چۈشۈرۈپ كۆمۈڭ» دېدى. مەنمۇ بۇ ئىت قىياپىتىگە كىرگەن ئەۋلىيالاردىن بولسا كېرەك دەپ ئېيتقىنىنى قىلدىم.

— ئىت يەنە نېمە دېدى؟ — دەپ سوراپتۇ قازى يەنە.

ئەپەندىم قازىنىڭ مۇددىئاسىنى چۈشىنىپ مۇنداق جاۋاب بېرىپتۇ:

— ئىتىم ئېيتتىكى، «بىر چاغدا پالان جايغا ئەل-لىك تەڭگە پۇل كۆمۈپ قويغانىدىم، مەن ئۆلگەندىن كېيىن شۇ پۇلنى ئېلىپ، يېرىمىنى قازى ئاكامغا بې-رىڭ» دېدى.

ئەپەندىم يېنىدىن خالتىغا سېلىنغان تەڭگىلەرنى ئېلىپ قازىغا ئۇزىتىپتۇ.

قازى بۇ جاۋابقا تولۇق قانائەتلىنىپ، ئەپەندىم ئۇستىدىكى دەۋانى ئاياغلاشتۇرۇپتۇ.

(ئۆزبېك)



# ئۆلمىگەن بىزنىڭ جېنىمىز

ئەمىر تېمۇر بىر كۈنى ئەپەندىمنىڭ ئالدىدا ئەينەككە قاراپ ئۆزىنىڭ سەتلىكىدىن شىكايەت قىلىپ:

— قارا، — دەپتۇ ئەپەندىمگە، — ئادەممۇ شۇنداق سەت بولامدۇ؟

— بىر قېتىم ئەينەككە قاراپ شۇنچە خاپا بولىسىزۇ، ئۆلمىگەن بىزنىڭ جېنىمىز: ھەر كۈنى سىزنى ئون قېتىم كۆرسەكمۇ چىداپ يۈرۈۋېرىمىز، — دەپ جاۋاب بېرىپتۇ ئەپەندىم.

**(ئۆزبېك)**

# ئىككى پەيغەمبەر

ئەپەندىم مۇدەررىسنىڭ يېنىدا ئولتۇرغىنىدا، بىر پوپ كېلىپ مۇدەررىستىن سوراپتۇ:

— ئاسمانغا — خۇدانىڭ ئالدىغا چىقىش ئۈچۈن بەش يىل يۈرۈش كېرەك دەيسىلەر. خوش، مۇھەممەد پەيغەمبەر خۇدانىڭ ئالدىغا چىققاندا قانداق شوتا بىلەن چىققان؟ — دەپ سوراپتۇ.

مۇدەررىس پوپنىڭ بۇ سوئالىغا جاۋاب بېرىشكە ئاجىزلىق قىلىپ ئەپەندىمگە قاراپتۇ.

ئەپەندىم شۇ زامانلا:

— شۇ سىلەرنىڭ ئەيسا پەيغەمبىرىڭلار چىققان يوغان شوتىدا چىققاندۇ! — دەپ جاۋاب بېرىپتۇ ئەپەندىم.

(ئۆزبېك)

# ئەيسا ۋە ئىمام

ئەپەندىم بىر يېزىغا ئىمام بولۇپ قاپتۇ. بۇ يېزىدىنىڭ ئادەملىرى دىندار بولسىمۇ، ئىمامغا ھىممەتسىز ئىكەن. ئەپەندىم ئاچ قېلىپ، ئۆز جامائىتىنى ئېرىتمەكچى بوپتۇ. شۇ مەقسەتتە گەپنى پەيغەمبەرلەردىن باشلاپ، ئەيسا پەيغەمبەرنىڭ تۆتىنچى ئاسمانغا چىقىپ كەتكەنلىكىنى دەپتۇ.

— ئەيسا پەيغەمبەر ھازىرمۇ تۆتىنچى ئاسماندىمۇ؟ — دەپ سوراپتۇ نامازخانلاردىن بىرى.

— ھە...

— تەقسىر، ئۇ كىشى تۆتىنچى ئاسماندا بولسا، نان - سۇلىرىدىن كىم خەۋەر ئېلىپ تۇرىدۇ؟

— قىزىق ئادەم ئىكەنسىز! تۆتىنچى ئاسماندىكى ئەيسانىڭ غېمىنى يېگۈچە، ئالدىڭىزدىكى ئىمامىڭىزنىڭ ھالىنى سورىسىڭىزچۇ! — دەپتۇ ئەپەندىم.

(ئۆزبېك)

# ئەپەندىم ۋە ئىمام

ئىمام ئەپەندىمدىن:

— ئەپەندىم، شەيتاننىڭ خوتۇنىنىڭ ئېتى نېمە؟ — دەپ سوراپتۇ.

ئەپەندىم كىتابنى كۆرۈپ چىقىپ:

— ئۇلارنى ئۆزىڭىز نىكاھ قىلغانىكەنسىزغۇ، ئۆزىڭىز بىلمەمسىز؟ — دەپ جاۋاب بېرىپتۇ.

**(ئۆزبېك)**

# چاكىرى شۇنداق دانا بولسا...

بىر ياش موللىنىڭ يېشەلمىگەن بىرقانچە مەسىلە-لىرى بار ئىكەن. ئۆزى ئوقۇۋاتقان مەدرىسىدىكىلەر-مۇ، ئۇنىڭ ئەتراپىدىكى موللىلارمۇ بۇ مەسىلىلەرنى يېشىپ بېرەلمەپتۇ. بىرى ئۇنىڭغا، «موللا نەسىردىننى تېپىڭ، مەسىلىلىرىڭىزنى بەلكىم شۇ يېشىپ بەرسە ئەجەب ئەمەس» دەپتۇ. ياش موللا قوينىغا ئون تال ئانارنى سېلىپ، ئەپەندىمنىڭ يېزىسىغا يول ئاپتۇ.

ئەپەندىم ئېتىزدا تېرىلغۇلارنى سۇغىرىپ يۈرگەندە-كەن، ياش موللا ئۇنى تونۇماستىن مەھەللىسىنى سوراپتۇ.

— مەن ئەپەندىمنىڭ چاكىرى بولىمەن، — دەپتۇ ئەپەندىم، — ئولتۇرۇڭ، دەم ئېلىڭ، كەچقۇرۇن بىللە بارىمىز.

ياش موللا ماقۇل بوپتۇ. ئەپەندىمنىڭ كۆزى ياش موللىنىڭ قوينىدىكى ئانارلارغا چۈشۈپتۇ.

— ئانارلارنى نېمە ئۈچۈن كۆتۈرۈپ يۈرىسىز؟ — دەپ سوراپتۇ ئەپەندىم.

ياش موللا ئەپەندىمنى ئىزدەشتىكى مەقسىتىنى ئېيتىپتۇ:

— ھەربىر مەسىلىگە بەرگەن جاۋابى ئۈچۈن بىر تال ئانار بېرىمەن.

— قېنى، بولمىسا مەسىلىلىرىڭىزدىن بىر - ئىككىسىنى ئاۋۋال ماڭا ئېيتىپ كۆرۈڭ، ئانارغا ئەرزىمەدۇ، يوق، — دەپتۇ ئەپەندىم.

ياش موللا ماقۇل دەپ مەسىلىلىرىنى قويۇشقا باشلاپتۇ. ھەش - پەش دېگۈچە ئون تال ئانار ئەپەندىمنىڭ قولىغا ئۆتۈپ بوپتۇ. ياش موللا ئون بىرىنچى مەسىلەنى قويماقچى بوپتىكەن، ئەپەندىم ئۇنىڭ قوينى بوش بولۇپ قالغىنىنى كۆرۈپ:

— نېسىگە جاۋاب يوق! — دەپتۇ.

— ئەپەندىمنىڭ چاكىرى شۇنداق دانا بولسا، ئۆزى قانچىلىكتۇ؟ — دەپ شەھەرگە قايتىپ كېتىپتۇ ياش موللا.

**(ئۆزبېك)**

# ئاغرىق يوقلاش

ئەپەندىم تۇيۇقسىز ئاغرىپ قاپتۇ، ئاغرىغاندىمۇ خېلى قاتتىق ئاغرىپ، ئورۇن تۇتۇپ يېتىپ قاپتۇ. قولۇم - قوشنا، يار - بۇرادەرلىرى يوقلاپ كەپتۇ. ئاغرىق يوقلاپ كەلگەن بۇ كىشىلەر ئۇنى سوراپ، بۇنى سوراپ، ئاغزى بېسىلماپتۇ، لېكىن ئەپەندىمنىڭ ئاغرىقىنى سوراشنى پۈتۈنلەي ئۇنتۇپتۇ. ئاغرىقنىڭ ئازابىدىن ئەپەندىمگە ئۇلار بىلەن پاراڭلىشىش نەدە خۇشياقسۇن؟ ئۇلارغا بىر نەرسە دەي دېسە يۈز كېلەلمەپتۇ.

قايتىش ئالدىدا كىشىلەر يەنە ئۇنى دەپ، بۇنى دەپ ئەپەندىمدىن يەنە سوراپتۇ:

— ئەپەندىم، بىز قىلىشىپ بېرىدىغان يەنە قانداق ئىش - كۈشلىرىڭىز بار؟ يەنە قانداق ئارزۇيىڭىز بار؟

ئەپەندىم ئاڭلاپ، دەرھال جاۋاب بېرىپتۇ:

— رەھمەت، سىلەرنىڭ ياخشى كۆڭلۈڭلارغا، مېنىڭ بىرلا ئارزۇيۇم بار، ئۇ بولسىمۇ، بۇنىڭدىن كېيىن ئاغرىق يوقلىغاندا، گەپنى ئاز قىلساڭلار!

**(تۈرك)**

# ئاخىرقى ئارزۇيۇم

پادىشاھ ئەپەندىمنىڭ ئاغرىپ قالغانلىقىنى ئاڭلاپ يوقلاپ كەپتۇ. پادىشاھ ئورۇن تۇتۇپ ياتقان ئەپەندىمگە:

— ئەپەندىم، نېمە ئارزۇيىڭىز، نېمە ئىشىڭىز بولسا، ماڭا ئېيتىڭ! — دەپتۇ.

— تەقسىر، مېنىڭ بىرلا ئارزۇيۇم بار، مەن ئۆلگەندىن كېيىن، مېنىڭ ياماق پەرجەمنى كىيىپ، ئېشىكىمنى مىنىپ، تىلەمچى ۋە يوقسۇللار ئولتۇرغان جايلارغا بېرىپ ئايلىنىپ كېلىشلىرىنى سورايمەن، مېنىڭ ئەڭ ئاخىرقى ئارزۇيۇم شۇ، — دەپتۇ ئەپەندىم دەرمانسىز ھالدا پادىشاھقا.

پادىشاھ ئەپەندىمنىڭ تەلىپىگە ماقۇل دەپتۇ. بىرنەچچە كۈن ئۆتكەندىن كېيىن ئەپەندىم ئالەمدىن ئۆتۈپتۇ. شۇنىڭ بىلەن، پادىشاھ ئەپەندىمنىڭ ئارزۇسى بويىچە، ئەپەندىمنىڭ ياماق پەرجىسىنى كىيىپ، ئېشىكىنى مىنىپ، يوقسۇللار ۋە تىلەمچىلەر ئولتۇرغان جايلارغا قاراپ مېڭىپتۇ.

تىلەمچىلەر ۋە يوقسۇللار ئەپەندىمگە ئوخشاش بىر ئادەمنىڭ كېلىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ، خۇشاللىق بىلەن

گۇرۇلدەپ شۇ ئادەمنىڭ ئالدىغا يۈگۈرۈپتۇ ۋە:

— بىزنىڭ ئەپەندىم قايتىپ كەپتۇ، ئۇ ئۆلمەپتۇ، تېخى هايات ئىكەن! — دەپ چۇقان كۆتۈرۈپتۇ خۇشاللىقىدا.

كىشىلەر خۇشاللىقىدا سەكرەپ، تاقلاپ چۇقان كۆتۈرۈپتۇ. ئەمما، ئېشەك مىنگەن كىشى يېقىن كەلگەندە قارىسا، ئەپەندىم ئەمەسكەن. خۇشاللىق كەيپىيات بىردەمدىلا لاسىدە بۇرۇنقى جىمجىتلىق هالەتكە چۈشۈپ قاپتۇ. كىشىلەر قاتتىق ئۈمىدسىزلىنىپ، چەكسىز پەرىشان بولۇپ، مەيۈس هالدا كېتىپ قاپتۇ. بۇ چاغدا ئارىدىن بىرى چىقىپ:

— ئاھ خۇدا، بىزنىڭ باشپاناهىمىز ئەپەندىم ئەمدى ئارىمىزغا كەلمەيدۇ! — دەپ ئۈنلۈك ۋارقىراپتۇ.

دەل شۇ چاغدا، پادىشاھ خەلقنىڭ چىن قايغۇسىنى بىلىپتۇ.

(ئۆزبېك)

# ۋەسىيەت

ئەپەندىم ئۆرنىدا يېتىپ جان ئۈزۈشكە ئازلا قاپتۇ. ئەتراپىدىكىلەر:

— ئەپەندىم، چاقچان بىر ۋەسىيەت قالدۇرۇڭ، شەرئەت قائىدىسى بويىچە، سىزنىڭ مال - مۈلۈك ۋە پۇل - پۇچەكلىرىڭىزنى بالا - چاقىلىرىڭىزغا قانداق بۆلىمىز؟ — دەپتۇ.

— مېنىڭ ھېچ نەرسەم يوق، پەقەت بىرلا روھىم بار، — دەپتۇ ئەپەندىم ئارقىدىنلا يەنە، — بالا - چاقىلىرىمغا قالدۇرىدىغان ھېچنېمەم يوق، مېنىڭ روھىمنى يوقسۇللارغا قالدۇرۇشىلا. بالا - چاقىلىرىم كۆڭلىنى يېرىم قىلمىسۇن، — دەپتۇ ئەپەندىم كۆزىنى ئاستا يۇمۇپ.

(تۈرك)

# ئەقىلگە ۋارىسلىق قىلىش

ئەپەندىم قېرىپ قاپتۇ، بىر كۈنى ئوغلى غەمكىن هالدا شۇنداق دەپتۇ:

— دادا، كۈنلەردىن بىر كۈنى سىز كېتىپ قالسىڭىز، سىزنىڭ قاندىاق مۈلكىڭىزگە ۋارىسلىق قىلىمەن؟

ئەپەندىم بىردەم ئويلىنىۋېلىپ، ئىچىگە چوڭقۇر بىر تىنىپ:

— بالام، مېنىڭ بىرىنچىدىن، مال - مۈلكۈم يوق، ئىككىنچىدىن، يەر - زېمىنىم يوق. ئەمما، سەن كۆڭلۈڭنى يېرىم قىلما. مەن كېتىپ قالغاندىن كېيىن، ئەقلىمگە ۋارىسلىق قىلغىن، — دەپتۇ.

(ئۇيغۇر)

# ئەمگەككە تايىنىپ مېۋە ئېلىش

ئەپەندىمنىڭ تۆت ئوغلى بار ئىكەن، ھەممىسى ياشانغان دادىسىغا ئانچە ۋاپادار ئەمەس ئىكەن، يەنە كېلىپ بەك يالقاۋ ئىكەن. ئەپەندىم ئۇلارنى قاتتىق بىر ئەدەپلەشنى ئويلاپتۇ ـ دە، ھەر بىر ئوغلىغا ئايرىم ـ ئايرىم شۇنداق دەپتۇ:

— جېنىم بالام، مەن ساڭا ھەممىدىن بەك كۆيۈندە. مەن. ساڭا شۇنداق بىر سىرنى ئېيتىپ قويايكى، قال. غانلارغا ھەرگىز ئېيتىپ قويما. مەن بىزنىڭ باغدىكى بىر تۈپ كۆچەتنىڭ تۈۋىگە بىر قۇتا تىللا كۆمۈپ قويە. دۇم. مەن ئۆلگەندىن كېيىن، تۇيدۇرماستىن قۇتىنى كولاپ ئال، بۇ مېنىڭ ساڭا قالدۇرغان مىراسىم. ئەمما، شۇنىڭغا قاتتىق دىققەت قىلغىنكى، كۆچەتنىڭ يىلتىزىنى كوچىلىۋەتمە، ئاۋۋال كۆچەتنىڭ تۈۋىگە بىرئاز سۇ قۇيۇپ كولىساڭ ئاسان كولىنىدۇ.

شۇنداق قىلىپ، تۆت ئوغۇل دادىسىغا جىم ـ جىم ۋاپادارلىق قىلغىلى باشلاپتۇ، يەنە كېلىپ بىر ـ بىرى. دىن چاققانلىشىپ كېتىپتۇ.

ئارىدىن ئۇزاق ئۆتمەيلا، ئەپەندىم ئاخىر بۇ دۇنيا. دىن كۆز يۇمۇپتۇ. ئەتىسى كېچىدە، تۆت ئوغۇل بىرى

بىر دىن كەتمەننى ئېلىپ باغقا كىرىپتۇ ـ دە، دادىسى دېگەن ھېلىقى كۆموكلۈك تىللا قۇتىسىنى كولاپ تاپ-ماقچى بوپتۇ. ئۇلار بىر ـ بىرىنى كۆرۈپ، ئىشنىڭ تېگىگە يېتىپتۇ. شۇنىڭ بىلەن تۆتەيلەن مىراسنى تەڭ بۆلۈشمەكچى بوپتۇ. ئۇلار دادىسىنىڭ ئېيتقىنى بويى-چە، ھەربىر تۈپ كۆچەتنىڭ تۈۋىگە سۇ قۇيۇپ كولاشقا باشلاپتۇ. ھەممە كۆچەتنىڭ تۈۋىنى كولاپ كۆرۈپ چى-قىپتۇ، ئەمما تىللا قۇتىسىنى تاپالماپتۇ، ئەڭ ئاخىرقى بىر تۈپ كۆچەتنىڭ تۈۋىدىن بىر تال تاشنى تېپىۋاپتۇ، تاشقا: «ئۆزۈڭلارنىڭ ئەمگىكىڭلارغا تايىنىپ مېۋە ئې-لىڭلار» دەپ يېزىپ قويۇپتۇ.

ئۇلار ئاخىر بۇنىڭدىكى سىرنىڭ تېگىگە چۈشىنىپ يېتىپتۇ. كۈز كەلگەندە، ھەممە كۆچەتلەرگە ساڭگول ـ سۇڭگول مېۋە چۈشۈپتۇ.

(ئۇيغۇر)

# ئاستىغا ئۆرۈپ قويۇش كېرەك

— ئەپەندىم، سىز ئۆلگەندە سىزنى قانداق كۆمۈش-نى خالايسىز؟ — دەپ سوراپتۇ ئەپەندىمدىن بىر ئاغىنىسى.

— بېشىمنى تۆۋەن قىلىپ كۆمسىكەن دەيمەن. چۈنكى، بىز بۇ دۇنيادا يول ماڭساقتۇر، ئىش قىلساق-تۇر، بىر - بىرىمىزنى ئۆلتۈرۈشسەكتۇر، ھوقۇق تالاشساقتۇر بېشىمىزنى ئۈستۈن قىلىۋالىمىز. مېنىڭ-چە، ئۇ دۇنياغا بارغاندا، ئۇنى ئاستىغا ئۆرۈپ قويۇش كېرەك، — دەپتۇ ئەپەندىم.

(ئۆزبېك)

Document generated by Anna’s Archive around 2023-2024 as part of the DuXiu collection (https://annas-blog.org/duxiu-exclusive.html).

Images have been losslessly embedded. Information about the original file can be found in PDF attachments. Some stats (more in the PDF attachments):
{
"filename": "NDAxODc1NjYuemlw",
"filename_decoded": "40187566.zip",
"filesize": 18503881,
"md5": "dde9a4cdbb792910f588e83cbd8663c6",
"header_md5": "db26c46259fa13602e28918bddb06c9c",
"sha1": "52a64b252210d34f8ed4a75e54d1bb2bab3ba7ae",
"sha256": "b6508e6ad69b94432a347677a04a18744e8c26d6ec105a03d5d4e27e7a39d0cb",
"crc32": 3647395466,
"zip_password": "",
"uncompressed_size": 21007498,
"pdg_dir_name": "\u2591\u00f3\u2556\u2593\u2560\u00df\u2568\u00aa\u2557\u2591\u2524\u2264\u255a\u00bd 1 \u2561\u250c2\u2591\u00b5 \u256c\u00bc\u256c\u00df\u2562\u221a\u2559\u2229_40187566",
"pdg_main_pages_found": 484,
"pdg_main_pages_max": 484,
"total_pages": 507,
"total_pixels": 1859175680,
"pdf_generation_missing_pages": false
}